شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

# چىرا ناھىيە يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى

新疆维吾尔自治区

# 策勒县地名图志

(ئىچكى ماتىريال)

内部资料




چىرا ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

1985 - يىل ئاپرىل

策勒县地名委员会

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈستىدىن نەزەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«چىرىيە ناھىيەسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى توپلىمى» نىڭ
نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىدىغانلىقىدىن بەك خۇشال بولدۇم. كىتاب-
نىڭ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىشىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن،
كىتاب چىرىيەنىڭ تارىخى، مەشھۇرلىرى، جۇغرا-
پىيىلىك ئورنى، ئىگىلىشلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ... تەتقىق
قىلىنىپ يېزىلغان 165 پارچە ... تەرتىپلىك
ئورۇن جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرىنى ئىلمىي ... 
ئېنىقلاپ ... بېكىتىلگەن ... چىرىيە
نىڭ ئۆتمۈشى ... ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە
پايدىلىق ... 16 ... چىرىيەنىڭ ... 
تىنىتىشتە ... ئەھمىيەتكە ئىگە. ... كىتابنىڭ
... ئۆز رولىنى ... تارقىتىشقا
تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمايىل ئەھمەد

86. يىل 15. ئاي.

(دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەتنىڭ بېغىشلىمىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

出版《策勒县地名图志》，我很高兴，在此谨致以衷心地祝贺！

这本书对策勒的历史沿革、语言、地理进行了细致地研究和分析，用科学的方法纠正和统一了过去在使用地名中存在的许多混乱问题。这对于我们进一步了解策勒的过去和现状，对加速策勒的建设都具有重要的意义。

我希望此书能受到有关方面和读者的欢迎。

司马义·艾买提

一九八六年五月十五日

（国家民族事务委员会主任：司马义·艾买提同志题词译文）

# مۇقەددىمە

ئىسمايىل تاشمەت

(ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

چىرا ناھىيىسى — ئۇزاق تارىختا ئىگە بىر بوستانلىق بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسما يىل ئەمەتنىڭ يۇرتى. بۇ جاي — كۇئېنلون تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان. يەنى «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىتىكى مۇھىم يولى بولغىنى ئۈچۈن، تارىختا جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئالماشتۇروشلار بولغان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ زېمىندا جاپالىق ئىشلەپ ئاۋۇشى ۋە تىرىكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان يەر — جاي ناملىرى قېپ قالغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىشى، مەمۇرى رايونلارنىڭ كۆپ قېتىم ئايرىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىدىن يەنە نۇرغۇن يەر ناملىرى قوشۇلدى. شۇ تۈپەيلىدىن بىرلا يەرنىڭ كۆپ خىل نامى بولۇش، بىر خىل نامنى كۆپ خىل يېزىش، نامى ئەسلىگە توغرا كەلمەسلىك، مەنىسى ئېنىق بولماسلىق، ئاھاڭ تەرجىمىسى توغرا بولماسلىق، يېزىقتا قوللىنىش جايىدا بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇمۇميۈزلۈك ساقلاندى.

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، يەر نامىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش زۆرۈر بولۇپ، يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى مانا شۇ يەردە.

يەر ناملىرى خىزمىتى — ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىك، سىياسەتچانلىق، ئىلمىلىككە ئىگە خىزمەت. بىز گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يۇقۇرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلىقى، كەسپىي تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىگىدە، كۈچ ئاجرىتىپ، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق بۇ خىزمەتنى تاماملىدۇق.

بۇ، قېتىمقى يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش بولۇپ، بۇ، تارىخى، رېئاللىنى ۋە قانۇنى ئەھمىيەتكە ئىگە

بولغان بىر ئاساسى قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەتكە قاتناشقان يولداشلار «مەملىكەت بويىچە يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئائىت بىر قانچە بەلگۈلىمە» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش تەپسىلى پىرىنسىپلىرى»دىكى تەلەپكە ئاساسەن، دۆلەت، خەلق، تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، جاپالىق ئىشلەپ، يەر ناملىرى خەرىتىسى، يەر ناملىرى جەدۋىلى، ماتېرىيال كارتوچكىسى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئاساسىدا «چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىقتى.

«چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» كوللېكتىپ سىڭدۈرگەن ئەجىرە مېۋىسى بولۇپ، ئاممىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭ نەشر قىلىنىشى چىرا ناھىيەسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىجابى رول ئويناپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# بېغىشلىما

ئابدۇقادىر توختى

(چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)

تۆتنى زامانۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن، گوۋۇيۇەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشغا ئاساسەن، ئەككى يىلدەك جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق ناھىيىمىزنىڭ «يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى.

بۇ تەزكىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى، ناھىيىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى جاري قىلدۇرۇپ، ناھىيىمىزنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، خەلقىمىزنى تېخىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر يەرنىڭ نامى كۆپ خىل بولۇش، بىر خىل نامنى كۆپ خىل يېزىش، نامى ئەسلىگە توغرا كەلمەسلىك، مەنىسى ئېنىق بولماسلىق، ئاھاڭ تەرجىمىسى توغرا بولماسلىق، يېزىقتا قوللىنىش جايىدا بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈگىتىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ، تەزكىرە ناھىيىمىزنىڭ تارىخىنى، تىلىنى، جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلىم پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1985 - يىلى نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى

# كىرىش سۆز

«چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» يەر ناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 3- قېتىملىق يەر ناملىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شەھەر، ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى تۈزۈش تىزىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن تۈزۈلدى.

گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1983- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1984- يىلى 9- ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيىمىزدە يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ رەتلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئاساسى جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، بەزى جايلارنىڭ نامى بولماسلىق ۋە بەزىلىرىنىڭ نامى جايىدا بولماسلىقتەك ئەھۋاللار پەرقلەندۈرۈلۈپ، يەرلەرگە نام بېرىش، يەرلەرنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئىشلەندى. شۇ ئارقىلىق بىر يەرنىڭ نامى كۆپ خىل بولۇش، مەنىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، بىر خىل يەر نامىنى كۆپ خىل يېزىش، ئاھاڭ تەرجىمىسى توغرا بولماسلىق، يېزىقتا قوللىنىش جايىدا بولماسلىق، نامى تەكرار بولۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىندى.

«چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى تۈزۈشتىكى مەقسەت — ناھىيە بويىچە يەر ناملىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يەر ناملىرى ماتېرىياللىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە قۇلايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.

«چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ئايرىلغان يېڭى مەمۇرى رايونلار بويىچە تۈزۈلدى. بۇنىڭغا جەمئى 6 چوڭ تۈردىكى 775 يەر نامى كىرگۈزۈلدى. يەنى: مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئاھالىلار رايونى نامى، كەسپى تارماقلار ۋە ئورۇنلار نامى، سۇنئى قۇرۇلۇشلار نامى، تەبىئى جۇغراپىيەلىك جىسىملار نامى، ئاسارە، ئەتىقىلەر نامى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتىنىڭ يەر نامى. بۇ يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاھاڭىنى ۋە خېتىنى توغرىلاپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ، ھازىر يولغا قويۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇدىغان ئۆلچەملىك يەر نامى بولۇپ، قانۇنى خاراكتېرگە ئىگە.

«چىرا ناھىيە يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئىشلىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ 1984 ـ يىلى ئاخىرىسىدىكى مەلۇماتىدىن ئېلىندى. سىزىلغان يەر ناملىرى خەرىتىسىدىكى مەمۇرى رايونلارنىڭ چېگرا سىزىقى رەسمى ئايرىپ بېكىتىلمىگەن. شۇڭا بۇ، چېگرا سىزىقىنىڭ ئاساسى بولمايدۇ، بەزى يەر نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى پىكىرلەر خىلمۇ ـ خىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلدى. پايدىلانساق بولۇدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كەنت، دېخانچىلىق ـ چارۋىچىلىق نوختىلىرىنىڭ نوپۇس ساندا مىللەت ئەسكەرتىلمىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنى كورسىتىدۇ.

«چىرا ناھىيە يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىشى ـــ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشى، دۆلەت مۇداپىيە قۇرۇلۇشى، خەلقئارالىق بېرىپ كېلىش، پوچتا تېلېگىراف خەۋەرلىشىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىنى ئىشەنچلىك ماتېريال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇنىدىن كىيىن تارماقلار، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر يەر نامىلىرىنى قوللانغاندا، بىردەك «چىرا ناھىيە يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى» ئۆلچەم قىلىشى لازىم. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسىنىڭ تەشكىلى رەسمىيەت ئارقىلىق تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەققى يوق. ئومۇمەن يەرلەرگە نام بېرىش، ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگۈلىمىسىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش رەسمىيتىنى بېجىرگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

چىرا ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى
1985 ـ يىلى 25 ـ مارت

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز
چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ كۆرۈنۈشى
چىرا ناھىيە يەر نامىلىرى خەرىتىسى
چىرا ناھىيە سۇ سىستىمىسى ۋە قاتناش خەرىتىسى
چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ........................................ ( 1 )
چىرا ناھىيە مەمۇرى رايونلىرىنىڭ تارىخى ئۆزگۈرىشى ........................................ ( 8 )

## مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئاھاللار رايونىنىڭ نامى

چىرا بازىرى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كوچا، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق، نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 13 )
چىرا يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 25 )
گۈلاخما يېزىسى (يەرنامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 43 )
دامىكۇ يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 57 )
چاقا يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 71 )
ئۇلۇغساي يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى. تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 93 )
نۇرى يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ ( 99 )
بوستان يېزىسى (يەر نامىلىرى خەرىتىسى، ئومۇمى ئەھۋالى، كەنت كومىتېتى، تەبىئى كەنتە، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق نوختىلىرى نامى) ........................................ (117)

## كەسپىي تارماقلار ۋە ئورۇنلار نامى

مۇھىم يەر نامىلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ........................................ (131)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(دىخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ئەترەتلىرى، زاۋۇت، كان، دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق كارخانا، كەسپى ئۇرۇنلار، مەمۇرى ئۇرۇنلار، ئىستانسىسى، پونكىت، ئۇچاستىكا نامى)........................................ (142)

## سۇنئى قۇرۇلۇشلار نامى

مۇھىم يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى.................................... (153)
(سۇ ئامبىرى، ئۆستەڭ، زاكۇ، كۆۋرۈك، تاشيول، قۇدۇق نامى)..................... (162)

## تەبئى جۇغراپىيەلىك جىسىملار نامى

مۇھىم يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى.................................... (169)
(تاغ، چوققا، تاغ ئېغىزى، ئۆڭكۈر، دەريا، كۆل، بۇلاق، جىلغا، قۇملۇق، چۆل، يايلاق، مۇزلۇق، يەر پارچىلىرى نامى)........................................ (174)

## ئاسارە-ئەتىقىلەر نامى

مۇھىم يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى.................................... (195)
(قەدىمى خارابە، قەدىمى مازار ناملىرى)........................................ (202)

## ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يەر نامى

(ئومۇمى ئەھۋالى، كەنىتە، بازار نامى، مەمۇرى، كارخانا، كەسپى ئۇرۇنلار، تاشيول، ئۆستەڭ نامى)........................................ (205)

## سورەتلەر
## يەر ناملىرى توغرىسىدىكى خاتىرلەر

ھۆكۈمەتنىڭ يەرلەرگە نام بېرىش، يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىش، ئۆلچەملىك يەر ناملىرىنى قوللۇنۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلىرى........................................ (215)
يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت خۇلاسىسى........................................ (218)
مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى-كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلى........................................ (226)
قوشۇمچە........................................ (232)
ئۆلچەملىك يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما كۆرسەتكۈچى........................................ (233)
ئاخىرقى خاتىرە........................................ (261)

# چرا ناهێیه یەر ناملری خەرتسی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چىرا ناھىيە سۇسىستېمىسى ۋە قاتناش خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبى تەرپى، كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىگى، تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ جەنۇبى چىتكە جايلاشقان. ئورنى شىمالى پاراللىل ′18°35 — ′30°39. شەرقى مېرىدىئان ′03°80 — ′10°82 ئارلىغىدا. جەنۇپتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 468 كىلومىتر، شەرقتىن غەرپكىچە بولغان كەڭلىگى تەخمىنەن 35 — 121 كىلومىترچە كېلىدۇ. ئومۇمى يەر مەيدانى تەخمىنەن 32430 كۋادرات كىلومېتر. ئورۇمچى بىلەن بولغان تۈزلىنىيە ئارلىغى 960 كىلومېتر. جەنۇبى تەرىپى شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى جەنۇبى تەرپى خوتەن بىلەن، غەربى تەرپى لوپ بىلەن، شەرقى تەرپى كېرىيە بىلەن، شىمالى تەرپى ئاقسۇ ناھىيىسى ۋە شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. پۈتۈن ناھىيە تەۋەلىكىدە 1 بازار، 7 يېزا، 120 كەنت كومىتېتى، 218 تەبىئى كەنتە، ناھىيە باشقۇرغان 3 دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى بار، ناھىيە بويىچە جەمئى 26207 ئائىلە، 101,464 نوپوس بار. (بۇ بىڭتۇەن خوتەن 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 2385 نوپۇسى، ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت ۋە ئاھالىلارنىڭ 6162 نوپۇسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ناھىيە بويىچە 8 مىللەت بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 98,834، خەنزۇ مىللىتى 2536، خۇيزۇ مىللىتى 74، زاڭزۇ مىللىتى 2، جۇۋاڭزۇ مىللىتى 4، مانجۇ مىللىتى 4، قازاق مىللىتى 1، ئۆزبېك مىللىتى 9 نەپەر. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چىرا بازىرىدا بولۇپ، شىمالى پاراللىل ′00°37، شەرقى مېرىدىئان ′47°81.

چىرا ناھىيىسى قەدىمدە چىرا دۆلىتى دەپ ئاتىلىپ، قەدىمقى غەربى رايونلار تەۋەسىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان. غەربى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، مەركەزنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

«خەننامە»نىڭ 96 - جىلدى. غەربى رايونلار تەزكىرىسى 66 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە: «خەن سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋرىدىن خەنۋۇدي دەۋرىگىچە تەسىر دائىرىسىنى ھەرتەرەپكە كېڭەيتىپ، يۇقۇرى نام - ئاتاق تاپقان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا جاڭچيەن غەربى رايونلارنى ساياھەت قىلىشنى باشلىغان... شۇۋەنيۇەندي، خەنيۇەندىدىن كېيىن فەنچىك ۋەزىر قويۇلۇپ، غەربى رايونلار بويسۇندۇرۇلغان. يەر زېمىنلىرى، تاغ ۋادىلىرى، بەگلىري، ئائىلە سانى، يول بويلىرى، يىراق يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قاراشلىق قىلغان».

«...چىرا دۆلىتى پادىشالارنىڭ يۇرتلارنى باشقۇرىدىغان پايتەختى بولغان. ئۇ چاغدىكى نەگە

9950 چاقىرىم كىلەتتى، ئائىلە سانى 301، جان سانى 2170، ئەسكىرىي 300 ئىدى. شەرقى شىمالدىن دۇخۇسۇغىچە 3852 چاقىرىم كىلەتتى. شەرقى رۇگلۇ بىلەن، غەربى چەرچەن بىلەن، شىمالى ئۇزۇن تەتىي بىلەن چىگرىلىنەتتى» دەپ يېزىلغان بۇنىڭدىن-قارىغاندا چىرا دۆلىتى خارابىسىنىڭ قايەردە ئىكەنلىگىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كىلىدۇ.

ھازىر چىرا ناھىيىسىدە ئۇچرۇتۇلغان «خەنىنامە»دىن كېيىنكى مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماتىرىياللاردا چىرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىنتايىن ئاز خاتىرلەنگەن.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332-جىلدىر. 220-تەزكىرە. غەربى رايۇنلار تەزكىرىسى نۆسخىسىنىڭ (8614-بەتتىدە) خاتىرلىنىشىچە: «ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) قەدىمدىن تارتىپ چوڭ دۆلەت بولۇپ، سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدا رۇگلۇ، ئۇزۇن تەتىي، چىدىر (ھازىرقى چىرا) گۇما قاتارلىق دۆلەتلەرنى يۇتۇپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىرا ئۇدۇن (ھازىرقى-خوتەن) نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى كۆپىسى» 76-جىلدىر، 51-تەزكىرە. جۇغراپىيە قىسمىنىڭ 23-جىسىدە خاتىرلىنىشىچە: «خوتەن بىۋاستە ئايماق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى ناھىيە قارايتى. بۇنىڭ بىرسى ئۇدۇن (بۇگۇنكى كىرىيە ناھىيىسى) ئۇ، بىۋاستە ئايماقنىڭ شەرقىدە بولۇپ، 460 چاقىرىم كىلەتتى، گۇۋاڭشۈينىڭ 9-يىلى (مىلادىنىڭ 1883-يىلى) ناھىيە بولۇپ قورۇلغان. ئورنى قاراقاشتا بولغان. ئۇزۇن ئوتمەي كىرىيەگە يۆتكەلگەن. ناھىيە بازىرىدىن غەرپكە قاراپ ماڭغاندا ئىككى ئۆتەڭ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى خەنلەن (بۇگۇنكى قارىقىر). بىرسى چىدىر (بۇگۇنكى چىرا) ئىدي» دەپ يېزىلغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چىرا كەنتىسى دەپ ئاتىلىپ، كىرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان.

مىنگونىڭ 8-يىلى (1919-يىلى) زۇجى جوي تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 17-يىلى (1928-يىلى) 3-دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆزگەرتىلىپ، چىرا ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. 1949-يىلى 9-ئايدا ئازات بولغاندىن تاھازىرغىچە چىرا ناھىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

«چىرا»نىڭ پەيدا بولۇش تارىخى قانداق، مەنىسى نىمە؟ قانداق ئۆزگەرگەن دىگەن مەسىلە توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىردەك ئەمەس. ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئىيتقاندا بۇ ھەقتە مۇنداق 3 خىل ئىيتىلىش بار. بىر خىل قاراشتىكىلەر: چىرا دىگەن سۆز چىلان دىگەن مەنىدە، چىرىدا چىلان دەرىخى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چىلان كۆپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى چىلان ياغىچىدا ياسالغان قوشۇق شىنجاڭنىڭ ھەممە يىرىدە سىتىلىدۇ. بۇ، چىرا ناھىيىسىنىڭ داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىري بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، چىرا بىلەن چىلان نىڭ تەلەپپۇزي ئوخشاش بولۇپ، «چىرا» دىگەن سۆز چىلان دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ.

ئىككىنجى خىل قاراشتىكىلەر: چىرا دىگەن "چىرايلىق" دىگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە؛ بۇرۇن بۇ يەردە مۇڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان. مۇڭغۇللار ئىشلىتىدىغان چىننىڭ چۆرىسىگە ھەر خىل گۈل چىكىلگەن بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدي. ئۇ«چارا» دەپ ئاتىلاتتى. چىرا تەۋەلىگىدە تاغ ئۈستى ۋە تاغ ئاستىدا پارچە-پارچە بوستانلىقلار بولۇپ، جايلىشىشى تارقاق بولۇپ، شاخمەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇغدەك يېيىلغان، ئۇ، گويا مۇڭغۇللارنىڭ چىنىسىدەك گۈزەل، چىرايلىق ئىدى. چىرا دىگەن نام شۇنىڭدىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدكۆتۈرۈپ تۇرغان 6 مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىسى چىرا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى سۇنى چىگىرىغا باشلاپ-كىلىش دەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالى شىنجاڭ جوڭغارلار قىسمى، جەنۇبى شىنجاڭ ئۇيغۇلار (خۇيبۇ) قىسمى دەپ ئاتالاتتى. چىرا دىگەن سۆز ئىلگىرى چىلا، چىرە، چىرا، نۇرا دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ("غەربى رايۇنلار سۇيۇلى خاترىسى" 2-جىلدىدىر، 27-بەتتىن ئىلىندى)

چىرا ناھىيىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى كۇئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى قىسمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنوبى چېتىگە جايلاشقان. شىمالى پەس، جەنوبى ئىگىز، يانتۇلىقى جەنوبتىن شىمالغا يۈزلەنگەن. جەنۇبى تەرىپى تاغ تىزمىلىرى بىلەن، شىمالى تەرىپى چەكسىز قۇملۇق ۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتۇشۇدۇ.

تاغدىكى نۇرى يېزىسىنىڭ دىڭىز يۈزىدىن ئەڭ يۇقىرى ئىگىزلىگى 6903 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن ئىگىزلىگى 1055 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئىگىزلىگى 3979 مېتىر كىلىدۇ. ناھىيە بازىرى ئەتراپىنىڭ دىڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئىگىزلىگى 1365 مېتىر كىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى 7يېزىنى قۇرۇق جىلغىلار ۋە چۆللۈكلەر تۆت پارچە بوستانلىققا بۆلۈۋەتكەن. تاغدىكى چاقا، ئۇلۇغساي، بوستان يېزىسى بىر بوستانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. تاغ ئاستىدىكى چىرا، گۇلاخما، دامكۇ يېزىسىنىڭ يوللىرى، ئورمان بەلۋاغلىرى، ئېكىنزارلىقلىرى بىر-بىرىگە تۇتاشقان ھالدا ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. چۆل-جەزىرىلەرنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى ۋە بۆلۈۋېتىشى تۈپەيلىدىن ناھىيە ئىچىدىكى بوستانلىقلارنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئارلىغى 10-20 كىلومېتىرغىچە كىلىدۇ. يىراقلىرىنىڭ 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. تاغدىكى 4 يېزا تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئارلىغا ئورۇنلاشقان، تاققايىقىن، سۈيى مول.

ناھىيە تەۋەسىدە چىرا دەرياسى، نۇرى دەرياسى، چاقا دەرياسى، ئۇلۇغساي دەرياسى، سايباغ دەرياسى، بوزاڭ دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى، ئاقساي دەرياسى، يۇلۇڭ دەرياسى قاتارلىق 9 پەسىللىك دەريا بولۇپ، ئاساسلىغى كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ ئاقىدۇ. كەلكۈن يوق مەزگىللەردە ماھىيەتتە قۇرۇق جىلغىدىن ئىبارەت. بۇ دەريالار ئاساسلىغى چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستاندىن ئىبارەت تاغدىكى تۆت يېزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا چىرا، گۇلاخما، دامكۇ سۇغۇرۇش رايۇنلىرىغا قۇيۇلىدۇ.

ناھىيە بويىچە جەنوبتىن شىمالغا سۈزۈلگەن ئىقىم مىقدارى زور، سۇغۇرلۇدىغان كۆلىمى كۆپ بولغان 2 دانە ئوق ئۇستەڭ بار، ئۇنىڭ بىرىسى چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى بولۇپ، سۇ مەنبىئى چىرا دەرياسىدىن كىلىدۇ. يەنە بىرىسى جەڭگۇار ئۆستەڭ بولۇپ، نۇرى يېزىسىدىكى بورانتايدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىقىپ، 83 كىلومېتىر چۆلنى بىسىپ ئۆتىدۇ. بۇ، گۇلاخما، دامكۇ يېزىسىنىڭ كەلكۈن باشلاپ كىلىندىغان سۇغۇرۇش ئوستىڭى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ، ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1960-يىلى باشلانغان. ناھىيە بويىچە ئۇنۇمى بىرقەدەر ياخشى بولغان دائىمى يىللىق كىچىك تىپتىكى 4

سۇ ئامبىرى، تەڭشەش سۇ ئامبىردىن ئاۋانگارت سۇ ئامبىرى بولۇپ، يىل بويى 20 مىليون كوپ سۇ چىقىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى 9 دەريا، 6 جىلغىنىڭ يىللىق يەر ئۈستى سۇيى ئومۇمى ئېقىم مىقدارى 705 مىليون كوپمېتىر. يەر ئاستى سۇزاپىسى مول، خاس چىرا يېزىسىنىڭ تۆۋەق يەر ئاستى سۇ زاپىسى 310 مىليون كوپمېتىرغا، ھەركەتچان زاپىسى 90 مىليون كوپمېتىرغا يېتىدۇ، يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چىرا يېزىسىدا سۇ مەنبە ئورنى قۇرۇلدى. ئالدىدىن بەلگىلەنگەن پىلان ئورۇنلانغاندىن كېيىن بىر ئېقىم يەر ئاستى سۇيى ئېچىلىدۇ. مۇشۇ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن ناھىيىدىكى 350مىڭ مۇ دېخانچىلىق ئېتىزلىرى سۇغۇرۇلىدۇ.

ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاختى ئۇزۇن، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى. يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2595 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىگى 1.9 م/س. ناھىيە بويىچە غەربىي شامىلى كۆپ چىقىدۇ، قۇم بوران كۆپ، نۇربايلىغى مول. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز بولىدۇ، ئەمما تۇراقلىق ئەمەس. ئەتىياز پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق تېمپېراتۇرىسى 9 ـ 21C° ئارلىغىدا بولىدۇ، سوغۇق ھاۋانىڭ كۆرۈلۈشى بىرقەدەر كۆپ، ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان.

ياز پەسلىدە تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ھەم ئىسسىق، تاغلىق رايونلاردا ھۆل-يېغىن بىرقەدەر كۆپ ياغىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ياز پەسلىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23 ـ 25C° ئارلىغىدا بولىدۇ. ئەۋجىگە چىققان ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9C° قا يېتىدۇ.

كۈز پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق تېمپېراتۇرىسى 3 ـ 19C° ئارلىغىدا بولىدۇ. كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سالقىن، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ، بوران چىقىدىغان كۈنلەر ئاز بولىدۇ.

قىش پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا قاتتىق سوغاق بولىدۇ. قار ئاز ياغىدۇ. ئەمما تاغلىق رايونلاردا قار بىرقەدەر كۆپ ياغىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0 ـ 6C° ئارلىغىدا بولىدۇ. ئەۋجىگە چىققان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 23.9C°قا يېتىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا دەسلەپكى قىرو چۈشىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 209 كۈنگە يېتىدۇ. (1977-يىلى قىروسىز مەزگىلى 223 كۈنگە يەتتى). شامال 3-6-ئايغا قەدەر بولغان ۋاختتا مەرگەزلەشكەن. ئەڭ زور شامال كۈچى 8 ـ 9 بالغا يېتىدۇ. ئادەتتە 4 ـ 5 بال شامال چىقىدۇ.

بوز يەر بايلىغى مول. چىرا، گۇلاخما، دامكو 3 يېزىنىڭ شىمالى تەرىپىدە 3 مىليون 700 مىڭ مو بوز يەر بار. ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى 300 مىڭ موغا يېتىدۇ. قاراسۇ دەرياسى بىلەن ئاقساي سۇغۇرۇش رايونىنىڭ ئارلىغىدا 50 مىڭ مو ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بوز يەر، سايباغ دەرياسى بىلەن نۇرى دەرياسىنىڭ ئارلىغىدا 50 مىڭ مو بوز يەر بولۇپ بۇنىڭدىن 40 مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مونى ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. نۇرى دەرياسى، ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا 200 مىڭ مو ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بوز يەر بار. يۇقارقى بىرقانچە سۇغۇرۇش رايونىدا جەمئىي 4 مىليون مو بوز يەر، 5 مىليون 900 مىڭ مو ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بوز يەر بولۇپ، يەر جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

چىرا ناھىيىسىنىڭ يەر-زېمىنى كەڭ، ئومۇمىي كۆلىمى 48 مىليون 650 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە يايلاق 7 مىليون 334 مىڭ مو، يەرلىكنىڭ ئىگدارچىلىقىدىكى يايلاق 5 مىليون 625 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەن خۇتەن 1-چارۋىچىلىق فىرمىسى ئىگدارچىلىق قىلىدۇ. پايدىلىنىدىغان پەسىللەر بويىچە ئايرىغاندا، يازلىق ۋە كۈزلۈك يايلاق 990 مىڭ مو، قىشلىق ۋە ئەتىيازلىق يايلاق 4 مىليون 635 مىڭ مو. جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالى بويىچە ئايرىغاندا، ياخشى يايلاق 1 مىليون 624 مىڭ مو، 28.9% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا ھال يايلاق 634 مىڭ مو، 11.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك يايلاق 2 مىليون 571 مىڭ مو، 45,7% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ، يايلاقلارنىڭ پۈتۈن يىللىق چارۋا سىغىمچانلىقى 400 مىڭ تۇياققا يېتىدۇ. يايلاق مول بولسىمۇ، لېكىن ھۆل يېغىن ئاز ياقانلىقى ۋە ئوت-چۆپ مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس.

ناھىيە تەۋەسىدە جانلىق مەۋجۇداتلار بايلىقىنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دەل-دەرەخلەردىن تېرەك، سۆگەت، جىگدە، توغراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىن ياڭاق، ئانار، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىقلار بار. دارىي ئۆسۈملۈكلىرى مول بولۇپ، قارلەيلىسى، چاكاندا، قىزىل قىز، چۈچۈكبۇيا، يەرگۈلى، زاراڭرا چېچىكى، ئالقەت، بۆرە سامىسىغى قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بولۇپمۇ، چۈچۈكبۇيا بىلەن يەرگۈلىنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ.

ياۋايى ھايۋانلاردىن جەگىرەن، تۈلكە، داۋغان، بۆرە، ياۋاچوشقا، ياۋاتوشقان، ئۇلار، كەكلىك، قۇش، ياۋائۆردەك قاتارلىقلار بار.

كان بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، قاشتېشى، ئاھاك تېشى، چىرىمتال، تاش پاختا، گەج، گۈڭگۈرت، تۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

ناھىيە بويىچە رېمونت قىلىش-ياساش، بىناكارلىق، گىلەمچىلىك، قىشچىلىق، ئاشلىق-مايلىقنى پىششىقلاش قاتارلىق ئوخشاش كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردىن 20 سى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئەتراپىغا يېتىدۇ.

تېرىلغۇ يەر كۆلەم 350 مىڭ مو، بۇنىڭدىن ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلەم 250 مىڭ مو چامىسىغا يېتىدۇ، ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، مايلىق، كېۋەز تېرىلىدۇ، تاغلىق رايونلاردا يەنە ئارپا، پۇرچاق قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1949-يىلىدىكى 21 مىليون 506 مىڭ جىڭدىن 1984-يىلىغا كەلگەندە 87 مىليون 240 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 860 مىڭ جىڭغا (چىگىتسىز) مايلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 350 مىڭ جىڭغا يەتتى.

تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالى تەرپىدە ئىلگىرى ئىپتىدائى توغراق ئورمانلىرى ۋە چاتقال ئورمانلار بولۇپ، بۆك-باراقسان ئۆسۈپ، بوستانلىقنىڭ تەبىئى توسىقى بولغان ئىدى. سۈنئىي كىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھازىر سانى ئانچە كۆپ بولمىغان شالاڭ توغراق ئورمانلىرىلا قىپ قالدى. ئازاتلىقتىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 64 مىڭ 500 مو ئورمان بىنا قىلىندى. 11مىليون 690 مىڭ تۈپ تارقاق ئورمان بىنا قىلىندى، ھازىر جەمئىي 125 مىڭ مو ئورمان يېرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىتىز ئىھاتە ئورمىنى 27 مىڭ 100 مو، يىقىلغو ئورمىنى 5700 مو، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق 75 مىڭ مو، كۆچەتخانا 1130 مو، مېۋىلىك باغ 16مىڭ 500مو، سىلىنغان تارقاق ئورمان 2مىليون 991 مىڭ تۈپ، ھازىر جەمئىي 14 مىليون 310 مىڭ تۈپ ھەر خىل دەرەخ بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0,24% گە، يېزىلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 12.8% گە يەتتى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا بولدى. 50-يىللاردا 238 مىڭ 500 تۇياق ھەرخىل چارۋا مال بولۇپ، 60-يىللاردا تەرەققى قىلىپ 357 مىڭ 500 تۇياققا يەتكەن. 70-يىللاردا 272 مىڭ 200 تۇياققا چۈشۈپ قالغان. 1984-يىلى 390 مىڭ تۇياققا يەتتى.

چىرا ناھىيىسىدە كۆپ چىقىدىغان مەھسۇلاتلاردىن: ياڭاق، ئانار، ئۈرۈك، چىلان غا ئوخشاش داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بار.

دۆلەتمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، كىچىك تىپتىكى 19 سۇ ئامبىرى ياسالدى. سۇ سىغىمچانلىقى 23 مىليون كۇبمېتىر، بۇنىڭدىن سۇ سىغىمچانلىقى كۆپراق، پايدىلىنىش ئۈنۈمى ياخشىراق بولغانلىرى:

مۇل ھوسۇل سۇ ئامبىرى، قىزىل بايراق سۇ ئامبىرى، قارا سۇ ئامبىرى ۋە پۇناق سۇ ئامبىرىدىن ئىبارەت. ياسالغان ھەر دەرىجىلىك ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 1523 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن سىمونت ئۆستەڭ 14.2 كىلومېتىر. تاش تىزىلغان ئۆستەڭ 318.4 كىلومېتىر، قېزىلغان قۇدۇق 198 دانە (بۇنىڭدىن ماشىنا بىلەن قېزىلغىنى 60). يۇرۇشلەشتۈرۈلگىنى 132. يىللىق سۇ چىقىرىش ئىقتىدارى 412 مىڭ كۇبمېتىر. ياسالغان سالائىتىزى 2242 پارچە، جەمئىي 222 مىڭ 900 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 63.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسى 14 دانە، ماتورنىڭ ئومومى سىغىمچانلىقى 1746 كىلوۋات بولۇپ، يىلىغا 1 مىليون 64 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتالايدۇ. يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

سودا جەھەتتە دۆلەت ئىگىلىگىدىكى سودا ئاساسى گەۋدە بولۇپ، بۇنىڭدىن قالسا تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپىراتىپ سودىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سودا تورلىرى ۋە نۇختىلىرى شەھەر-يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قەدەر يېيىلغان. دۆلەت ئىگىلىگى، تەمىنات-سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ سودا نوختىسى 177، كوللىكتىپ سودا نوختىسى 6، ۋاكالىتەن سېتىش نوختىسى 48، يەككە سودىگەر 336 بولۇپ، ئىلمى تۇقۇلما مال، چارچىن، 5 خىل مېتال، ئېلېكتىر سايمانلىرى، خىمىيەۋى سانائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇيۇملىرى، يىمەكلىك، دېخانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، يەرلىك مەھسۇلات قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. خىللىرى 500 دىن ئاشىدۇ. سودا كارخانىلىرىنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى 16 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بازار سودىسى بىرقەدەر ئاۋات، تىجارەت دائىرىسى ئىچىدە دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، سانائەت بۇيۇملىرى ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار. يىللىق سودا سوممىسى 73 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

قاتناش بىرقەدەر قۇلايلىق. خوتەن ـ نىياتاشيولى ناھىيىمىز ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن تاغلىق رايونلارغا بارىدىغان ئاددىي تاشيوللار ياسالدى. تاغلىق رايوندىكى ئىككى يېزىغا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنايدۇ. تاغ ئاستىدىكى 3 يېزىنىڭ قاتناش ئىشلىرى قولايلىق. ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق كوچىلارغا قارامايى ياتقۇزۇلدى، ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 6.95 كىلومېتىر كېلىدۇ.

سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنى ـ مائارىپ خىزمىتىدە ناھايىتى زور ئىلگىرلەش بولدى. ھازىر ناھىيە بويىچە 111 باشلانغۇچ مەكتەپ، 9 ئوتتۇرا مەكتەپ بار. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 539 سىنىپ، 13258 ئوقۇغۇچى بار. ئوتتورا مەكتەپلەردە 69 تولۇقسىز سىنىپ، 2965 ئوقۇغۇچى، 14 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ، 729 ئوقۇغۇچى بار. يېقىنقى يىللاردىن بىرى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. ناھىيە بازىرىدا بىر مەدەنىيەت يۇرتى بار، يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت ـ پونكىتلىرى بارلىققا كەلدى. ناھىيە بازىرىدا بىر كىنوخانا، بىر تېلېۋىزىيە كۆچايتىپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بار. ھەرقايسى يېزىلارنىڭ مۇقىم كىنو قويۇش نۇختىلىرى ۋە كىنوخانىلىرى بار، ناھىيە بازىرى ۋە ھەرقايسى يېزىلاردا رادىئو ئۆزلى بۇلۇپ سىملىق رادىئو تورى ئاساسەن شەكىللەندى.

چىرا ناھىيىسىدە شىپاخانىدىن يۇقىرى بولغان 8 داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش ئورنى بۇلۇپ، جەمئى 312 كېسەل كارۋىتى بار. باش دوختۇردىن يۇقىرى ئونۋانغا ئېرىشكەن 21 نەپەر دوختۇر بار. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈملىرى بار.

ناھىيە تەۋەسىدە ئاسارە ـ ئەتىقىدىن 3 (مازا)

ئاساسلىق مىچىتتىن بىرسى بار.

1. ھاشى چوقتۇرۇش قورغان. 2. ھاسا چوقتورۇش قورغان. بۇ ئىككى قەلئەنىڭ ئالدىنقىسى چاقا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى 12.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. كېيىنكىسى چاقا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى 11.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

3. كونا دامكۇ، ۋەيران بولغان كەنتە. دامكۇ يېزىسىنىڭ غەربى شىمال قىسمىدىكى 19.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا يەنى تەكلىماكان قۇملىقىدا جايلاشقان.

ئىسلام دىنى قەۋرىسىدىن ئىمامى جەپپىر تېھران بۇلۇپ، چىرا يېزىسىنىڭ غەربى شىمالىدىكى مازار كۆل كەنتىگە جايلاشقان.

ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تۈز لىنىيە ئارلىقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

# چىرا ناھىيە مەمۇرى رايونلىرىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشى

چىرا ناھىيىسى مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1928 ـ يىلى) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ ۋاقىتتا 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. ناھىيە قۇرۇلغان ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ناھىيە قارىمىقىدىكى مەمۇرى رايونلارنىڭ قانداق ئايرىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما خاتىرە بولمىغاچقا، بۇ، جەھەتتىكى ئەھۋاللار تەپسىلى بايان قىلىنمىدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېزىلغان «دۆلەت ئىشلىرى پىلان تەتقىقات كومىتېتى 1 ـ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ماتېرىيال ئېلىش جەدۋىلى» ئىچىدە «چىرا ناھىيىسىنىڭ ھەرقايىسى رايون، كەنتە، بازار نوپۇسىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى»دىن بىر نۇسخا بولۇپ، بۇ، جەدۋەلنىڭ پەرىقلەندۈرۈش دىگەن گىرافىسىدا 1 ـ رايون، 2 ـ رايون، 3 ـ رايون، 4 ـ رايون، 5 ـ رايون، 6 ـ رايون دەپ ئايرىلغان. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېزىلغان «شىنجاڭ ئۆلكىسى چىرا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى تۈزگەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ماتېرىياللىرى جەدۋىلى»دە خاتىرلىنىشچە: «چىرا ناھىيىسى جەمئى 6 رايون، 36 كەنتكە بۆلۈنگەن. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى يېزا، بازار، باغ، جاتۇزۇمگە ئۆزگەرتىلگەن» بۇ، ئىككى پارچە ماتېرىيال ئۆۋەتتە چىرا ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان، چىرا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كىنكى ئەڭ بالدۇر يېزىقتا خاتىرلەنگەن ماتېرىيال بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

مۇشۇ ئىككى پارچە ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، 1944 ـ يىلدىن ئىلگىرى پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەمۇرى رايونلارغا ئايرىلىشىدا ناھىيە قارىمىقىدا رايون، رايون قارىمىقىدا كەنتە تەسىس قىلىنىپ، جەمئى 6 رايون، 36 كەنتكە ئايرىلغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ مەمۇرى كەنتە ياكى تەبىئى كەنتە ئىكەنلىگى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما ئاساس يوق، لېكىن ناھىيە تەۋەسىدىكى تەبىئى كەنتە سانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مەمۇرى كەنتە ئىكەنلىگىنى بىلگىلى بولىدۇ.

رايوننىڭ يېزا، بازار، باغ، جاغا ئۆزگەرتىلگەنلىگىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما ئىزاھات بېرىلمىگەن.

كونا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دىگەن بىر پارچە دۆكلاتىدا، يېزا، بازارلارنىڭ سانى ۋە جايلىشىش ئەھۋالى بايان قىلىنىپ «پۈتۈن ناھىيە مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) جەمئى 6 بازار، 10 يېزىغا ئايرىلغان. 12 يېزا، بازار شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان. 4 يېزا، بازار جەنۇبى قىسمىدىكى تاغلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 200 چاقىرىمدىن 400 چاقىرىمغىچە كېلىدۇ» دەپ خاتىرلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە خاتىرلەنگەن يېزا، بازارغا ئۆزگەرتىلگەن ۋاخىت بىلەن ئالدىنقى ماتېرىيالدا خاتىرلەنگەن ۋاخىت ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭدا قايسىسىنىڭ توغرىلىقىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

كونا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ بۇ دۆكلاتىنىڭ قايسى يىلى يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. قىياسىمىزچە مىنگونىڭ 32 ـ يىللىرىدىن كېيىن يېزىلغان دېگەندە بۇنىڭدىكى يىل توغرا بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭلاشقا مىنگونىڭ 33 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېزىلغان «دۆلەت ئىشلىرى پىلان تەتقىقات كومىتېتى 1 ـ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ماتېرىيال ئىلىش جەدۋىلى»دە نۇپۇس يەنىلا رايونلار بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىنغان. شۇڭا، مىنگونىڭ 32 ـ يىللىرى يېزا، بازارلارغا ئايرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ ۋە قارارلار بولغان. ھەمدە بۇنى يولغا قويغان ۋاخىت مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرىدىن كېيىنكى ۋاختىلارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

كونا «چىرا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى مىنگو 35 ـ يىللىق خىزمەت دوكلادى»دىكى خاتىرلەرگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ناھىيە 6 بازار، 10 يېزا، 156 باۋ، 1480 جاغا ئايرىلغان. بازاردا بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى، يېزىدا يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قويۇلغان. باۋدا باۋجاڭ، جادا، جاجاڭ قويۇلغان.

بازار، يېزا، باۋ، جاغا ئايرىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

**1. چىرا گۇڭشىسى 2 بازار، 5 يېزىغا ئايرىلغان:**

(1) سەنمىن بازىرى. قارىمىغىدا 8 باۋ، 72 جا بولغان.

(2) ئۈچۈۋەن بازىرى. قارىمىغىدا 8 باۋ، 74 جا بولغان.

(3) رىنخۇ يېزىسى. قارىمىغىدا 9 باۋ، 91 جا بولغان.

(4) ۋۇبىن يېزىسى. قارىمىغىدا 6 باۋ، 60 جا بولغان.

(5) دايۇ يېزىسى. قارىمىغىدا 10 باۋ، 98 جا بولغان.

(6) يۇخىڭ يېزىسى. قارىمىغىدا 8 باۋ، 92 جا بولغان.

(7) كاڭپىڭ يېزىسى. قارىمىغىدا 12 باۋ، 83 جا بولغان.

**2. گۇلاخما گۇڭشىسى 1 بازار، 2 يېزىغا ئايرىلغان:**

(1) سىۋى بازىرى. قارىمىغىدا 13 باۋ، 100 جا بولغان.

(2) شىنيى يېزىسى. قارمىغىدا 10 باۋ، 99 جا بولغان.

(3) ئەنىنىڭ يېزىسى. قارىمىغىدا 11 باۋ، 102 جا بولغان.

**3. دامكۇ گۇڭشىسى 1 بازار، 1 يېزىغا ئايرىلغان:**

(1) بادى بازىرى. قارىمىغىدا 15 باۋ، 117 جابولغان.

(2) خۇمىن يېزىسى. قارىمىغىدا 10 باۋ، 102 جابولغان.

**4. چاقا گۇڭشىسى 1 بازار، 1 يېزىغا ئايرىلغان:**

(1) يۇڭكاڭ بازىرى. قارىمىغىدا 9 باۋ، 101 جا بولغان.

(2) يۈيمىن يېزىسى. قارىمىغىدا 8 باۋ، 90 جا بولغان.

**5. نۇرى گوڭشىسى 1 بازار، 1 يېزىغا ئايرىلغان:**

(1) شىن سىلىڭ بازىرى. قارمىغىدا 8 باۋ، 81 جا بولغان.

(2) خى فىلىڭ يېزىسى. قارمىغىدا 11 باۋ، 118 جا بولغان.

1949 ـ يىلدىن تارتىپ 1959 ـ يىلى گوڭشىلاشقانغا قەدەر پۈتۈن ناھىيە 6 رايون بىر بازارغا ئايرىلغان.

**چىرا بازىرى:**

**1 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئورنى توغراق ئىغىل كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 5 يېزا بولغان. چىرا گوڭشىنىڭ 1 ـ 2 ـ باشقۇرۇش رايونىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**2 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئورنى جىرىق كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 5 يېزا بولغان. چىرا گوڭشىنىڭ 3 ـ 4 ـ باشقۇرۇش رايونىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**3 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئورنى گىمدىش ئىرىق كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 4 يېزا بولغان. گۇلاخما گوڭشىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**4 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئۆرنى چۆقاباش كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 4 يېزا بولغان. دامكو گوڭشىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**5 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئورنى چارباغ كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 5 يېزا بولغان. چاقا گوڭشىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**6 ـ رايون:** تۇرۇشلۇق ئورنى قومباغ كەنتىدە بولۇپ، قارمىقىدا 3 يېزا بولغان. نۇرى، بوستان گوڭشىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1959 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغا قەدەر پۈتۈن ناھىيە 5 گوڭشى 1 بازارغا ئايرىلغان:

**1. شەرىق قىزاردى خەلق گوڭشىسى:** تۇرۇشلۇق ئورنى چىرا بازىردا بولۇپ، قارمىقىدا 4 باشقۇرۇش رايونى، 20 دادۈي، 1 دېخانچىلىق مەيدانى، 1 ئۈرۈقچىلىق مەيدانى، 116 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بولغان. 1978 ـ يىلى نامى چىرا گوڭشىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**2. گۇلاخما خەلق گوڭشىسى:** تۇرۇشلۇق ئورنى گىمدىش ئىرىق كەنتىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 4 باشقۇرۇش رايونى، 14 دادۈي، 62 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 4 مەيدان بولغان.

**3. دامكو خەلق گوڭشىسى:** تۇرۇشلۇق ئورنى چۆقاباش كەنتىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 3 باشقۇرۇش رايونى، 12 دادۈي، 61 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى، 1 ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بولغان.

**4. چاقا خەلق گوڭشىسى:** تۇرۇشلۇق ئورنى چارباغ كەنتىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 5 باشقۇرۇش رايونى، 22 دادۈي، 60 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بولغان.

**5. نۇرى خەلق گوڭشىسى:** تۇرۇشلۇق ئورنى قومباغ كەنتىدە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 3 باشقۇرۇش رايونى، 23 دادۈي، 1 دېخانچىلىق مەيدانى، 1 ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، 1 ئاتچىلىق فىرمىسى، 1 ئوتلاق پونكىتى، 70 ئىشلەپچىقىرىش دۈيى بولغان.

**6. چىرا بازىرى** 1957 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان.

1977 ـ يىلدىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە 6 گوڭشىگە ئايرىلدى: بۇنىڭدىن چىرا، گۇلاخما (تۇرۇش-

www.uyghurkitap.com

لۇق ئورنى 1981 - يىلى ئاقئېلەك كەنتىگە كۆچۈرۈلدى) دامكۇ، چاقادىن ئىبارەت تۆت يېزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، گۇڭشىلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى گۈلاخما گۇڭشېدىن باشقىلىرىنىڭ ئۆزگەرمىدى. نۇرى گۇڭشىنىڭ ئىماملا باشقۇرۇش رايونى ئايرىۋېتىلىپ، بوستان گۇڭشى قۇرۇلدى. ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋال مۇنداق:

نۇرى گۇڭشىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى: قومباغ كەنتىدە، 2 باشقۇرۇش رايونى، 16 دادۇي، 1 ئورۇقچىلىق مەيدانى، 54 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى تەسىس قىلىندى.

بوستان گۇڭشىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى: باغ بېشى كەنتىدە، تەۋەلىكىدە 8 دادۇي، 1 ئورۇقچىلىق مەيدانى، 1 ئاتچىلىق فېرمىسى، 1 ئوتلاق پونكىتى، جەمئىي 25 ئىشلەپچىقىرىش دۇيى تەسىس قىلىندى.

1984 - يىلى پۈتۈن ناھىيە 1 بازار، 7 يېزىغا ئايرىلدى:

1. **چىرا بازىرى**، تۇرۇشلۇق ئورنى دۇسلۇق كوچىسىدا، تەۋەلىكىدە 9 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

2. **چىرا يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى چىرا بازىرى دۇسلۇق كوچىدا، تەۋەلىكىدە 20 مەھەللە كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

3. **گۈلاخما يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقئېلەك كەنتىدە. تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

4. **دامكۇ يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى چۇقاباش كەنتىدە. تەۋەلىكىدە 15 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

5. **چاقا يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى چارباغ كەنتىدە. تەۋەلىكىدە 20 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

6. **ئۇلۇغساي يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى بادىغان كەنتىدە. (چاقا يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىققان) تەۋەلىكىدە 8 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

7. **نۇرى يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى قومباغ كەنتىدە. تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

8. **بوستان يېزىسى**، تۇرۇشلۇق ئورنى باغ بېشى كەنتىدە، تەۋەلىكىدە 12 كەنت كومىتېتى بار. (تەپسىلاتى مەمۇرى رايونلارنىڭ يېڭى - كونا ناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە قارالسۇن)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئاھاللار رايونىنىڭ نامى

# چىرا بازىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا بازىرى ناھىيەمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. تەۋەلىكىدە 9 كەنت كومىتېتى، 14 تەبىئى كەنتە، 3970 ئائىلە، 14939 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 13623، خەنزۇ مىللىتى 1380، خۇيزۇ مىللىتى 24، ئۆزبەك مىللىتى 8، مانجۇ مىللىتى 4، جۇۋاڭزۇ مىللىتى 4، قازاق مىللىتى 1 نەپەر.

بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دۇسلۇق كوچىسىدا.

بازاردا تۇرۇشلۇق ئىدارە- جەمئىيەتلەردىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دايىمى كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسى كېڭەش چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى، چىرا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا- كەسپى ئورۇنلار، ۋە مەكتەپلەر بار.

بازارنىڭ نامى ناھىيىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

«تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە خاتىرلىنىشىچە «ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)نىڭ شەرقى تەرىپىدە 3 شەھەر بولۇپ، لەنچىڭ شەھىرى، كەنچىڭ شەھىرى، سى چېڭ شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى. كەنچىڭ ھازىرقى چىرا شەھىرىگە قارايتتى......» («چىن دىڭ خۇۋاڭيى غەربى رايونلار خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 19- جىلدى، غەربى رايونلار 12. 20. 21- بەتتىن ئېلىندى») مىڭگونىڭ 33- يىلىدىن كېيىن 1949- يىلىغا قەدەر چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭىنىڭ شەرقى تەرىپى ئۇچۇۋەن بازىرى دەپ ئاتالغان. غەربى تەرىپى سەنمەن بازىرى دەپ ئاتالغان. 1949- يىلى ئازات بولغاندىن كېيىن چىرا يېزا ئۆق ئۆستىڭىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلار 1- رايونغا ئايرىلغان. غەربى تەرىپىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلار 2- رايونغا ئايرىلغان. 1957- يىلى چىرا بازىرى قۇرۇلغان. 1984- يىلى چىرا يېزىسىنىڭ 9 مەمۇرى كەنتىسى، 14 تەبىئى كەنتىسى قوشۇلۇپ، يەنىلا چىرا بازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

چىرا بازىرى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. شەھەر ئەتراپىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تەدرىجى پەسلەيدۇ. يانتۇلۇقى تەخمىنەن $\frac{1}{40}$ كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر. بازارنىڭ شەرقى تەرىپىدە بىر قەدەر مول بولغان يەر ئاستى سۇلىرى بار. چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى جەنۇبتىن شىمالغا چىرا بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بازارنىڭ كىلىماتى چۆل قۇرغاقلىق ئىقلىمغا مەنسۇپ. قۇرغاق، سۇ قىس. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى

11.9°C. يانۋاردىكى (1-ئاي) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0 دىن تۆۋەن 6°C. چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 0 دىن تۆۋەن 23.9°C. ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇلدىكى (7-ئاي) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25°C. چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9°C. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 33.2 مم. قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن. يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 1.9 م/س تىن ئېشىپ كېتىدۇ. پەسىللەر ئوتتۇرىسىدىكى شامال تېزلىكى پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدىكى شامالنىڭ تېزلىكى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېزلىكى 2.3 م/س. ئەڭ يۇقىرى بولغان ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 17 م/س بولىدۇ. ياز پەسلىدىكى شامال تېزلىكى ئۇنىڭدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كۈز ۋە قىش پەسلىدىكى شامال تېزلىكى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە قاتتىق بوران كۆپ چىقىدۇ. 1979-يىلى 5-ئاينىڭ 26-كۈنى بىر قېتىم قاتتىق بوران چىقىپ، بوران كۈچى 10 بالغا يەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئەڭ زور شامال تېزلىكى 28 م/س قا يەتتى. 15 سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلىپ، بازار ئەتراپىدىكى كەڭ كۆلەملىك قوناق ۋە كېۋەزلەرنى ئاپەتكە ئۇچراتتى. چارۋىلارنى پىتىرىتىۋەتتى. ئاساسلىق ھاۋارايى ئاپەتلىرىدىن قۇرغاقچىلىق، قىرو ئۇششۇكى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، بوران قاتارلىق ئاپەتلەر بار.

كوچىلاردىن پىيادىلەر يولىغا سالغان دەرەخلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21.7 كىلومېتىر. كۆكەرتىلگەن كۆلەم 181.5 مو. بار بولغان ھەرخىل دەرەخ 109 مىڭ 356 تۈپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 10.08%.

چىرا بازىرىدا ئازاتلىقتىن ئىلگىرى رەتلىك بىرەر كوچا ۋە قاملاشقان ئۆي-ئىمارەت يوق ئىدى. قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاھالىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى پاكار تام ئۆيلەر ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى يوللارمۇ ئەگرى-توقاي، ئېگىز-پەس بولۇپ، يول يۈرۈشكە ئەپسىز ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن تەدرىجىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، 1984-يىلىغا كەلگەندە يېڭىدىن پىلانلانغان شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان 4 چوڭ كوچا ۋە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىرقەدەر كەڭ ۋە رەتلىك بولغان 6 كوچا بارلىققا كەلدى. 6.95 كىلومېتىر كوچا يوللىرىغا قاراماي ياتقۇزۇلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىنىڭ بويىغا جىرىم سېلىپ كۆكەرتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 كىچىك كوچا بولۇپ، چوڭ كوچا ۋە بازار ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن تۇتىشىدۇ.

بازار ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئاھالىلار ۋودوپروۋوت سۈيى ۋە ئېلېكتىر چىرىغى ئىشلىتىدۇ. بازارنىڭ شەرقىي جەنۇبى لوپ-كېرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ شەرقتىن كېرىيە، نىياغا بارىدىغان، غەربكە خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرەپ-تەرەپكە يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپ، يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. قەۋەتلىك بىنالار كۆپىيىشكە باشلىدى. بازارنىڭ مەنزىرىسى كۈندىن كۈنگە رەتلىك ۋە پاكىزە بولۇش تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەكتە.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چىرا بازىرىدا پەقەت بەزى كىچىك قول سانائەت دۇكانلىرىلا بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىگىدىكى كارخانىلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بازار رايونى ئىچىدە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق، مايلىق پىششىقلاش زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، پاختا ئايرىش زاۋۇتى، رېمونت قىلىش ياساش زاۋۇتى، دېخانچىلىق سايمانلىرى كوپىراتىۋى، سەيپۇڭ كوپىراتىۋى، گىلەم كارخانىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. ھازىر بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 339 نەپەرگە، 1984 - يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا تورلىرى ۋە نۇقتىلىرى بازار رايونىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. 5 خىل مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاشلىق، ماي، يېمەكلىك، خىمىيەۋى تالا، توقۇلما، نېفىت، تۈرلۈك مال، تىببى دارى، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، دېخانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى، فىرانك، قەن، شېكەر، تاماكۇ - ھاراق، كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل چارچىن مال قاتارلىق ھەرخىل سودا ماگىزىنىدىن 32 سى بولۇپ، 1984 - يىللىق ئومۇمى سېتىش سوممىسى 4 مىليون 78 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار يېزا بىلەن بازارنىڭ ئايرىلغان ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، چىرا يېزىسىنىڭ ئىستاتىستىكا سانلىرى ئىچىگە قوشۇۋېتىلدى.

قاتناش تەرەققىي قىلدى. ترانسپورت ئىشلىرى بىر قەدەر قولايلىق، بۇ، بازار چىرا ناھىيىسىنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتىدىن ھەرقايسى يېزىلارغا ۋە سىرتقى ناھىيىلەرگە قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوۋۇزى بار. كۈنلۈكى توشۇلىدىغان يولۇچىلار 176 ئادەم قېتىمغا يېتىدۇ.

ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 3 باشلانغۇچ مەكتەپ بار (1 — 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىۋى) ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىسى 78 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 1178 نەپەر. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 3 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، (1 — 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋى. 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىۋى) ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىسى 113 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1164 نەپەر. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر كىنو خانا بولۇپ، 3200 كىشىلىك ئورۇندۇق ئورنىتىلغان. ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە كۈچەيتىپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بولۇپ، ئىككى دولقۇندا خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىدۇ.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، رادىئو ئۇزىلى مەدەنىيەت تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 17 مو بولۇپ، ئادەتتىكىچە تەنتەربىيە پائالىيەت مەيدانلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى بار.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چىرا بازىرىدا بىر قانچە ئۇيغۇر تېۋىپلا بار ئىدى، ھازىر ناھىيىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھىيىلىك دوختۇر خانىدىن بىرىسى بولۇپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق، ئىشچى-خىزمەتچىسى 95 نەپەرگە، كېسەل كارۋىتى 77 گە يەتتى. كۆپ يىللاردىن بويان، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە داۋالاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

# چىرا بازىرى

## ئۆلچەملىك نامى

**چىرا ناھىيە**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**چىرا بازىرى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**تورپا كوچىسى**

شەرقتىن غەرپكە سوزۇلغان. شەرقى ناھىيلىك دوختۇرخانا (چوڭ كۆۋرۈك) دىن باشلىنىپ تورپا كەنتىگە تۇتۇشىدۇ. بۇ، كوچا تورپا كەنتىگە بارىدىغان كوچا بولغانلىقتىن تورپا كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. تورپا دىگەن سۆزنىڭ تىل ئايرىمىسى، پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس. كوچىنىڭ ئۇزۇنلىغى 280 مېتىر. كەڭلىگى 28 مېتىر. شەرقى تەرىپىگە قاراماي ياتقۇزۇلغان. غەربى تاشيول. كوچىنىڭ بويىدا دارى شىركىتى، بىناكارلىق شىركىتى، كىتاپخانا، سودا سارىيى، چىرا يېزىسىنىڭ سودا دۇكىنى، يېزىلىق بانكا تىجارەت ئورنى، ناھىيلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، پۇل ئامانەت پونكىتى، بازارلىق پەيچۇسۇ، سودا بازىرى قاتارلىق ئىدارە-جەمئىيەتلەر بار. 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى نام بېرىلگەن.

**بەخت كوچىسى**

جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان. ئۇزۇنلىغى 230 مېتىر، كەڭلىگى 28 مېتىر، قاراماي ياتقۇزۇلغان. جەنۇبى ناھىيلىك ھاۋا رايى پونكىتىدىن باشلىنىپ، شىمالى ناھىيلىك 2-ئوتتۇرامەكتەپتە توختايدۇ. بۇ، كوچىنىڭ بويىدا ئاساسلىق ئورۇنلاردىن باللار يەسلىسى، باللار باغچىسى، مەكتەپلەر بولۇپ. بوجاي ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختىيار ئورنى بولغانلىقتىن، بەخت كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى نام بېرىلگەن.

**جىرىق كوچىسى**

جەنۇبى 2-يىنىك سانائەت ئىدارىسىدىن باشلىنىپ، شىمالى ناھىيلىك مال دوختۇر خانىسىنىڭ كونا ئورنىغا قەدەر كىلىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان. بۇ ئىلگىرى جىرىق كەنتىگە بارىدىغان يول بولغانلىقتىن، جىرىق كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. ئۇزۇنلىغى 550 مېتىر، كەڭلىگى 28 مېتىر، تاشيول. كوچىنىڭ بويىدا ئاساسلىق ئورۇنلاردىن 2-يىنىك سانائەت-ئىدارىسى، ھوجدا كۆل كەنتىسى ۋە جىرىق كەنتىنىڭ ئاھاللار قۇرۇلۇشى بار. 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى نام بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

### جەمە كوچىسى

شىمالى ھەمكارلىق سودا دۇكىنىدىن باشلىنىپ، جەنۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا قەدەر كىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 280 مېتىر، كەڭلىگى 28 مېتىر. جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان. قاراماي يول. كوچىنىڭ بويىدا ئاساسلىق ئورۇنلاردىن جەمەمچىت، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوزۇق پونكىتى، رەمونت قىلىش ياساش زاۋۇدى، ئاشلىق ماي دۇكىنى، يەرلىك مەھسۇلاتلار دۇكىنى بار. بۇ، كوچىنىڭ بويىدا بىر جەمە مەچىت بولغانلىقتىن، جەمە كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نام بېرىلگەن.

### مەدىنىيەت كوچىسى

شىمالى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلىنىپ، جەنۇبى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا قەدەر كىلىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان. بۇ كوچىدا ئاساسلىغى مەدىنىيەت ئورۇنلىرى بولغانلىقتىن مەدىنىيەت كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. ئۇزۇنلىغى 520 مېتىر، كەڭلىگى، 40 مېتىر، قاراماي يول. بۇ، كوچىنىڭ بويىدا 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، باج ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر بار.

### سېرىق كوچىسى

غەربى خەلق بانكىسىدىن باشلىنىپ، شەرقى خوتەن ـ كېرىيە تاشيولغا تۇتۇشىدۇ. شەرىقتىن غەرپكە سوزۇلغان. ئۇزۇنلىغى 1350 مېتىر، كەڭلىگى 28 مېتىر، قاراماي يول. كوچىنىڭ بويىدا ئاساسلىق ئورۇنلاردىن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، قورالىلىق بۆلۈم، سوت مەھكىمىسى، خەلق بانكىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىۋى، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ج خ ئىدارىسى، نېفت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بۇ، كوچا سېرىق كەنتىسى بىلەن تۇتاشقانلىقتىن، سېرىق كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نام بېرىلگەن.

### يېڭى بازار كوچىسى

شەرقى ئېكىسفورماتور ئورنىدىن باشلىنىپ، غەربى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا قەدەر كىلىدۇ. شەرىقتىن غەرپكە سوزۇلغان. بۇ، كوچا يېڭىدىن ئېلىنغانلىقتىن، يېڭى بازار كوچىسى دەپ نام بېرىلگەن. ئۇزۇنلىغى 1340 مېتىر، كەڭلىگى 40 مېتىر، قاراماي يول. كوچىنىڭ بويىدا ئاساسلىق ئورۇنلاردىن ئېلىكتىر ئىستانسىسى، مالىيە ئىدارىسى، دارى شىركىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ماددى ئەشيالار شىركىتى، دائىملىق تەربىيەلەش سىنىپى، سودا ئىدارىسى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى بار. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى نام بېرىلگەن.

### ماخمال كوچىسى

# گۇلاخما يېزىسى

## ئۆلچەملىك نامى

**گۇلاخما يېزىسى**

تەپسلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن.

**ئاقئېلەك** **تەبىئى كەنتە**

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 1.4 كىلومېتىر. چىرا ـ كىرىيە تاشيۇلى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ، كەنتتىكە كىرىدىغان بىر «ئېلەك» تەبىئى شەكىللەنگەن ئۆستەڭ بولۇپ، ھەمىشە سۇيۇق ئاق تۇرغانلىقتىن، بۇ، كەنتنىڭ نامى شۇ ئېلەكنىڭ نامى بىلەن ئاقئېلەك دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 874، تېرىلغۇ يېرى 3041 مو. دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، ئالما قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**جىگدىلىك ئوتاق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: جىگدىلىك ئوتاق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2.3 كىلومېتىر، شەرقى گۇلاخمايا بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى جىگدىلىك ئوتاق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار، نوپۇسى 1464. تېرىلغۇ يېرى 4184 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1300 تۇياق. دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، تېرە ـ يۇڭ چىقىدۇ.

**جىگدىلىك ئوتاق** **تەبىئى كەنتە**

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2.3 كىلومېتىر. شەرقى گۇلاخمايا بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە "جىگدە دەرىخى كۆپ، ھەم ئوتاغ" بار دىگەن مەنىدە. ئىلگىرى بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ جىگدە دەرىخى بولغانلىغى ھەم بىر ئوتاغ بولغانلىغى ئۈچۈن جىگدىلىك ئوتاغ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 591. تېرىلغۇ يېرى 1638 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1300 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، يۇڭ ـ تېرە، گوش چىقىدۇ.

**گىدىش ئېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: گىدىش ئېرىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2.8 كىلومېتىر. چوڭكۆندى تۈزلەڭلىك. جەنۇبى تەرىپىدىن چىرا ـ كىرىيە تاشيۇلى كېسىپ ئۆتىدۇ. تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ

نامى بىلەن گىدىش ئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 624. دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2220 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 500 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**گىدىش ئېرىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2.8 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا-كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، 300 يىلدىن بۇرۇن گىدىش ئىسىملىك بىر قالماق مۇشۇ جايدىن بىر ئېرىق ئالغان، بۇ كەنتنىڭ نامى مۇشۇ قالماقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. نوپۇسى 283. دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 910 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 500 تۇياق. قوناق، بۇغداي، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**بازارتوپ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 3 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك. ئۇيغۇرچە "بازاردا توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان" دىگەن مەنىدە. كىشىلەر بازاردا توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بازار توپ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 341. تېرىلغۇ يېرى 1310 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ.

**تۆگگۈزلۈك** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.5 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا-كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ جايدىكى قۇمۇشلۇقتا ياۋا تۆگگۈز كۆپ بولغانلىقتىن تۆگگۈزلۈك دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 20، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 15، خەنزۇ مىللىتى 5. تېرىلغۇ يېرى 160 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1000 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، ئالما، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ.

**تۆگگۈزلۈك قۇمۇشلۇق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇپقا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6.9 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك. شىمالى چىرا-كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەردىكى قۇمۇشلۇقتا ياۋاز تۆگگۈز كۆپ بولغانلىقتىن تۆگگۈزلۈك قۇمۇشلۇق دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 5000 مو كېلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىغى 6000 تۇياق. قومۇش، يۇلغۇن، ئاقتىكەن ئۆسىدۇ.

**دىلىم تېرەك كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چوگقۇر ئېرىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 4.4 كىلومېتىر. ئىلگىرى دىلىم ئىسىملىك بىر قالماق مۇشۇ يەرگە تېرەك دەرىخى سالغانلىقتىن، بۇ، يەرنىڭ نامى دىلىم تېرەك دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار.

نوپۇسى 1155. تېرىلغۇ يېرى 4079 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 3009 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**چوگقۇر ئېرىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جايدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئېرىق بولغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى چوڭقۇر ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 241. تېرىلغۇ يېرى 920 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

### دىلىم تېرەك
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6.5 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. غەربىي تەرىپى چۆل بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى دىلىم ئىسىملىك بىر قالماق بۇ يەرگە تېرەك دەرىخى سالغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى دىلىم تېرەك دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 612. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 3144 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ.

### ساتما زارات
دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 3.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. تېرىلغۇ يېرى 168 مو. بۇغداي. قوناق. پاختا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە زارات «مازار» دېگەن مەنىدە، بۇ جايدا بىر مازار (زارات) بولغانلىقتىن، بۇ جاينىڭ نامى ساتما زارات دەپ ئاتالغان.

## توغرائۆستەڭ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: خىيىش ئېرىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 4.4 كىلومېتىر. شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئەتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ جايدىن توغرىسىغا بىر ئۆستەڭ ئېلىنغان، شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ نامى توغرا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 4 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1285. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 1284، ئۆزبەك مىللىتى 1 نەپەر، تېرىلغۇ يېرى 4301 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2850 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

### خىيىش ئېرىق
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 4.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ، جايدا خىيىش لەقەملىك كىشىلەر سۇ ئېقىتىدىغان بىر ئېرىق بولغانلىقتىن، بۇ، كەنتنىڭ نامى خىيىش ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 303. تېرىلغۇ يېرى 974 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم چىقىدۇ.

### مىغدىق ئېرىق
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. مىغدىق ـ لەقەم. مۇشۇ، جايدا مىغدىق لەقەملىك كىشىلەر سۇ ئېقىتىدىغان بىر ئېرىق بولغانلىقتىن بۇ كەنتنىڭ نامى مىغدىق ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 292. تېرىلغۇ يېرى 1101 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن تاۋۇز چىقىدۇ.

### كۆشۈك ئېرىق
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 4.6 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. كوشوك لەقىمى. بۇ جايدا كوشوك لەقەملىك كىشىلەر سۇ ئىقتىدىغان بىر ئېرىق بولغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى كۆشۈك ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 288. تېرىلغۇ يېرى 939 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ.

**تاللىق ئېرىق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 3.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئۇتمۇشتە بۇ يەردىكى ئېرىقنىڭ لىۋىگە تال (ئۈزۈم) سېلىنغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى تاللىق ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 288. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 287، ئۆزبەك مىللىتى 1. تېرىلغۇ يېرى 939 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ.

**قوش قەۋەت يايلاق** چارۋىچىلىق نۇقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6.8 كىلومېتىر. تۆت تەرىپىنى تەكلىماكان قۇملۇقى ئوراپ تۇرىدۇ. 1981-يىلى بوز يەر ئېچىپ بىنا قىلىنغان. ئوستىگە دەرەخ سېلىپ، ئاستىغا بېدە تېرىپ قوش قەۋەت ھاسىل قىلىنغانلىقتىن، بۇ جايغا قوش قەۋەت يايلاق دەپ نام بېرىلگەن. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1100 مو. بۇنىڭدىن بېدە 408 مو. باشقا كۆلەم 692 مو. بېدە، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ. يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، ياۋا توشقان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**ئارا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 2.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئارا ئۆستەڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 1368. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 4225 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3900 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**ئارا ئۆستەڭ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 2.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ كەنتە ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، ئارا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 500. تېرىلغۇ يېرى 1610 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**ئاياغ پەنسەن** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 3.2 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. نوپۇسى 254. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 773 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ. پەنسەن دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مەنىسى، تىل ئايرىمىسى ئېنىقلانمىدى.

**سىرىق ئۆستەڭ** تەبىئىي كەنتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى سىرىقچان بىر قالماق ئۆستەڭنىڭ بويىغا كاپا تىكلەپ ئولتۇرغانىكەن. شۇڭغا ئاساسەن بۇ كەنتنىڭ نامى سىرىق ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان.

## قوش ئېغىل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچما ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جايدا ھايۋان سولايدىغان ئىككى دانە ئېغىل بولغانلىقتىن، بۇ جاينىڭ نامى قوش ئېغىل دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 1271. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 3169 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 6000 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

### ئاچما ئۆستەڭ    تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 2.8 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جاي قۇمۇشلۇق بولۇپ، ئېچىپ تۈزلەشتۈرۈپ، ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكتىن، بۇ جاينىڭ نامى ئاچما ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 380. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 1100 مو. قوناق، بۇغداي، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

### قىرىق    تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 3.2 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جايىنى سۇغۇرۇش قىيىن بولغانلىقتىن (قىرىق سۈيى تەس چىقىدىغان يەر). بۇ جاينىڭ نامى قىرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 387. تېرىلغۇ يېرى 947 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

### قىسماق ئېرىق    تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 2.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ يەردىكى بىر ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ لەقىمى قىس-ماق بولغاچقا، بۇ، كەنتنىڭ نامى قىسماق ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 503. تېرىلغۇ يېرى 1122 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

## يېڭى ئاۋات كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭى ئاۋات كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 16 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى جاڭگال. تۇرۇشلۇق ئورنى يېڭى ئاۋات كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 180. تېرىلغۇ يېرى 521 مو. بۇغداي، قوناق قاتارلىقلار چىقىدۇ.

### يېڭى ئاۋات    تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 16 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى جاڭگال. ئۇيغۇرچە «يېڭىدىن گۈللەنگەن ماكان» دېگەن مەنىدە. بۇ، جايغا 1950 - يىلدىن

باشلاپ ئادەم كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بوز يەر ئېچىپ بۇ جاينى گۈللەندۇرگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ جاينىڭ نامى يېڭى ئاۋات دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 118. تېرىلغۇ يېرى 251 مو. بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**كونا ئېقىن** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 11 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى جاڭگال. بۇ كەنتە ئىككى تەبىئى ئېقىن (جىلغا) نىڭ ئارلىغىغا جايلاشقانلىقتىن، بۇ جاينىڭ نامى كونا ئېقىن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 62. تېرىلغۇ يېرى 270 مو. بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**پەنسەن كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: پەنسەن كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 3.4 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى چوڭكوندى تۈزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى پەنسەن كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 630. تېرىلغۇ يېرى 1959 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**پەنسەن** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 3.4 كىلومېتىر. چوڭكوندى تۈزلەڭلىك. ئىسمىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، مەنىسى ۋە تىل ئايرىمىسى ئېنىقلانمىدى. نوپۇسى 248. تېرىلغۇ يېرى 829 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، ئۆرۈك. ئالما چىقىدۇ.

**مازار بېشى ئېرىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 2.4 كىلومېتىر. چوڭكوندى تۈزلەڭلىك. بۇرۇن بۇ يەردە بىر ئېرىق بولۇپ، مازارنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى مازار بېشى ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 382. تېرىلغۇ يېرى 1130 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**ئارال كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: كالىتا ئارال كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 1.5 كىلومېتىر. چوڭكوندى تۈزلەڭلىك. بۇ كەنتە ئىككى يانىڭ ئارلىغىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارالغا ئوخشىغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى ئارال دەپ ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1223. تېرىلغۇ يېرى 3477 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2300 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**كالىتا ئارال** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 1.5 كىلومېتىر. چوڭكوندى

تۆزلەڭلىك. بۇ كەنتتە ئىككى تەبىئىي يانىڭ ئارلىغىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى ئارالغا ئوخشىغانلىقتىن، كالىتا ئارال دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 412. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 1120 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**توققوز كالى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 14.1 كىلومېتىر. قۇملۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە: گۇلخان ئاپپاق دېگەن ئايال مۇشۇ يەردە قاتار قىلىپ 9 تاش تۇگمەن ماڭدۇرغان، شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ جاينىڭ نامى توققوز كالى دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 5000 تۇياق. يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

**باغئېرىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: باغ ئېرىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۆزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى باغئېرىق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 837، تېرىلغۇ يېرى 2871 مو. دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**باغئېرىق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.8 كىلومېتىر. شىمالى چىرا ـ كېرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇرۇن بىر ئېرىق بۇ جاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، بۇ جاينىڭ نامى باغئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 289. تېرىلغۇ يېرى 837 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**مەدرىر ئېقىن كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ مەدرىر ئېقىن كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 3.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۆزلەڭلىك. دۆڭلۈك. شىمالى چىرا ـ كېرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: تەخمىنەن بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى بۇ جاي تۇگە باقىدىغان تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، كىشىلەر بۇ جاينى مەتە ئېقىن دەپ ئاتاشقان، كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەدرىر ئېقىنغا ئۆزگەرگەن. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 727. تېرىلغۇ يېرى 2579 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**ئاياغ مەدرىر ئېقىن** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 3.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۆزلەڭلىك. بۇ جاي مەدرىر ئېقىن كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، ئاياغ مەدرىر ئېقىن دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 488. تېرىلغۇ يېرى 1758 مو. بۇغداي، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**باش مەدرىر ئېقىن** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.5 كىلومېتىر.

چۆكۆندى تۆزلەڭلىك. شىمالى چىرا ـ كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشۇدۇ. بۇ جاي مەدىىر ئېقىن كەنتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، باش مەدىىر ئېقىن دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 239. تېرىلغۇ يېرى 821 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

## ياپلاق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياپلاق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 3 كىلومېتىر. جەنۇبى چىرا ـ كىرىيە تاشيولى بىلەن، شەرقى پۇناق يا بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ياپلاق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 1149. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 4461 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

تەبىئىي كەنتە

### ياپلاق

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.6 كىلومېتىر. چۆكۆندى تۆزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا ـ كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ كەنتىنىڭ ئورنى گۆلاخما يېزىسىنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، ياقا ئېرىق دەپ ئاتالغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياپلاق قا ئۆزگەرگەن. نوپۇسى 560. تېرىلغۇ يېرى 2337 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

## ياقا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياقا ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.5 كىلومېتىر. چۆكۆندى تۆزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا ـ كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ياقا ئۆستەڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 893. تېرىلغۇ يېرى 3619 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3500 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

تەبىئىي كەنتە

### ياقائۆستەڭ

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.5 كىلومېتىر. چۆكۆندى تۆزلەڭلىك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن مۇللا غوجىكام دېگەن كىشى مۇشۇ يەردىن بىر ئۆستەڭ ئېلىپ ، سۇ باشلاپ كېلىپ كەنتە بەرپا قىلغان. شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ، كەنتىنىڭ نامى ياقا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 315. تېرىلغۇ يېرى 1202 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

## شاپتۇللۇق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: شاپتۇللۇق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. چۆكۆندى تۆزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى شاپتۇللۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 698. تېرىلغۇ يېرى 2818 مو. ئوتلاق كۆلىمى 1000 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**شاپتۇللۇق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. ئىلگىرى بۇ جايدا شاپتۇل دەرىخى كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى شاپتۇللۇق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 458. تېرىلغۇ يېرى 1743 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**بۇگۇر ئۆستەڭ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. نوپۇسى 240. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 1079 مو. ئوتلاق كۆلىمى 200 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ. ئىسمىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى.

**لايقا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: لايقا ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى لايقا ئۆستەڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 561. تېرىلغۇ يېرى 2315 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**لايقا ئۆستەڭ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. ئۇيغۇرچە ”لايلاپ قالدىغان ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە“ بۇ جايىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، ئۆستەڭ لايلاپ قالغاچقا، بۇ كەنتنىڭ نامى لايقا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 561. تېرىلغۇيېرى 2315 مو. دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

**ئاقئېلەك كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقئېلەك كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقئېلەك كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 1440. تېرىلغۇيېرى 5044 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، ئالما قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**چاتاق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. غەربىي گولاخمايا بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە «تارماق» دېگەن مەنىدە. ئۇشۇ ئۆستەڭنىڭ بىر چاتىقى مۇشۇ كەنتكە كەلگەچكە، بۇ كەنتنىڭ نامى چاتاق دەپ ئاتالغان.

نوپۇسى 279. تېرىلغۇ يېرى 895 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ.

**ئۇشۇ ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: پوناق ئېرىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 3.7 كىلومېتىر. چوڭكۇندى تۈزلەڭلىك. ئۇ شۇ ئۆستەڭ دېگەن سۆزنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئى كەنت بار. نوپۇسى 1477. تېرىلغۇ يېرى 5748 مو. ئوتلاق كۆلىمى 2700 مو. دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، پىلە، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**پوناق ئېرىق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارىلىقى 3.7 كىلومېتىر. چوڭكۇندى تۈزلەڭلىك. بۇ كەنتتىن دامكو يېزىسىنىڭ پوناق كەنتىگە بارىدىغان بىر ئېرىق بولغانلىقتىن، بۇ، كەنتنىڭ نامى پوناق ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 327. تېرىلغۇ يېرى 1364 مو. بۇغداي قوناق، پاختا، پىلە چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**ئۆستەڭ ئوچچى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارىلىقى 4.7 كىلومېتىر. چوڭكۇندى تۈزلەڭلىك. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىلگىرى بىر ئېرىقنىڭ ئاخىرقى نوختىسى مۇشۇ يەردە توختىغانلىقتىن، بۇ، كەنتنىڭ نامى ئۆستەڭ ئوچچى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 410. تېرىلغۇ يېرى 1492 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن-تاۋۇز پىلە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**هاڭگىرىتلىق ئۆستەڭ**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارىلىقى 4.8 كىلومېتىر. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىلگىرى پومچەك، زومگەرلەر بۇ جايىنىڭ يەر-زېمىن ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلىرىنى ئىگەللىۋالغان. ھەممە نۇرغۇن هاڭگىرىت باققان. شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ جايىنىڭ نامى هاڭگىرىتلىق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 406. تېرىلغۇ يېرى 1518 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن-تاۋۇز چىقىدۇ.

**سالجىلىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سالجىلىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 4.1 كىلومېتىر. چوڭكۇندى تۈزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا-كېرىيە تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى سالجىلىق كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 245. تېرىلغۇ يېرى 849 مو. ئوتلاق كۆلىمى 97 مو. قوناق، بۇغداي، پاختا قاتارلىقلار چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**سالجىلىق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان تۈزلىنىيە ئارىلىقى 4.1 كىلومېتىر. چوڭكۇندى تۈزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا-كېرىيە تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئىلگىرى بۇ جاي قۇمۇشلۇق بولۇپ سالجا (بىر خىل قۇرت) ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، كەنتنىڭ نامى سالجىلىق دەپ ئاتالغان.

نوپۇسى 245. تىرىلغۇ يېرى 849 مو. بۇغداي، قۇناق، پاختا چىقىدۇ.

**تاغۇلۇا ئورمانچىلىق مەيدانى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 4.2 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە "تارزاكۇ" دىگەن مەنىدە. ئىلگىرى بۇ جايدا ناھايىتى تاربىرزاكو (غۇلۇا) بولغانلىقتىن بۇ جايىنىڭ نامى تاغۇلۇا دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 83. تىرىلغۇ يېرى 221 مو. ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆچەت يېتىشتۈرىدۇ.

**قاراسۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكتى**

يېزا باشقۇرغان مەيدان

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 7 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى قارا سۇ ئامبىرىدا بولغانلىقتىن، قارا سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكتى دەپ نام بېرىلگەن. نوپۇسى 295. تىرىلغۇ يېرى 1027 مو. دېخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قۇناق، پاختا چىقىدۇ.

**سالجىلىق تارماق ئورمانچىلىق مەيدانى**

يېزا باشقۇرغان مەيدان

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 4.8 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. جەنۇبى چىرا-كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئىلگىرى بۇ جاي قۇمۇشلۇق بولۇپ، سالجا (بىر خىل قۇرۇت) ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، سالجىلىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 63. ئورمان يېرى 195 مو. تېرەك، جىگدە، ئۈزۈم، بۇغداي، قۇناق تېرىلىدۇ.

# دامكۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

دامكۇ يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە، چىرا-كېرىيە تاشيولىنىڭ ئىككى تەرپىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تۈزلىنىيە ئارلىقى، 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبى نۇرى يېزىسى بىلەن، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربى گۇلاخما يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى كېرىيە ناھىيە قارىقىر يېزىسى بىلەن خوشنا، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 268.6 — 321.3 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 3.2 — 31.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمى يەر مەيدانى 6206 كۋادرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 15 كەنت كومىتېتى، 30 تەبىئى كەنتە، 3834 ئائىلە، 14709 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 3827 ئائىلە، 14644 نوپۇس، خەنزۇ مىللىتى 7 ئائىلە، 65 نوپۇس.

دامكۇ يېزىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چوقاباش كەنتىدە. دامكۇ يېزىسى نامىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خىلمۇ-خىل قاراشلار بار. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئاساس يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دامكۇ دېگەن بۇ جاي خوتەندىن تەخمىنەن 40 يىل كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. "دىنكو" دېگەن مەنىدە. دامكۇ دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر تەلەپپۇزى "دۇموكۇ" بولۇپ "ئىككى ئالتۇن موكا" دېگەن مەنىدە. "دۇموكۇ" دېگەن سۆز يەر شەكلى ئەگرى تۇقاي دېگەن مەنىدە. دېگەن سۆزلەر بار. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: بۇنىڭدىن تەخمىنەن 150 يىل بۇرۇن بۇرۇنقى دامكۇنىڭ ئورنى ھازىرقى دامكۇنىڭ شىمالى تەرپىدە بولۇپ، 40 كېچە كۈندۈز دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئېتىزلا ۋە ھويلا ئاراملار قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئاھالىلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشكە ئامال بولماي، ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يۇرتىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتا دامكۇ قىدىمقى كېرىيە دۆلتىگە قارايدىكەن، كېرىيە خانى يوتكىلىش خەرىتىسىنى كۆرۈپ ساپ شاخمات تاختىسىغا ئوخشايدىكەن (ئۇيغۇرچە دامكۇ) دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دامكۇ دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن دېگەن سۆزلەر بار.

مىنگونىڭ 33-يىلى باۋ، جا تۈزۈمى ئورنىتۇلۇپ، دامكۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بادى بازىرى، يېزىلىرى خۇمسىن يېزىسى بولغان. 1949-يىلى ئازات بولغاندىن كېيىن 4-رايون بولۇپ ئايرىلغان. 1959-يىلى خەلق گۇڭشىلىشىش ۋاقتىدا، دامكۇ گۇڭشى دەپ نام بېرىلگەن، 1984-يىلى دامكۇ يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزا كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى گىرۋىكى، تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ جەنۇبى ياقىسىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. يەر تۈزۈلۈشى شەرقى جەنۇپتىن غەربى شىمالغا يانتۇ. ئۇكلۇنى 300.1%. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1386 مېتىر. شىمالى قىسمىنىڭ دېڭىز

يۈزىدىن ئېگىزلىگى 1101 مېتىر، جەنۇبى قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 1600 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىگى 1370 مېتىر كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، قۇرغاق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7C°، ئەڭ سوغاق بولغاندا 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6C°، چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 23.9C°، ئەڭ ئىسسىق بولغان 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25C°، چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9C°، ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 33.2 مىللىمېتىر. يىللىق قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن، قۇياش نۇرى يېتەرلىك. كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن. كېچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە نۇر، ئىسسىقلىق بايلىقىنى ماددىغا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشقا پايدىلىق.

ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، ياۋا چوشقا، ياۋا توشقان، ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن قۇمۇش، يۇلغۇن، يەر مەرسى، چۈچۈكبۇيا بار. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى پىلە، ئالما، نەشپۈت، قوغۇن، تاۋۇز.

سۇ بايلىقى مول، يېزا تەۋەسىدە 3 تەبىئى بۇلاق جىلغىسى بولۇپ يىل بويى سۇ توختىمايدۇ.

پەسىللىك 2 كەلكۈن جىلغىسى بار. 3 بۇلاق جىلغىسىنىڭ بىرىسى دامكو ئېقىن، ئۇزۇنلىقى 23 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 150 مېتىر. جىلغىنىڭ ئىچىدە 40 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بۇلاق بار. ھەممە بۇ ئېقىنغا جەڭگىۋار ئۆستەڭنىڭ سۈيى قۇيۇلۇپ، ئېقىم مىقدارى 0.775 كوپمېتىر/سكونت قا، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 44 مىليون كوپمېتىرغا يېتىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 50 مىڭ مو. ئىككىنچىسى دامكو يا، ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 27 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 150 مېتىر، يانىڭ ئىچىدە 20 دانە چوڭ ـ كىچىك بۇلاق بار. ئېقىم مىقدارى 0.25 كوپمېتىر/سكۇنت. يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 3 مىليون 600 مىڭ كوپمېتىر. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 15 مىڭ مو، ئۈچىنچىسى پۇناق يا. ئۇزۇنلىقى 25 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 150 مېتىر. ئېقىم مىقدارى 0.75 كوپمېتىر/سكۇنت، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 7 مىليون 400 مىڭ كوپمېتىر، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 25 مىڭ مو. يىلىۋا ئېقىن بىلەن تۈز ئېقىن پەسىللىك كەلكۈن جىلغىسى بولۇپ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 109 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 0.54 كوپمېتىر/سكۇنت. سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر ياخشى، ئاساسى جەھەتتىن يۇرۇشلىشىپ بولدى. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ جەڭگىۋار ئۆستەڭ، دامكوغول ئوق ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، 1 ـ 2 ـ 3 ـ ئوق ئۆستەڭ، تارماق ئېرىق، يان ئېرىق سۇغۇرۇش ئېرىقلىرى. ياسىلىپ، سۇغۇرۇش تورلىرى شەكىللەندى. مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى، پۇناق سۇ ئامبىرى، قارىمان سۇ ئامبىرى، چىگىلىك يا سۇ ئامبىرى ياسىلىپ قىش پەسلىدە سۇ چىڭقىلىدۇ. كىچىك تىپتىكى بۇ سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق 70 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرلەر كۆكەرتىلىدۇ.

ئىگىلىكى دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇيان دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى 45456 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 7 مىليون 915 مىڭ جىڭ بولۇپ،

1984 ـ يىلى غا كەلگەندە تىرىلغۇ يەر كۆلىمى 71 مىڭ مو غا يەتتى. 28550 مو بۇغداي تىرىلىپ، مەھسۇلاتى 8 مىليون 503 مىڭ 422 جىڭ غا، 16011 مو قوناق تىرىلىپ، مەھسۇلاتى 9 مىليون 11012 جىڭغا، 6235 مو كېۋەز تىرىلىپ، مەھسۇلاتى 506 مىڭ جىڭغا، 180 مو مايلىقدان تىرىلىپ مەھسۇلاتى 682 مىڭ جىڭغا يەتتى.

1984 ـ يىلى دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەڭ يۇقىرى رىكورت ياراتتى، ئومۇمى مەھسۇلاتى 17 مىليون 614 مىڭ جىڭغا يەتتى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان 1980 ـ يىلى يىل ئاخىرىسىدىكى چارۋا قوتان قالدۇغى 41.614 تۇياقىقا يەتتى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈتۈن يېزا بويىچە بار بولغان چارۋا 26482 تۇياق ئىدى. ئومۇمى يايلاغ كۆلمى 519 مىڭ 9 مو بولۇپ، ئومۇمى يەر مەيدانىنىڭ %5.58 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن يازلىق يايلاغ 55650 مو، قىشلىق يايلاغ 463 مىڭ 440 مو، 1984 ـ يىلى ئاخىرىسىدىكى چارۋا قوتان قالدۇغى 41614 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ دىن كالا 5183 تۇياق، ئات 205 تۇياق، ئېشەك 6122 تۇياق، قېچىر 19 تۇياق، تۆگە 138 تۇياق، ئەچكۇ 6766 تۇياق، قوي 23181 تۇياق.

ئورمان كۆلىمى 15775 مو بولۇپ، ئومۇمى يەر مەيدانىنىڭ %0.078 نى تەشكىل قىلىدۇ. بار بولغان ھەر خىل دەرەخ 4 مىليون 243 مىڭ 190 تۈپ.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رىمونت قىلىش كارخانىسى، گىلەم كارخانىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، كۆچەت خانا، مېۋىلىك باغ، ئوتۇن زاۋۇدى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىدى بولۇپ، 1984 ـ يىلىدىكى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 240. 323 يۈەن.

قاتناش تىرانسپورت ئىشلىرى بىر قەدەر قولايلىق بولۇپ، يېزىدا 5 ئاپتوموبىل، 73 دانە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتور، 17 دانە قول تىراكتورى بار. بۇ جاي خوتەندىن كىرىيەگە ئۆتىدىغان بىردىن بىر يول بولۇپ، شەرقتىن كىرىيە، نىيا، غەربتىن خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدۇ. يېزىدا 1 دانە غول يول، 5 دانە تارماق غول يول، 102 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتنايدىغان يول بولۇپ، ھەرقايسى كەنتلەرگە قەدەر تۇتىشىدۇ.

مەدىنى مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تىز بولدى. ھازىر 1 ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى خىزمەتچىسى 48 نەپەر، ئوقۇغۇچى 594 نەپەر. 15 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئوقۇتقۇچى ئىشچى خىزمەتچىسى 107 نەپەر، ئوقۇغۇچى 1965 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ چىرا ناھىيەسى بويىچە نوقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىلغار ئورۇن. 1 دانە ئۈستى ئوچۇق كىنوخانىسى، 1 دانە رادىئو ئۆزىلى بار.

يېزىدا 1 دوختۇرخانا، 21 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى، 40 دانە كىسەل كارۋىتى بار. كەنتلەردە 17 جايدا ساقلىقنى ساقلاش ئورنى. 33 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار.

قەدىمقى خارابىلاردىن كونا دامىكۇ بولۇپ، يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى 19.1 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. ئورنى تەكلىماكان قۇملۇغى ئىچىدە. ھازىر بۇ جايىنىڭ خارابىلىرى ۋە قۇرۇپ قالغان دەرەخلەر بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ھەمىشە ئادەم كىلىپ ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دامىكۇ يېزىسى
# ئۆلچەملىك نامى

## دامىكۇ يېزىسى

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

تەبىئى كەنتە

### چۇقاباش

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 0.5 كىلومېتىر. ئورنى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، چۇقاباش ئىسىملىك بىر كىشى ئەڭ بۇرۇن كۆچۈپ چىقىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان، شۇنىڭغا ئاساسەن چۇقاباش دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. نوپۇسى 1068، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 1064 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 4 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 4093 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا، زىرە قاتارلىقلار چىقىدۇ.

### داشكۆل كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارىلىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.8 كىلومېتىر. بۇ جايدا بۇرۇن يەر ئاستىدىن سىزىپ چىققان تۇزلۇق سۇلار يىغىلىدىغان بىر دانە داشكۆل بولغانلىقتىن، داشكۆل دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 901 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 4221 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق، بۇغداي، قوناق، پاختا چىقىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، تاۋۇز.

تەبىئى كەنتە

### ئارىلىق

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.8 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، دامىكۇ يا بىلەن پوناق يانىڭ ئارلىقىغا جايلاشقانلىقتىن ئارلىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 112 نەپەر، تېرىلغۇ يېرى 443 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

تەبىئى كەنتە

### قارا كۆتەك

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 3.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جاينى ئاچقاندا يەردىن يۇلغۇننىڭ بىر دانە قارا كۆتىكى چىققانلىقتىن، قارا كۆتەك دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 114 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 444 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق پاختا تېرىلىدۇ.

تەبىئى كەنتە

### ئوتتۇرىدىكى داشكۆل

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ جاي ئىلگىرى قومۇشلۇق بولۇپ ئوتتۇرىسىدا بىر دانە داشكۆل بولغانلىقتىن، ئوتتۇرىدىكى داشكۆل دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 229 نەپەر، تېرىلغۇ يېرى 1064 مو. دېھقانچىلىق ئاساس، ئورمانچىلىق قوشۇمچە. بۇغداي، قوناق، پاختا ۋە ھەر خىل كۆكتات تېرىلىدۇ.

## كۆك ئېقىن بېشى

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.7 كىلومېتىر. بۇ جاي بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان ئېقىن بولغانلىقتىن، كۆك ئېقىن بېشى دەپ ئاتالغان. يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 150 تۇياق.

## يۇلغۇنلۇق

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 6.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ يايلاغ دا يۇلغۇن كۆپ بولغانلىقتىن يۇلغۇنلۇق دەپ ئاتالغان. تەبىئىي يايلاق كۆلىمى 700 مو، يۇلغۇن، قومۇش، قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. يىلىغا 60 مىڭ جىڭ قۇرۇق قومۇش يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

## قارا كېچىك

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ يايلاغدا ئادەم ۋە ھايۋانلار ماڭىدىغان بىر دانە يول (كېچىك) بولغاچقا، قارا كېچىك دەپ ئاتالغان. تەبىئىي يايلاغ، كۆلىمى 600 مو، قومۇش، يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

## چوقاباش كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: چوقاباش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە، ئارلىقى 0.5 كىلومېتىر. چىرا كىرىيە تاشيولىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى چوقاباش كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنت بار. نوپۇسى 1068 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 1064 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 4 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 4093 مو. بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

## قاشتوغراق كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاشتوغراق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.1 كىلومېتىر. ئورنى چىرا-كىرىيە تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە. شەرقىي دامكويا بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى قاشتوغراق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 770 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 2268 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك، زىرە.

## قاشتوغراق

تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.1 كىلومېتىر. چىرا-كىرىيە

www.uyghurkitap.com

تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. ئىلگىرى بۇ جايدىكى يانىڭ قاسىندا توغراق دەرەخلىرى بولغانلىقتىن، قاشتوغراق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 770 نەپەر. بۇغداي، قوناق، پاختا، تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈرۈك، زىرە.

**ئېلەك ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئېلەك ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئېلەك ئۆستەڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 851 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 2906 مو، يايلاق كۆلىمى 800 مو، بۇغداي، قوناق پاختا زىرە تېرىلىدۇ.

**ئېلەك ئۆستەڭ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.4 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن كونا دامكۇدىن كۆچۈپ چىققان كىشىلەر مۇشۇ جايدىكى بىر ئېلەك (جىلغا)نىڭ ئىككى بويىدا ئولتۇراقلىشىپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئېلەك ئۆستەڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. نوپۇسى 851 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 2906 مو، يايلاق كۆلىمى 800 مو، قوناق، پاختا، زىرە تېرىلىدۇ.

**گۈل تېرىغان كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: گۈل تېرىغان كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، تۇرۇشلۇق ئورنى گۈل تېرىغان كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 1260 نەپەر تېرىلغۇ يېرى 4105، مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1000 تۇياق، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، تاۋۇز.

**گۈل تېرىغان** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 1.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، كونا دامكۇدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار بۇ يەرگە بىر دانە مەچىت ياساپتۇ، ھەمدە مەچىتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە گۈل تېرىپتۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جاينىڭ نامى گۈل تېرىغان دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. نوپۇسى 1088 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 3735 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈرۈك، زىرە.

**تالالىق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 2.7 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ يەردە بۇرۇن توغراق كۆپ بولۇپ، كىشىلەر توغراقنىڭ شېخى

بىلەن سىۋەت تۇقۇغانلىقتىن تالىلىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 172 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 370 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**لەڭگەر سىرتىق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 8.1 كىلومېتىر. دۆڭلۈك جاڭگال، بۇ جايدا قومۇش كۆپ بولۇپ كۆز پەسلىدە قومۇشلار سېرىق رەڭگە كىرىدۇ، ھەمدە بۇ جايدا يولۇچىلار قونۇدىغان لەڭگەر بار، شۇنىڭغا ئاساسەن لەڭگەر سېرىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1005 تۇياق. قومۇشلۇق جاڭگال بولۇپ، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**چوڭكۆل كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭكۆل كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.6 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭكۆل كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1277 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 5300 مو. يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3500 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا يوڭ، تېرە، گوش قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**چوڭكۆل** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2.6 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى كۆلدەك پەس بولغانلىقتىن چوڭكۆل دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 483 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 2027 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**شوركۆل** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 3.5 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى پەس بولغانلىقتىن شور سۇلىرى يىغىلىپ قالغاچقا، شور كۆل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 250 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 815 مو، بۇغداي قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**چاڭگى ئېرىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 3.6 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. ئىلگىرى مۇشۇ يەردىكى بىر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ لەقىمى چاڭگى بولغاچقا، چاڭگى ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 514 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 2463 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**قارا دۆڭ** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇ جاي دۆڭلۈكنىڭ ئارىسى بولۇپ، توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ يۇپۇر ماقلىرى دۆڭنىڭ تۇپىسىدا كۆمۈلۈپ قارىداپ كەتكەنلىكتىن، قارا دۆڭ دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى يايلاق كۆلىمى 1200 مو

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىلىدۇ. پەسىللىك يايلاق. توغراق، يۇلغۇن ۋە ھەرخىل ئۇسۇملۇك لەر ئۆسىدۇ.

**توغراق مازار** چارۋىچىلىق نۇقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 7.9 كىلومېتىر. بۇ جايدا توغراقلىق بىر مازار بولغانلىقتىن توغراق مازار دەپ ئاتالغان. چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق. توغراق قومۇش قاتارلىقلار بار.

**شور خانا كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: شور خانا كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 4.2 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، تۇرۇشلۇق ئورنى شور خانا كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1326 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 7503 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، تاۋۇز.

**شور خانا** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 4.2 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، راۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرىكى زاماندا ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوق دارىلىرىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن مۇشۇ جايغا بىر دانە ئۆي سىلىپ، دۆڭ تۇپىسى ۋە شورنى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان ئىكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر شور خانا دەپ ئاتاپ كەلگەن. نوپۇسى 1023 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 6203 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**شۇمتۇقاي** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 4.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ جايدا بۇرۇن بىر ئەگرى توقاي ئېرىق بولۇپ، بۇ ئېرىقلار يارىكىتىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ھەمىشە يەر زېمىنلىرىنى كۆكەرتەلمىگەن، شۇنىڭغا ئاساسەن، شۇمتۇ قاي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 302 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1300 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**پارچە كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاپاق توغراق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 4.1 كىلومېتىر. بۇرۇن يەر زېمىنلىرى تارقاق بولغاچقا پارچە كەنتە دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 967 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 4901 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 752 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**قاپاق توغراق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇزۇنلىقى ئارلىقى 4.1 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇ جايدا بۇرۇن قاپاق توغراق دەرىخى كۆپ بولغاچقا، قاپاق توغراق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 200 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 850 مو، بۇغداي، قوناق پاختا تېرىلىدۇ.

**پارچە كەنت** تەبئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 3.6 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك، يەر زېمىنلىرى تارقاق بولغاچقا، پارچە كەنت دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 767، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 4051 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**قىلقان مازار** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 5 كىلومېتىر. بۇ يەردە بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ قۇر ئاتىغا ئەرىز قىلغاچقا، قىلقان مازار دەپ ئاتالغان. يايلاقنىڭ كۆلىمى 1000 مو كېلىدۇ.

**چەشىلىك كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: جىگدىلىك كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك. بۇرۇن بۇ جايدا دەسلىۋى دە بۇغداي تېرىپ بۇغدايلارنى خامانغا چەش ياساپ قويغانلىقتىن، چەشلىك دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە بۇغداي دۆۋىسى دىگەن مەنىدە. تەۋەلىكىدە 3 تەبئى كەنتە بار. نوپۇسى 779 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 3740 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن-تاۋۇز تېرىلىدۇ.

**جىگدىلىك** تەبئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك، ئىلگىرى بۇ جايدا جىگدە دەرىخى كۆپ بولغانلىقتىن جىگدىلىك دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 280 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس تېرىلغۇيېرى 1200 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**مەدەكلىك** تەبئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.7 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك، نوپۇسى 223 نەپەر. تېرىلغۇيېرى 1140 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى.

**باش پوناق** تەبئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 8.1 كىلومېتىر. چوكۇندى تۇزلەڭلىك، بۇ جاي پوناق مەھەللە كومىتېتىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، باش پوناق دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە "چوناق" دىگەن سوزدىن تۆزگەرگەن. نوپۇسى 205 نەپەر. تېرىلغۇيېرى 920 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**پوناق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: تار دۆڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.3 كىلومېتىر. ئىلگىرى بۇ جايىنىڭ زېمىنىنى چوناق لەقەملىك زومىگەرلەر ئىگەللىۋالغانلىقتىن خەلقلەر ئۇدۇل چوناق دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي پوناق دەپ ئاتاپ، بۇ مۇشۇ يەرنىڭ نامى بولۇپ قالغان. تەۋەلىكىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

4 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 918 نەپەر. تېرىلغۇيېرى 2767 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 4600 تۇياق، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىيدۇ. چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**تاردۆڭ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇ جايدا بۇرۇن بىر دانە ئۇزۇنچاق دۆڭ بولغانلىقتىن، تار دۆڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 299 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 1100 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**كۆك جىگدە** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.8 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، ئىلگىرىكى زاماندا بۇ جايدا 3 تۇپ قۇرۇپ قالغان جىگدە بولۇپ، قايتىدىن كۆكلەپ ياشارغانلىقتىن، كۆك جىگدە دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 248 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 965 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**كالى بۇيى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.8 كىلومېتىر، چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، ئىلگىرى بۇ جايدا بىرقانچە ئائىلىك كىشى تۈگمەننىڭ كالىسىنىڭ بويىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، كالى بۇيى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 731 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 700 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**قارىمان** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 12.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، ئىلگىرى كىشىلەر بوز يەر ئاچقاندا ئوت چوپلەرگە ئوت قويغان. كۆيمىگەن يىلتىزلىرى يىراقتىن قارىغاندا قارا كۆرۈنگەچكە قارىمان دەپ ئاتىلىپ قالغان. نوپۇسى 280 نەپەر. تېرىلغۇيېرى 1200 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بىدە، قوش قەۋەت يايلاق. قوشۇمچە بۇغداي، قوناق تېرىلىدۇ.

## مالقالغان كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ساراي دۆڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 10.2 كىلومېتىر. ئىلگىرى بۇ جايدا چارۋا ماللارنى تالايدىغان بىر خىل ھاشارەت پەيدا بولغاچقا مالتالغان دەپ ئاتالغان، كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سوز مالقالغانغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 635 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 2380 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**ساراي دۆڭ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارلىقى 10.2 كىلومېتىر. ئورنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى ياقىسى. ئىلگىرى بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغانلىقتىن، ساراي دۆڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 245 نەپەر، دېخانچىلىق

ئاساس، تېرىلغۇيېرى 2000 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**تېرەك ئالدى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 10 كىلومېتىر. ئورنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى ياقىسى، بۇ جايدا بۇرۇن تېرەك بولغانلىقتىن، بۇ كەنتنىڭ نامى تېرەك ئالدى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 240 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 380 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**دوڭغاق مەھەللىسى** ۋەيران بولغان كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 12.2 كىلومېتىر. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى ياقىسى، ئىلگىرى بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ لەقىمى دوڭغاق بولغاچقا، دوڭغاق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە 3500 مو يېرى بولۇپ، هازىر بوز يەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئىستىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن بۇ جايلار كەنتە بولۇپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى 1947 ـ 1949 ـ يىللىرى سۇ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن تەدرىجى مەر ئاغا ئايلانغان، 1958 ـ يىلى سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ ۋەيران بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاھالىلار ساراي دۆڭ كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

**كونادامكو** ۋەيران بولغان كەنتە

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**يېڭى ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭى ئۆستەڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىغى 6.8 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى يېڭى ئۆستەڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 4 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 968 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇ يېرى 5210 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2500 تۇياق. بۇغداي، قوناق، پاختا، يۇڭ، تېرە، پىلە چىقىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن، تاۋۇز.

**يېڭى ئۆستەڭ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6.8 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك، بۇ جاي كەنتە بولۇپ، شەكىللەنگەندە يېڭىدىن بىر دانە ئۆستەڭ ئېلىنغان، شۇنىڭغا ئاساسەن كەنتىنىڭ نامى ئۆستەڭ نامى بىلەن ئاتالغان. نوپۇسى 483 نەپەر، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 2061 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**ئاچما باغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 8.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۇزلەڭلىك. ئىلگىرى بۇ جايدىن بوز يەر ئېچىپ مېۋىلىك دەرەخ سېلىنغان، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاچما باغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 165 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 965 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**شېۋاق ئۆستەڭ** تەبىئى كەنتە

www.uyghurkitap.com

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 5.9 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، ئىلگىرى بۇ جايدىكى شورلۇقتىن بىر دانە ئۆستەڭ ئېلىنغاچقا، شىۋاق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 170 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1066 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**سەگە تېرەك** تەبىئىي كەنت

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 6.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. بۇ جايدا بۇرۇن بىرقانچە تۈپ چوڭ سەگە تېرەك بولغانلىقتىن، سەگە تېرەك دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 150 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1118 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**زىندانكۆل كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: زىندانكۆل كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 9.3 كىلومېتىر چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، تۇرۇشلۇق ئورنى زىندان كۆل كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئىي كەنت بار. نوپۇسى 1123 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 6365 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 4000 تۇياق، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**زىندانكۆل** تەبىئىي كەنت

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 9.3 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ زېمىنلىرى زىنداندەك پەس بولغاچقا زىندانكۆل دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 272 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1384 مو، بۇغداي قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**قىغلىق ئېرىق** تەبىئىي كەنت

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 8.6 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، بۇرۇن بۇ جايدا بىر دانە دۆڭ بولۇپ، يۇلغۇن چىمەنى ۋە قىغ بىلەن قاپلانغان، مۇشۇ دۆڭنىڭ باغرىدىن بىر ئېرىق ئېلىنغان. شۇنىڭغا ئاساسەن كەنتنىڭ نامى قىغلىق ئېرىق دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 271 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1000 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ.

**ئاياغ پۇناق** تەبىئىي كەنت

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 8.6 كىلومېتىر. چۆكۈندى تۈزلەڭلىك، نوپۇسى 580 نەپەر، دېھقانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 3981 مو، بۇغداي، قوناق، پاختا تېرىلىدۇ. بۇيەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى.

**يى يىن ئېقىن** چارۋىچىلىق نۇقتىسى

گولاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 22.2 كىلومېتىر. ئىلگىرى پۇناق ئېقىنىنىڭ سۈيى مۇشۇ

جايلارغا كەلگەندە يېلىپ ئاققانلىقتىن، يى يېرى ئېقىن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ جايلار قۇملۇق جاڭگال بولۇپ، قۇمۇش، يۇلغۇن، توغراق، چاتقال قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، توشقان، تۈلكە، قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. چارۋا بېقىشقا بولۇدۇ.

**ئۇ قالقاش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۇقالقاش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىغى 6 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 96 نەپەر. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 80 نەپەر. خەنزۇ مىللىتى 16 نەپەر. تېرىلغۇيېرى 600 مو، كۆچەتچىلىك ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز چىقىدۇ.

**ئۇقالىقاش** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 6 كىلومېتىر. يەر شەكلى مۇرەككەپ، قۇمۇش كۆپ، نوپۇسى 96 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 80 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 16 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 600 مو، كۆچەتچىلىك ئاساس، بۇغداي، قوناق، پاختا، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز چىقىدۇ.

**مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوخشاش.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 9 كىلومېتىر. ئورنى مول ھوسۇل سۇ ئامبىرىدا بولغانلىقتىن، مول ھوسۇل ئامبىرى كەنت كومىتېتى دەپ نام بېرىلگەن. نوپۇسى 93 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 429 مو، ئامبارنى قوغداشنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، قوغۇن—تاۋۇز تېرىلىدۇ.

# چاقا يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى (ئۇلۇغساي يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

چاقا يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 56 كىلومېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى چىرا بازىرى چىرا يېزىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي لوپ ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي نۇرى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پۈتۈن يېزىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 8750 كۋادرات كىلومېتىر. جەنۇپتىن شىمالغا 142.7 — 153 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى 39.6 — 69.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەۋەلىكىدە 28 كەنت كومىتېتى، 48 تەبىئىي كەنتە بار. بۇنىڭدىن ئۇلۇغساي يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە 8 كەنت كومىتېتى، 9 تەبىئىي كەنتە بار. ئومۇمىي ئائىلىسى 3638، ئومۇمىي نوپۇسى 13,911، ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتى. چاقا يېزىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى: چارباغ كەنتىدە. ئۇلۇغساي يېزىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى: بادىغان كەنتىدە.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چاقا 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. قەدىمقى زاماندا مۇڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەت ئولتۇراقلاشقان. مىللەتلەر ئۆزئۇنىچە ئەپ بولالماي ئۆز ئارا بىر-بىرىنى چاقىقانلىقتىن، بۇ يەرنىڭ نامى چاقا دەپ ئاتالغان. مىنگو دەۋرىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ يۈكلاك بازىرى، يۈيمىن يېزىسى بولغان. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىرا ناھىيە 5-رايون بولۇپ ئايرىلغان. 1959-يىلى خەلق گۇڭشېلىشىش مەزگىلىدە چاقا خەلق گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى چاقا يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1984-يىلى 5 دادۇي، 9 تەبىئىي كەنتىنى ئايرىپ ئۇلۇغساي يېزىسى قۇرۇلدى. ئۇلۇغساي دېگەن چوڭ ساي دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئورنى ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ بويىدا بولغانلىقتىن، ئۇلۇغساي يېزىسى دەپ نام بېرىلدى.

چاقا يېزىسى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6785 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1720 مېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2060 مېتىر. يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، مۇز تاغ مۇشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6638 مېتىر بولۇپ، يىل بويى مۇزۇە قار بىلەن قاپلانغان، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىدىغان يېرىدۇر. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان باشقا تاغ چوققىلىرى قارمۇ ئېرىمەيدىغان بەلۋاغلار بولۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى دەريالارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 4000 — 5000 مېتىرغىچە بولغان جايلارتىك قىيا چوققىلا بولۇپ، جىلغا ئىچىدە بىر-بىرىگە تۇتاشمايدىغان ئېگىز ۋە سوغاق

ئوتلاقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن 3400 — 4000 مېتىرغىچە بولغان جايلارنىڭ تۇپا قەۋىتى بىرقەدەر قېلىن بولۇپ، بۇ جايلاردا ئاساسلىقى ئۇقۇلۇق دۆڭ تېغى، ئۇلاچى تېغى بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 مېتىر چامىسىدىكى كوئېنلۈن تېغىدىكى ئوتلاق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى يېتىلىدىغان ئاساسلىق بەلۋاغ بولۇپ، كۆمۈش باشاقلىق ئوتلار، سېرىق چان، قوي ياۋىسى، قوي كۆزى ئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار.

ئاساسلىق جىلغىلاردىن ئاناسباي جىلغىسى بولۇپ، يېزىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كوئېنلۈن تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇرۇق جىلغا. ئاساسلىق كۆللەردىن چوڭ كۆل بولۇپ، يېزىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كوئېنلۈن تېغىغا جايلاشقان. سۇ يۈزى ئېگىزلىكى 3732 مېتىر، يەر مەيدانى 0.15 كۋادرات كىلومېتىر، سۈيى تاتلىق، تاغدىكى قارسۇلىرى نىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن. كۆلدە ياۋا ئۆدەك، تۇرنا قاتارلىق ياۋايى قۇشلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2400 — 3000 مېتىرغىچە بولغان جايلارنىڭ تاغلىرى يانتۇ بولۇپ، تۇپا قاتلىمى ناھايىتى قېلىن. چۆل ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئاساسلىقى سۇقا، تۆگە تاپىنى، قول قانات، كۆرۈك، ياپچان، جۇزغۇن، شىۋاخ، شاپ قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2400 مېتىردىن تۆۋەن بولغان جايلاردا گىيا ئۈنمەيدۇ. يېزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تىكلىك تېغى بولۇپ، چاقا يېزىسى بويىچە كىلىماتى ئەڭ قۇرغاق، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى ئەڭ شالاڭ، تاغلىرى ئەڭ خەتەرلىك، قاتناش ئەڭ قىيىن بولغان تاغلىقتىن ئىبارەت. ئاساسلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كورۈك، ياپچان قاتارلىقلار بار.

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.7C°، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل يېغىن مىقدارى 150 مىللىمېتىر چامىسىغا يېتىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 185 كۈن. ئەڭ سوغاق بولىدىغان (1-ئاي) ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 11C° - 5C°، ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان ئايدىكى (8-ئاي) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24°C - 16°C، يىللىق چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 36°C - 30°C، يىللىق چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 22°C - 21°C، بۇ يېزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ ھەرقايسى جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. ئوتتۇرا ۋە پەس تاغلىق بەلۋاغلاردا قىشتا قاتتىق سوغاق، يازدا قاتتىق تومۇز بولمايدۇ. 4 پەسىلدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بەك چوڭ ئەمەس. دېخانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئوت چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باپ كېلىدۇ.

تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 50 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى نىڭ 0.39% نى ئىگەللەيدۇ. ئورمان يېرى 6931 مو، 0.053% نى ئىگەللەيدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 - 3000 مېتىرغىچە بولغان دەريا جىلغىلىرىغا جايلاشقان. يايلاغ كۆلىمى 2 مىليون 400 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 18.15% نى ئىگەللەيدۇ. تاغلىق كۆلىمى 10,690,960 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 80.44% نى ئىگەللەيدۇ.

چاقا يېزىسىنىڭ ئىگىلىگى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئازاتلىقتىن بۇيان، دېخان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. 1984 ـ يىلى 19110 مو بۇغداي تېرىلىپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 4 مىليون 900 مىڭ جىڭغا، 12800 مو قوناق تېرىلىپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 4 مىليون 110 مىڭ جىڭغا، 4200 مو ئارپا تېرىلىپ ئومۇمى مەھسۇلاتى 970 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1984 ـ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 10 مىليون 310 مىڭ جىڭغا يېتىپ، تارىخى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1984 ـ يىلى يىل ئاخىرىسىدىكى چارۋا قوتان قالدۇغى 93625 تۇياق، بۇنىڭدىن كالا 4116 تۇياق، ئات 1259 تۇياق، ئېشەك 6702 تۇياق، قېچىر 17 تۇياق، توگە 364 تۇياق، ئەچكۇ 12,355 تۇياق، قوي 68812 تۇياق، ئەڭ يۇقىرى تارىخى سەۋىيىسى 1968 ـ يىلى بولۇپ، قوتاندا قالدۇرۇلغان چارۋىسى 108.886 تۇياق ئىدى.

ئورمانچىلىقمۇ بىر قەدەر زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. 1984 ـ يىلىغا قەدەر بولغان ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى 3102 مو، ئىقتىسادي ئورمان 3021 مو، تارقاق ئورمان 1 مىليون 128 مىڭ 626 تۈپ، مىۋىلىك دەرەخلەردىن ئۆرۈك، شاپتۇل، ياڭاق، ئالما قاتارلىقلار بار. يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رىمونت قىلىش كارخانىسى، قۇرۇلۇش ئەترىتى، توخۇ پەرمىسى قاتارلىقلار بولۇپ، 1984 ـ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 152 مىڭ يۈەن.

سۇ بايلىغى مول، چوڭ كىچىك 25 دەريا بولۇپ، ئۇلۇغساي دەرياسى بىلەن چاقا دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 155 مىليون 200 مىڭ كوپمېتىرغا يېتىدۇ. بۇلاق سۇيى بولۇپ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 14 مىليون 600 مىڭ كۇپمېتىرغا يېتىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن سۇ بايلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، 2 دانە ئوق ئۆستەڭ، 3 دانە سۇ ئامبىرى ياسالدى.

كان بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، كۆمۈر، ئاھاك تېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەگرەن، تۈلكە، داۋغان، ياۋا توشقان، قۇش، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىقلار بار. دارى ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىنەپشە، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار.

ئالاھىدە مەھسۇلاتى توگە يۇڭى، قوي يۇڭى، تېرە، ئۇلا قاتارلىقلار بار. قاتناش ترانسپورت ئىشلىرى بىر قەدەر قولايلىق 1956 ـ يىلى چىرا ـ چاقا تاشيولى ياسالغان بولۇپ، ئاپتوموبىل تراكتورلار قاتنيالايدۇ. 77 ـ يىلدىن باشلاپ، خوتەندىن چاقاغا ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوۋۇزى قاتنىدى. ھازىر كۆپ قىسىم كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاپتوموبىل، تراكتور بارالايدۇ. يېزا بويىچە 3 ئاپتوموبىل، 43 دانە چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، 5 دانە كىچىك تىپتىكى تراكتور بار.

ئازاتلىقتىن بۇيان، مەدەنى مائارىپ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يېزا بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. 1982 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ ھازىر 22 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىسى، 230 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. 24 باشلانغۇچ مەكتەپ، 92 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچى، 1563 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

يېزىدا بىر دانە شىپاخانا بولۇپ، 24 نەپەر دوختۇر ۋە سېستىرا، 40 كىشىلىك كارۋىتى بار. كەنتلەردە 28 ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، 58 نەپەر خادىم بار. مەدەنىيەت ئۆيلىرىدىن رادىئو ئوزىلى، كىنو خانا (دۆيلىرى)، قىرائەتخانا، مەدەنىيەت ئۆيى بار.

ئاسارە-ئەتىقىلەردىن "ھاشى چوقتۇرۇش قورغان" "ھاسا چوقتۇرۇش قورغان"دىن ئىبارەت ئىككى قەدىمى قەلئە بار. بۇنىڭ ئالدىنقىسى يېزىنىڭ غەربىگە، 12.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. كېيىنكىسى يېزىنىڭ غەربىگە، 11.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

ئەسكەرتىش: 1984-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى چاقا گۇگشى دىن 5 دا دۆيىنى ئايرىپ ئۇلۇغساي يېزىسى قۇرۇلدى. لىكىن ھەرقايسى تارماقلارنىڭ 1984-يىلى ئاخىرىسىدىكى ئىستاتىستىكا مەلۇمات ماتېرىياللىرى يەنىلا چاقا گۇگشىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئېلىنغان. ئۇلۇغساينىڭ ماتېرىياللىرى ئايرىم ئىستاتىستىكا قىلىنمىغان. شۇڭا ئۇلۇغساي يېزىسىنىڭ ماتېرىياللىرى بولمىغاچقا، ئۇلۇغساي يېزىسىنىڭ ئەھۋالى چاقا يېزىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىغا قوشۇپ يېزىلدى.

# چاقا يېزىسى

## ئۆلچەملىك نامى

**چاقا يېزىسى**

تەپسلاتى ئومۇمى بايانغا قاراڭ.

تەبىئى كەنتە

**چاربباغ**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا، چاقا دەرياسىنىڭ جەنۇبى بويىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 56 كىلومېتىر. نوپۇسى 331، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى بۇ يەردە ئىككى پومچىكنىڭ بىردىن چاربىغى بولغاچقا، بۇ كەنتنىڭ نامى چاربباغ دەپ ئاتالغان. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**ئۇيباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۇيباغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 0.7 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى چاقا دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقى، تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. تېرىلغۇيېرى 2511 مو، نوپۇسى 851، يېرىم دىخانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئۇيباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**ئۇيباغ**

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 0.7 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى چاقا دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقى، نوپۇسى 240، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز. يەر تۈزۈلۈشى پەس بولغانلىقتىن، ئۇيباغ دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**چاقا**

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىغى 0.5 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى چاقا دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقى، نوپۇسى 260، تېرىلغۇيېرى 716 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1393 تۇياق. يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "چىقىمچى" دىگەن سۆز. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار مۇشۇ يەردە ئۇرۇش

قىلغاندا، مۇشۇ يەردە ياشىغان يەرلىك كىشىلەر ئادەم يۇشۇرنۇپ ئالدى دەپ چىقىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن كەنتنىڭ نامى "چىقىمچىلار، چاقا" دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**يانبۇلاق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇملۇق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1191، تېرىلغۇيېرى 3603 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق. يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، ئۇرۇك، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز، "ياندىن ئېقىپ چىققان بۇلاق" دېگەن مەنىدە. راۋا يەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن دۆڭنىڭ يېنىدىن بىر دانە بۇلاق ئېتىلىپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتىنىڭ نامى يانبۇلاق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**قۇملۇق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. جەنۇبى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 335، تېرىلغۇيېرى 1010 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1569 تۇياق، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز بولۇپ ئىلگىرى بۇ جاي قۇملۇق بولغاچقا، كەنتىنىڭ نامى قۇملۇق دەپ ئاتالغان.

**يانبۇلاق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.2 كىلومېتىر. نوپۇسى 491، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز، ئىسمىلىكىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى يانبۇلاق مەھەللە كومىتېتى بىلەن ئوخشاش.

**تەتۈر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.2 كىلومېتىر. جۇغرا پىيەلىك ئورنى چاقا دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا، نوپۇسى 319، يېرىم دېخانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قۇناق، ئۇرۇك، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە تەتۈر دېگەن مەنىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، ياپ يېشىل بۇلاق سۇلىرى چىرا يېزىسى تەرەپكە قاراپ ئاقىدىكەن، ئەمما بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بۇ يەردىكىلەر ئىشلىتەلمەيدىكەن شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كەنتىنىڭ نامى تەتۈر دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن.

**لەڭگوي كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: لەڭگوي كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.7 كىلومېتىر. جۇغرا-

پىيەلىك ئۇرنى چاقا دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىغى، تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 1153، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلمى 3809 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 4000 تۇياق. بۇغداي، قوناق، چوچوكبۇيا، ئەلقەت، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئۇرنى لەڭگۇي كەنتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە
**لەڭگۇي**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.7 كىلومېتىر. جۇغرا- پىيەلىك ئۇرنى چاقا دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىغى. نوپۇسى 727، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، ئۇرۇك، چوچوكبۇيا، ئەلقەت قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "لەڭگە" دىگەن مەنىدە. بۇ يەر 3 يولنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان، ھەمدە ئىلگىرى 12 ئېغىز ئۆيدىن تەركىپ تاپقان ساراي بولۇپ، يولۇچىلار مۇشۇ يەردە قونۇپ ئۆتكەچكە، بۇ يەرنىڭ نامى "لەڭگۇي" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە
**ئاچما**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 6.3 كىلومېتىر؛ چاقا دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىغىدا، نوپۇسى 628، تېرىلغۇ يېرى، 1268 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، چوچوكبۇيا، ئەلقەت، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز "يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر" دىگەن مەنىدە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى بۇ يەرنى ئېچىپ بىنامىغا ئايلاندۇرغاچقا، ئاچما دەپ ئاتالغان.

**چۆرۈش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئۇرنى: چۆرۈش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.8 كىلومېتىر. يولچۇن دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىغىدا، تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 492، تېرىل- غۇيېرى 1688 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1200 تۇياق. يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، چوچوكبۇيا، ئەلقەت، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئۇرنى چۆرۈش كەنتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە
**چۆرۈش**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 8.8 كىلومېتىر. چاقا دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 281، تېرىلغۇيېرى 1168 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، چو چوكبۇيا، ئەلقەت، چارۋا مەھسۇ- لاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، "نىشاندىن ئادىشىپ چۆگىلۇش" دىگەن مەنىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن سىرتتىن كەلگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇشۇ يەرگە كىلىپ نىشاندىن ئادىشىپ چۆگىلۇشۇپ يۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ

جايىنىڭ نامى چۆرۈش دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**تىرەكلىك** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.9 كىلومېتىر. غەربى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. نوپۇسى 211، تېرىلغۇ يېرى 520 مو، يېرىم دېخانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇ. بۇغداي، قۇناق، ئەلقەت، چۇچۇكبۇيا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز "تىرەك دەرىخى كۆپ" دىگەن مەنىدە. ئىلگىرى بۇ يەردە تىرەك كۆپ بولغانلىقتىن بۇ كەنتنىڭ نامى تىرەكلىك دەپ ئاتالغان.

**ئەندىر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەندىر، كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.1 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كوئىنلۇن باغرىدا. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 710، تېرىلغۇ يېرى 2724 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 900 تۇياق، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئەندىر كەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئەندىر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.1 كىلومېتىر. چاقا دەرياسىنىڭ جەنۇبى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. نوپۇسى 710، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 900 تۇياق. تېرىلغۇ يېرى 2724 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنۇدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. بۇنىڭ تىل ئايرىمىسى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى.

**ئامبار كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئالا ئاتلىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 11.5 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 356، تېرىلغۇ يېرى 1157 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 900 تۇياق. يېرىم دېخانچىلىق يېرىم، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنۇدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياڭاق چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز "ئاشلىق ئامبىرى دىگەن مەنىدە، بۇ جاي چاقانىڭ غەربى جەنۇبى تەرىپىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئىلگىرى مۇشۇ جايلاردىن كەلگەن ئالۋاڭ سېلىقلار بۇ يەرگە يىغىلغانلىقى ئۈچۈن ئامبار دەپ ئاتالغان.

**ئالا ئاتلىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 11.5 كىلومېتىر. غەربى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. نوپۇسى 156، تېرىلغۇ يېرى 474 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 660 تۇياق. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز "ئالا ئات" دىگەن مەنىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مۇندىن تەخمىنەن 200 يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردىكى بىر ئادەمنىڭ ئارپىسىنى هايۋانلار يەپ كەتكەن، يەردە ئىزى قالغان. بۇ كىشى كۆتۈپ

تۇرغاندا 6 دانە ئالا ئات جىلغىدىن چىقىپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئارپىنى مۇشۇ، ئالا ئات يىگەنلىكىنى بىلگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كەنتنىڭ نامى ئالا ئاتلىق بولۇپ قالغان ئىكەن.

تەبىئى كەنتە
**ئامبار**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 10.5 كىلومېتىر. چاقا دەرياسىنىڭ غەربى تەرپى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 200. يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 683 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سوز، "ئاشلىق ئامبىرى" دىگەن مەنىدە. بۇ جاي چاقانىڭ غەربى جەنۇبى تەرپىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئاشلىق ئامبىرى بولغاچقا، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن نام قويۇلغان.

**ساسكام كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى ساسكام كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىغى 15.9 كىلومېتىر. چاقا دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىغى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 174، تېرىلغۇيېرى 453 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ساسكام كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە
**ساسكام**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 15.9 كىلومېتىر، تاغلىق، چاقا دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 174، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇيېرى 453 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "ساسلىقتىكى كان" دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 90 يىل بۇرۇن كىشىلەر بۇ جايدا يەر ئاچقاندا بىر ئالتۇن كان ئۇچىراتقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى ساسكان دەپ ئاتالغان. كېيىن ساسكامغا ئۆز گۆرۈپ كەتكەن.

**قىز كۆتكى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قىز كۆتكى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 3.8 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 758، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇيېرى 2302 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1857 تۇياق، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياڭاق چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى قىز كۆتكى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە
**قىز كۆتكى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىغى 3.8 كىلومېتىر. شىمالى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 434، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇيېرى 1246 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "قىزكۆتتى" دىگەن سۆز رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىرقانچە 100 يىلدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇ-

چىلار بۇ يەرگە كەلگەندە 2 نەپەر قىز بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان. ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا بىزنى "قىز كۈتتى" دېگەن. مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى قىز كۈتتى دەپ ئاتالغان، كېيىن قىزىل كۈتكى گە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

## سىرىق قۇمۇش

تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 3.7 كىلومېتىر، جەنۇبى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. نوپۇسى 170، تېرىلغۇيېرى 530 مو، بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، ئەسلىدە بۇ يەر پايانسىز قۇمۇشلۇق بولۇپ، كۈزدە سېرىق رەڭگە كىرگەچكە، بۇ يەرنىڭ نامى سېرىق قۇمۇش دەپ ئاتىلىپ قالغان.

## دۆۋۈلۈك

تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.7 كىلومېتىر، غەربى شىمال تەرپى چۆلگە تۇتۇشۇدۇ. نوپۇسى 154، تېرىلغۇيېرى 526 مو، بۇغداي، قۇناق چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "دۆۋىلۈك" دېگەن مەنىدە. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ كۆپلىكىگە ئاساسەن دۆۋۈلۈك دەپ نام بېرىلگەن.

## كىشى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: كىشى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 3.1 كىلومېتىر، تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 365، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇيېرى 1511 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 800 تۇياق. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى كىشى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## كىشى

تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 3.1 كىلومېتىر. جەنۇبى تەرپى ئېگىز تاغلىق، نوپۇسى 365، تېرىلغۇيېرى 1511 مو، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ "كېيىن" دېگەن سۆزدىن ئۆز گەرگەن. ئىشلارغا قارىغاندا، بۇ كەنتە باشقا كەنتلەردىن كېيىن شەكىللەنگەچكە كېيىن كەنتە دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشى گە ئۆزگەرگەن.

## گەنجساي كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: گەنجساي كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 26.2 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 295، تېرىلغۇيېرى 620 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3350 تۇياق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى گەنجساي كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## گەنجساي

تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 26.2 كىلومېتىر.

ئۇرنى چاقا دەرياسىنىڭ باش تەرىپى، نوپۇسى 205، تېرىلغۇيېرى 428، مو، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، "كەڭ جاي" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ كەنتە كەڭ جىلغىغا جايلاشقانلىقتىن گەنجساي دەپ ئاتىلىپ قالغان.

### كۆچكەنلىك

دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 41.5 كىلومېتىر. ئۇرنى چاقا دەرياسى جىلغىسىنىڭ غەربى تەرپىدە. نۇپۇسى 17. تېرىلغۇ يېرى 40 مو. ئارپا تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە "كۆچمەنلىك" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەر كۆچۈپ يۈرگەچكە، بۇ يەرنىڭ نامى كوچكەنلىك دەپ ئاتىلىپ كىلگەن.

### چىمەن قارا ئۇرۇك

دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 30.6 كىلومېتىر. غەربى تەرپى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 35. تېرىلغۇيېرى 50 مو، بۇغداي، ئارپا تېرىيدۇ. ئۇيغۇرچە سوز "قارائۇرۇك" دېگەن مەنىدە. ئىلگىرى بۇ جايدا توغراق كۆپ بولغاچقا، ئۇنى چىمەن دەپ ئاتىۋالغان، يىراقتىن قارىغاندا توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرى قارا ئۇرۇككە ئوخشىغاچقا، بۇ جايغا چىمەن قارا ئۇرۇك دەپ نام بەرگەن.

### قورۇغ ئېلەك

دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 60.3 كىلومېتىر. تېرىلغۇيېرى 50 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 900 تۇياق، ئارپا تېرىيدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، "سۇيى يوق" دېگەن مەنىدە، بۇ جاينىڭ ئورنى سۇيى يوق بىر ئېلەكنىڭ ئىچىدە بولغاچقا قورۇغ ئېلەك دەپ ئاتالغان،

### كۆرۈك يەر

دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 22 كىلومېتىر. ئورنى چاقا دەرياسىنىڭ ئىچىدە. جەنۇبى گەنجساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ، نۇپۇسى 31، تېرىلغۇيېرى 60 مو، بۇغداي، ئارپا تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، كۆرۈك دېگەن بىر خىل ئوسۇملۇك بولۇپ، بۇ يەردە بۇخىل ئوت كۆپ بولغانلىقتىن، بۇيەرنىڭ نامى كۆرۈك دېگەن ئوتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

### قاراقول

دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 49.9 كىلومېتىر. شەرقى جەنۇبى گەنجساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نۇپۇسى 70. تېرىلغۇ يېرى 32 مو، ئارپاتېرىيدۇ، ئۇيغۇرچە سۆز، ئۇزۇن جىلغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، قارا قول دەپ ئاتالغان.

### ھاشى كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ھاشى كەنتىسىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 12.5 كىلومېتىر.

ئۇرنى چىرا دەرياسىنىڭ ئىچىدە، تەۋەلىگىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 910، تېرىلغۇ يېرى 2224 مو، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئوتلاق چارۋاسىغىمچانلىغى 1200 تۇياق، بۇغداي، قوناق، چار-ۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ھاشى كەنتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ھاشى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىغى 12.5 كىلومېتىر. ئورنى چىرادەريا جىلغىسىدىكى تۈزلەڭ دە. نوپۇسى 254، تېرىلغۇ يېرى 748 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىچانلىغى 1200 تۇياق. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "ئەرشى" دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. "جەننەت" دىگەن مەنىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار جاڭگاللاردا جەڭ قىلىپ، ئۇسساپ ھېرىپ، ئېچىپ موشۇ يەرگە كەلگەندە سۇ ئېچىپ ئەرشكە چىققاندەك بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى ئەرشى دەپ ئاتىلىپ كىيىن ھاشىغا ئۆزگەرگەن.

**قاراقىر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنيە ئارلىغى 13.1 كىلومېتىر. ئورنى ئىدىرلىق، چىرا دەرياسىنىڭ غەربى تەرىپىدە. نوپۇسى 347، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 720 مو، بۇغداي، قوناق. چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز "قارا دۆڭ "دىگەن مەنىدە. بۇجاي قارا دۆڭلەرنىڭ ئارلىغىغا جايلاشقانلىقتىن قاراقىر دەپ ئاتالغان.

**لەنگەر تام** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنيە ئارلىغى 13.4 كىلومېتىر. ئورنى ئىدىرلىق. چىرا دەرياسى نىڭ غەربى لىۋىدە، نوپۇسى 309، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىل-غۇ يىرى 765 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئىلگىرى بۇجاي بوستان، نورى، چاقا دىكىلەرنىڭ خوتەنگە بارىدىغان ئۆتۈش يولى بولۇپ، كونا ھۆكۈمەت موشۇ جايدا چازاقورۇپ باج ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇجايىنىڭ نامى لەنگەر تام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**ياغ بەردى يايلاق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغاجا يلاشقان. تۇز لىنيە ئارلىغى 22.5 كىلومېتىر. تاغ جىلغىسى، كۆلىمى 50 كوۋادىرات كىلومېتىر، 2000 تۇياق چارۋاسىغىدۇ. بۇنىڭدىن يازلىق يايلاق 70% نى، قىشلىق يايلاق 30% نىئىگەللەيدۇ. چىغ، چىم قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. جەگرەن، بۆرە، داۋغان، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن يەرلىك بىركىشى باشقا يەردىن كەلگەن كىشىگە ياغ بەرگەنلىكتىن بۇ يەرنىڭ نامى ياغ بەردى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**يۇرۇقتاش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇرۇقتاش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنيە ئارلىغى 10.8 كىلومېتىر.

تەۋەلىگىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 250، ئوتلاق چارۋا ئىسغىمچانلىقى 2900 تۇياق. يېزا ئىگىلىك، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 961 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى يورۇقتاش كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**يورۇقتاش**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 10.8 كىلومېتىر. شەرقى تاشلىق ساي بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى چىرا دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە. نوپۇسى 250، يېرىم دېھقانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 961 مو، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە پاقراپ تۇرىدىغان تاش دېگەن مەنىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ناھايىتى بۇرۇن قاتتىق بوران چىقىپ، بىرقانچە كۈنگىچە كۈن چىقمىغان. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر دانە تاشنىڭ يورۇق چىقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى يورۇقتاش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**هاسا كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى هاسا كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 11.3 كىلومېتىر. ئورنى چاقادەرياسى بىلەن چوكادەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 276، تېرىلغۇ يېرى 886 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى هاسا كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**هاسا**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 11.3 كىلومېتىر. نوپۇسى 276، تېرىلغۇ يېرى 888 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە هاسا دېگەن سۆز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا، ئابدۇللابوۋام دېگەن كىشى خەلقنىڭ داۋا ئىشلىرىنى بېجىرگەندە پۇل ئالمىغان، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى قازى قىلىپ قويغاندىن كېيىن پۇل ئالغان، ئابدۇللا بوۋام دېگەن كىشى بۇنىڭ دىن خاپا بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ مۇشۇيەرگە كەلگەندە هاسىسىنى يەرگە چوقۇپ قويۇپ نامازغا ئۆتىگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى هاسا دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**ئىنىلىك كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئىنىلىك كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 17.2 كىلومېتىر. غەربى تىكىلىك تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 406، تېرىلغۇ يېرى 1293 مو، ئوتلاق چارۋا ئىسغىمچانلىقى 5795 تۇياق. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئىنىلىك كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**ئىنىلىك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 17.2 كىلومېتىر. ئورنى دەريانىڭ ئىچىدە. نوپۇسى 239. يېرىم دېخانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يېرى499 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋامەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "بەلگۇ". يەرلىك تىلدىكى "ئىلە" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى خوتەنگە كىرگەندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدار چوقتۇرۇش-نوقتۇرۇش ئىككىسى ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقان. چوقتورۇش-نوقتۇرۇش لەرئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مۇشۇ جايلارغا كەلگەندە، تاغلار ئېگىز، يوللار خەتەر-لىك بولغانلىقتىن، كەينىدىن ئەگىشىپ كىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ يولىدىن ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يول بويى يوغان تاشلارنى ئۇرە تىكلەپ، بەلگۇ قىلىپ، ماڭغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن يەر-لىك كىشىلەر بۇجايغا ئىلەلىك دەپ نام بەرگەن. كېيىن ئىلىككە ئۆزگورۇپ كەتكەن.

## چۇكا

تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 17 كىلومېتىر. غەربىي چۇكا دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 167، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇيېرى 651 مو، بۇغداي، پۇرچاق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "چۇكە" دىگەن سوزدىن ئۆزگەرگەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمقى خوتەننىڭ 2 نەپەر خاقانى ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قارشىلىق كورسۇتۇش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە قورغان ياساپ مىس نو بىلەن قورغاننىڭ ئىچىگە سۇ باشلاپ كىرىپ، جەڭنى داۋاملاشتۇرغان. ئىسلام ئەسكەرلىرى سۇغا غەزىمەت تاشلاپ، سۇكىرىش ئېغىزىنى تاپماقچى بولغان. "چوكەمو-چوكمەمسۇ" دېيىشكەن. ئاخىرى ئېغىزنى تېپىۋىلىپ سۇمەنبىنى ئۆزۈۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن چۇكە دېگەن سۆز چۇكاغا ئۆزگۇرۇپ مۇشۇ يەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

## بىجەش

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 27.4 كىلومېتىر. شەرقى ئاچچىقسۇ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق. ياپچان، سىرىق، چىغ ئۆسىدۇ. قىشلىق يايلاغ، ئۇيغۇرچە "بۇرجىگى" دىگەن مەنىدە، بۇيايلاغ تاغنىڭ بۇرجىكىگە جايلاشقانلىقتىن، بۇرجەك دەپ ئاتىلىپ كېيىن بىجەشكە ئۆزگۇرۇپ كەتكەن.

## تايلاق ئېغىزى

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 22.5 كىلومېتىر. ئېگىز تاغلىق، چۇكادەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 1000 تۇياق. قىش ۋە يازلىق يايلاغ. كۆرۈك، ياپچان قاتارلىق ئوتلار، كەكلىك، ئۇلا، داۋغان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "ئات تايلىغان جاي" دىگەن مەنىدە، ئىلگىرى بۇيەردە ئات تايلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى تايلاق ئېغىزى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

## ئاتلاش

دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 18.3 كىلومېتىر. ئورنى لاۋاس دەرياسىنىڭ ئىچىدە، پەسىللىك دېخانلىق نوقتىسى. تېرىلغۇيېرى 145 مو، ئارپا،

بۇغداي، تىرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە "سەكرەش، ئاتلاش" دىگەن مەنىدە. بۇ جايدا بىرجىلغا بولۇپ، بۇ يەر-دىن كىشىلەر ئاتلاپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ نامى ئاتلاش دەپ ئاتالغان.

**قېزىلىيول كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قوچقاربېشى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 22.8 كىلومېتىر. غەربى تىكىلىك تىغى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 239، تىرىلغۇيىرى 732 مو، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنىدۇ. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3211 تۇياق. چارۋا مەھسۇلاتى، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇيەردە بۇرۇن قىزىل تۇپلۇق قاپتالدىن ئىلىنغان بىر يول بولغاچقا، بۇجايىنىڭ نامى قېزىل يول دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**قوچقاربېشى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 22.8 كىلومېتىر. ئورنى چىرادەر ياسىنىڭ جىلغىسى ئىچىدە. نوپۇسى 110، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنىدۇ. تىرىلغۇيىرى 296مو، بوغداي، ئارپا، چارۋامەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە قوچقاربېشى دىگەن مەنىدە، ئىلگىرى بۇ جايدا، قوچقار لەقەملىك بىر كىشى ئولتۇرغانلىقتىن بۇيەرنىڭ نامى قوچقاربېشى دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**قېزىلىيول**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 20.5 كىلومېتىر. نوپۇسى 96، تىرىلغۇيىرى 286 مو، دىخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇ-لاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇيەردە بۇرۇن قىزىل تۇپلۇق قاپتالدىن ئىلىنغان بىر يول بولغاچقا، بۇ جايىنىڭ نامى قىزىل يول دەپ ئاتالغان.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**ھالېلوك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 30.2 كىلومېتىر. ئورنى ھالېلوك دەرياسى نىڭ ئىچىدە. نوپۇسى 33، تىرىلغۇيىرى 150 مو، ئارپا، بۇغداي تىرىلىدۇ. تىل ئايرىمىسى، يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق لانمىدي.

**جەگىتال كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سۇرلۇك كەنتىدە.

يېزاتۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 26.9 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 4تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 282، تىرىلغۇيىرى 1194 مو، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئوتلاق چارۋاسىغىمچانلىقى 3604 تۇياق. بۇغداي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە كىكتال (بىر خىل دەرەخ) دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەردە بۇخىل ئوت كۆپ بولغانلىقتىن، جەگىتال دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**سۇرلۇك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 26.9 كىلومېتىر.

ئۇرنى دەريا جىلغىسىدىكى تۈزدە. نوپۇسى 110، تېرىلغۇيېرى 494 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. بۇغداي، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سېرىلىپ دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، بۇ جاينىڭ ئىككى تەرپى چىقىل بولۇپ، شىغىل تۇپلار دائىم سېرىلىپ چۈشكەچكە، كەنتنىڭ نامى سۆرلۈك دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**جەگىتال** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 25.1 كىلومېتىر. ئۇرنى دەريا جىلغىسىدا، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە كىگتال (بىر خىل دەرەخ) دېگەن سۆزدىن ئۆز گەرگەن.

**تاللىق** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 29 كىلومېتىر. ئۇرنى چىرا دەرياسىنىڭ جىلغىسىدا. نوپۇسى83، دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇيېرى 394 مو، بۇغداي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە كىگتال (بىر خىل دەرەخ) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئەسلىدە بۇ جاينى كىگتال قاپلاپ كەتكەچكە، بۇ كەنتكە تاللىق دەپ نام بېرىلگەن.

**ئازنەمچىت** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 30.5 كىلومېتىر. ئۇرنى چىرا دەرياسى جىلغىسىدا. نوپۇسى 35، تېرىلغۇيېرى 107 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە جۈمە ئۆتەيدىغان مچىت دېگەن مەنىدە. كىشىلەر ئىغزىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، 400 يىل ئىلگىرى ئىسلام ئولىمالىرى بۇ يەردىن ئۆتكەندە ناماز ئوقۇغىنى ئۈچۈن (ئازنە كۈنلۈكتە) ئازنە مچىت دەپ ئاتالغان.

**ئالما** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 29.8 كىلومېتىر، ئۇرنى چىرا دەرياسىنىڭ جىلغىسى ئىچىدە، نوپۇسى 110، تېرىلغۇيېرى 50 مو، بىدەيېرى 200 مو، يىلىغا 120 مىڭ جىڭ بىدە يېچىنى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇ يەرنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەندە ئالما دەرىخى سىلىنغانلىقتىن ئالما دەپ ئاتالغان.

**ئوقۇ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوقۇ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 36.9 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئىي كەنتەبار. نوپۇسى 652. تېرىلغۇيېرى 1470 مو، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 11.232 تۇياق. چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي، ئارپا چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئوقۇكەنتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئوقۇ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 36.9 كىلومېتىر.

ئۇرنى كوئىنلۇن تاغلىق رايۇنى. نۇپۇسى 220، چارۋىچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 678 مو، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇغداي، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام ئەسكەرلىرى چوقتورۇش-نوقتورۇش لەر بىلەن جەڭ قىلىپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چۇقادىكى ئۈڭكۈرگە بىردانە تۇمۇر ئۇقۇنى بىكىتىپ ئاتلىرىغا ئوت بەرگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇيەرگە ئۇقۇدىگەن نام قالغانمىش.

تەبىئى كەنتە

**تەسكەنلىك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىغى 37.2 كىلومېتىر. نۇپۇسى 67. چارۋىچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 250 مو، چارۋامەھسۇلاتلىرى، بۇغداي، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە (بىر خىل ئوت) بۇ جايداتەسكەن دىگەن ئوت كۆپ بولغاچقا، بۇيەرنىڭ نامى تەسكەنلىك دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**ئات چاپقۇر**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 33.4 كىلومېتىر. ئۇرنى چىرادەرياسىنىڭ جىلغىسىدا. نۇپۇسى 127، چارۋىچىلىق ئاساس. تېرىلغۇيېرى 300 مو، ئوتلاق 100 مو، ئارپا، بۇغداي، چارۋامەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە ئات چاپتۇرۇشقان دىگەن مەنىدە. ئېغىز رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، مۇڭغۇللار بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇشۇ جايلاردا ئۇرۇش قىلغاندا، چاڭ-تۇزاڭ ئۆرلىتىپ ئات چاپتۇرۇشقان، شۇندىن كېيىن بۇيەرنىڭ نامى ئات چاپقۇر دەپ ئاتىلىپ قالغان.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**لايقا**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 43.3 كىلومېتىر. ئۇرنى سىرىق بۇلۇڭ دەر يا جىلغىسىدا. تېرىلغۇيېرى 50 مو، ئارپا، پۇرچاق تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە لايلاپ قالىدىغان يەر دىگەن مەنىدە. بۇيەر ئۇيمان يەر بولغانلىقتىن ھەمىشە لايلاپ قالغاچقالايقا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**ئەسكى تۇگمەن**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 40.1 كىلومېتىر. ئۇرنى سىرىق بۇلۇڭ دەريا جىلغىسىدا. نۇپۇسى 32، تېرىلغۇيېرى 120 مو، بۇغداي، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يەردە ئەسلى بىردانە تۇگمەن بۇلۇپ ھەمىشە بۇزلۇپ ماڭمىغاچقا، بۇيەرنىڭ نامى ئەسكى تۇگمەن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**ئاياغ ئازگال**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 47.2 كىلومېتىر. ئۇرنى سىرىق بۇلۇڭ دەريا جىلغىسىدا. نۇپۇسى 9، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇيېرى 50مو، ئارپا-تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە دەرياجىلغىسىدىكى چوڭقۇر ئازگال دىگەن مەنىدە. بۇيەردە يارپچىپ كەتكەن چوڭقۇر ئازگال بولغاچقا، ئاياغ ئازگال دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**باش ئازگال**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 49.1 كىلومېتىر. ئورنى سىرىق بۇلۇڭ دەريا جىلغىسىدا. نوپۇسى 17، تېرىلغۇيېرى 60 مو، ئارپا تېرىيدۇ. ئۇيغۇرچە دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى چوڭقۇر ئازگال دىگەن مەنىدە. بۇيەردە يارپېچىپ كەتكەن چوڭقۇر ئازگال بولغانلىقتىن، باش ئازگال دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**بارى ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆز لىنىيە ئارلىقى 43.2 كىلومېتىر. شەرقى سىرىق بۇلۇڭ دەرياسى نىڭ تارمىقى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. قىشلىق، يازلىق يايلاغ. چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوت لاربار. ئۇيغۇرچە بۇلاق سۇيى باريايلاق دىگەن مەنىدە، بۇ يەردە بۇلاق سۇيى بولغانلىقتىن سۇيى بارئېغىل دەپ ئاتالغان، كيين يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارى ئېغىلغا ئۆز گەرگەن.

**تۆزئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 37.8 كىلومېتىر. ئورنى كوئىنلۇن تىغىدا. چارۋا سىغىمچانلىقى 600 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوت لاربار. قىشلىق يايلاغ، ئۇيغۇرچە سۆز. تۆزدىكى ئېغىل دىگەن مەنىدە. بۇيايلاغىنىڭ ئۆستى تۆز ھەم ئېغىل بولغاچقا، تۆز ئېغىل دەپ ئاتالغان.

**ئۇلۇغ ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 39.6 كىلومېتىر. تاغ جىلغىسى قىشلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 600 تۇياق. ياپچان، چىغ، قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز، غەربى تەرىپىدىكى سىرىق بۇلۇڭ دەرياسىنىڭ يازدىكى سۇيى كۆپ (ئۇلۇغ) بولۇپ. ھايۋانلار ئۆتەلمىگەچكە ئۇلۇغ ئېغىل دەپ ئاتالغان.

**چىغلىق ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان؛ تۆزلىنىيە ئارلىقى 41.8 كىلومېتىر. تاغ جىلغىسىدىكى قىشلىق يايلاغ. چارۋا سىغىمچانلىقى 450 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يايلاغدا چىغ كۆپ بولغانلىقتىن، چىغلىق ئېغىل ددپ ئاتالغان.

**يارئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 48.9 كىلومېتىر. شەرقى ئوتتۇرا قىردەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. يازلىق يايلاغ، چارۋاسىغىمچانلىقى 1200 تۇياق. سىرىغ، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز. يارنىڭ بويىغا جايلاشقان ئېغىل بولغانلىقتىن، يار ئېغىل دەپ ئاتالغان.

**كونا ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىقى 33.8 كىلومېتىر. شەرقى گەنجىساي دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 700 تۇياق. ياپچان، سىرىغ، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز. تارىخى ئۇزۇن ئېغىل بولغانلىقتىن، كونا ئېغىل دەپ

ئاتالغان.

**مازار تاش** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 44.1 كىلومېتىر. ئورنى كوئىنلۇن تېغى، سىرىغ، ياپچان، قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز، يايلاغدا بىردانە چوڭ تاش بولۇپ، يېنىدا تۇلۇم ئېسىلغان بىردانە خادا بولغانلىقتىن، مازار تاش دەپ ئاتالغان.

**ئىيىقلىق يايلىغى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 54.2 كىلومېتىر. ئورنى كوئىنلۇن تېغى. لوپ ناھىيىسىگە تەۋە يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 600 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. ئەل ئېغىزىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن بىر چارۋىچى قوي بېقىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر ئېيىق چىقىپ چارۋىچىنى يەپ كەتكەنىمىش، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى ئىيىقلىق دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**قىياقلىق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىي غا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 51.3 كىلومېتىر. ئورنى سىرىق بولۇڭ دەرياسى جىلغىسىدا. لوپ ناھىيىسىگە تەۋە. سىرىغ، ياپچان قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يايلاغدا قىياق (ئوت) كۆپ بولغانلىقتىن قىيا قلىق دەپ ئاتالغان.

**تاشلىق ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 53.1 كىلومېتىر. ئورنى ئوتتۇرا قىردەر ياسىنىڭ جىلغىسىدا. قىشلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 300 تۇياق. سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. يايلاغ تاشلىققا جايلاشقانلىقتىن، تاشلىق ئېغىل دەپ نام بېرىلگەن.

**ئېشەك قېرىنىڭ دۆڭ يايلاق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 46.6 كىلومېتىر. شەرقى سىرىق بولۇڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2500 تۇياق. سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. يايلاغدا ئېشەكنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشايدىغان بىر دۆڭ بولغانلىقتىن، ئېشەك قېرىنىڭ دۆڭ يايلاق دەپ ئاتالغان.

**بۇيان ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 43.6 كىلومېتىر. ئورنى ئوتتۇرا قىردەياسىنىڭ جىلغىسىدا. قىشلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 1200 تۇياق. خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە. ياپچان، سىرىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، يايلاغ ئىككى دۆڭنىڭ ئارلىقىدا بولۇپ بۇيانىغا ئوخشىغاچقا، بۇيان ئېغىل دەپ ئاتالغان

**چېغلىق ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 56 كىلومېتىر.

ئورنى چۆرۈل دەرياسى جىلغىسىدا. يازلىق يايلاغ. چارۋا سىغىمچانلىقى 2600 تۇياق. خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە. سىرىغ، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يايلاغدا چىغ، كۆپ بولغانلىقتىن، چىغلىق ئېغىل دەپ ئاتالغان.

**يىرىلغىنىڭ ئېغىلى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 56.2 كىلومېتىر. ئۇلۇغ ئاچچىق دەرياسى نىڭ شەرقى قىرغىغىدا. يازلىق يايلاق. چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. يەرنامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق لانمىدي.

**قاراتاش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقتاش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 41.5 كىلومېتىر. جەنۇبى مۇز تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار، نوپۇسى 310، تېرىلغۇيېرى 544 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 6082 تۇياق، چارۋىچىلىق ئاساس، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى كىرىيەلىك بىر كىشى مۇشۇيەرگە كېلىپ ئالتۇن كولاش داۋامىدا تاش بىسقۇلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانىسى مۇشۇ يەرگە كېلىپ "قارا تاش، ئاق تاش مېنىڭ بالامنى بىسۋالغان قانداق تاش" دەپ ماتەم تۇتۇپ يىغلىغان شۇندىن تارتىپ، بۇ جايىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

**ئاقتاش** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 41.5 كىلومېتىر. شىمالى قاراتاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 121، چارۋىچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 223 مو، بۇغداي، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، ئىسمىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى قاراتاش بىلەن ئوخشاش.

**ئاتى** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 39.8 كىلومېتىر. جەنۇبى قاراتاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 9، تېرىلغۇيېرى 31 مو، ئارپا تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە ئات دېگەن مەنىدە. بۇيەردە بۇرۇن ئات تايلىغانلىقتىن ئاتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**دۆڭلەك** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 51.7 كىلومېتىر. تاغلىق، جەنۇبى قارا تاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 150. تېرىلغۇيېرى 300 مو، ئارپا تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. بۇ يەردە دۆڭلۈك كۆپ بولغانلىقتىن، دۆڭلەك دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**ئوتتۇرا قىرنىڭ ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 53.2 كىلومېتىر. ئورنى

بۇ قاجىلغىسىنىڭ ئىچىدە. يازلىق يايلاق، لوپ ناھىيىسىگە تەۋە، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 150 تۇياق. سىرىق، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، قارا تاش دەرياسى بىلەن سىرىق بۇلۇڭ دەرياسىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان دۆڭ يايلاق بولغانلىقتىن، ئوتتۇراقىرنىڭ ئىغىل دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**تازئىغىل**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 41.6 كىلومېتىر. تاغلىق، يازلىق يايلاق. چارۋا سىغىمچانلىقى 600 تۇياق. ياپچان، سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇجاي ئوت ئۈنۈمى يىدىغان تاقىر جاي بولغانلىقتىن تازئىغىل دەپ نام بىرىلگەن.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**سالمان يايلىقى**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 45.8 كىلومېتىر. تاغلىق ئوتلاق، چارۋا سىغىمچانلىقى 200 تۇياق. سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە سالما (بىر خىل ئۆملىگۈچى جانىۋار) دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇجايدا سالما كۆپ بولغانلىقتىن، سالما سۆزى كىيىن سالمانغا ئۆزگەرگەن.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**ئاناسباي يايلىقى**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 54.2 كىلومېتىر. ئورنى تاغ جىلغىسىدا، يازلىق يايلاق. چارۋا سىغىمچانلىقى 2300 تۇياق. خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە. سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئاناسباي ئادەم ئىسمى. بۇرۇن ئاناسباي ئىسىملىك بىر كىشى مۇشۇ يايلاغدا مال باققانلىقتىن، بۇجاينىڭ نامى ئاناسباي دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**ئىشەك قىرىنىڭ دۆڭى**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 59.9 كىلومېتىر. جەنۇبى ئاقسۇ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. سىرىق، چىغ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇ ئوتلاقنىڭ تۇزلۇلۇشى ئۇزۇن، ئىككى تەرىپى پەس، ئوتتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، ئىشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشىغانلىقتىن، ئىشەك قىرىنىڭ دۆڭى دەپ ئاتالغان.

دىخانچىلىق نوقتىسى

**ئارىتۇز**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 52.8 كىلومېتىر. پەسىللىك يازلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. ياپچان، سىرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. ئۇيغۇرچە ئارلىقتىكى تۇز لەڭ دىگەن مەنىدە، بۇيايلاغ چۆرە دەرياسى بىلەن لايسۇئىلەكنىڭ ئارلىقىدىكى تۇزگە جايلاشقانلىقتىن ئارى تۇز دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**سىرىق ساي**

يىزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇز لىنيە ئارلىقى 63.7 كىلومېتىر. شەرقى چۆرەدەرياسى، جەنۇبى كوئىنلۇن تىغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى

200 تۈياق. سىردىغ، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار. بۇ يايلاغ دا سىرىغ دىگەن ئوت ناھايىتى كۆپ، كۆزدە ساغىرىدۇ. شۇڭا بۇجاي سىرىق ساي دەپ ئاتالغان.

**كەڭتۇقاي كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: كەڭتۇقاي كەنتىسىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 17.5 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار، نوپۇسى 430، تېرىلغۇيىرى 1274 مۇ، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1500 تۈياق. دىخانچىلىق ئاساس، قوناق، بۇغداي، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى كەڭتۇقاي كەنتىسىدە.

تەبىئى كەنتە

**كەڭتۇ قاي**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 17.5 كىلومېتىر. ئورنى دەريا جىلغىسىدىكى تۈزدە. نوپۇسى 21، دىخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيىرى 180 مو، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. بۇ جاي دەريا جىلغىسىدىكى كەڭ كەتكەن بىر تۇقايغا جايلاشقانلىقتىن، كەڭتۇقاي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە

**قاخشاللىق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىما لىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 19.7 كىلومېتىر. ئورنى دەريا جىلغىسىدىكى تۈزدە. نوپۇسى 382، تېرىلغۇ يىرى 1094 مو، دىخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، قۇرۇق يولغۇنلۇق دىگەن مەنىدە. بۇ جاي ئىلگىرى قۇرۇق يۇلغۇنلۇق بولغانلىقتىن، قاخشاللىق دەپ ئاتالغان.

**سىرىقچان كەنت كومىتېتى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 1.6 كىلومېتىر. غەربى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ تەۋەلىگىدە، 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 330. تېرىلغۇ يىرى 840 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1504 تۈياق. دىخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى سىرىقچان كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**سىرىقچان**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 1.6 كىلومېتىر. غەربى چاقا دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 330، تېرىلغۇيىرى 840 مو. دىخانچىلىق ئاساس. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سىرىق چىراي دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن، بۇ يەردىن ئۆستەڭ ئالغاندا بىر گۆۋەنسەي تېپىلغان. ئاغزىنى ئاچقاندا، سىرىغ چىراي بىر ياش ئادەمنىڭ جەسەدى چىققان، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جاينى سىرىقچان دەپ ئاتاپ كەلگەن.

# ئۇلۇغساي يېزىسى

## ئۇلچەملىك نامى

**ئۇلۇغساي يېزىسى**

1984 ـ يىلى يېزىلىق ھاكىمىيەت قۇرۇش داۋامىدا، چاقا يېزىسىنىڭ 5 دادۈيىنى ئايرىپ قۇرۇلغان يېزا. تەپسىلاتى چاقا يېزىسىنىڭ ئۇمۇمى بايانىغا قارالسۇن.

تەبىئى كەنتە

**بادىغان**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبى تەرەپ 70 كىلومېتىر يىراقلىقىدا، ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا ئورۇنلاشقان. نوپۇسى 856، يەردىن دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇيېرى 1914 مو، بۇغداي، ئارپا، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "بۇدىغان" دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئىستىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن سۇلايمان بىكام دىگەن كىشى بۇغداي تېرىپ، باشقىلارنى مەھسۇلاتىنى بۇداپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى بادىغان دەپ ئاتالغان.

**بادىغان كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: بادىغان كەنتىدە.

يېزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا جايلاشقان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 856. تېرىلغۇيېرى 1914 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 3700 تۇياق. ئىگىلىگى يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. قوناق، بۇغداي، بېدە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى بادىغان كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**گوجىلغا دۆڭ**

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 4.2 كىلومېتىر. ئورنى كۈنلۈن تېغىنىڭ يان باغرى. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1000 تۇياق. سېرىق، ياپچان قاتارلىق ئوتلار باراقسان ئۆسىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن داۋغان، جەگرەن قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ بۇيايلاقنىڭ ئارقىسى ئېگىز، ئالدى تەرىپى پەس بولغاچقا، يەر شەكلىگە ئاساسەن گوجىلغا دۆڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**كۆكقىر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆكقىر كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 6.6 كىلومېتىر.

شەرقى ئۇلۇغساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 608. تېرىلغۇيېرى 1900 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1800 تۇياق. يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى كۆكقىر كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**كۆكقىر**
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 6.6 كىلومېتىر. ئورنى ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىدە. نوپۇسى 608، تېرىلغۇيېرى 1450 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1800 تۇياق. بۇغداي، قوناق، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە يەرزېمىنلىرى كۆكەرگەن دېگەن مەنىدە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل بۇرۇن ئىماملىدىكى كۆكقىردىن 3 ئائىلىلىك ئادەم كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بوز يەر ئېچىپ بۇجايىنى كۆكەرتكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن كۆكقىر دەپ ئاتالغان.

**ئاغىچەك لەنگەر**
دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 14 كىلومېتىر. شىمالى چاقا-نۇرى تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تېرىلغۇيېرى 90 مو، بۇغداي، پۇرچاق، قوناق تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە "ئاغچا" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بىر تۇل خوتۇن مۇشۇ يەرگە بىر لەنگەر سالغان، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاغىچەك لەنگەر دەپ ئاتالغان.

**يولچۇن**
دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 7.7 كىلومېتىر. ئورنى ئوتانلىق دەرياسى بىلەن، يۇلۇك دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا. تېرىلغۇيېرى 360 مو. بۇغداي، قوناق، پورچاق تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە يولى چوڭ دېگەن مەنىدە. بۇجايىنىڭ يېنىدا بىر چوڭ يول بولغان لىقتىن يولچۇن دەپ ئاتالغان.

**ئاقچىغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقچىغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 16.5 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 408، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 8029 تۇياق. تېرىلغۇيېرى 1580 مو، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، پۇرچاق چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقچىغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئاقچىغ**
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇز لىنىيە ئارلىقى 16.5 كىلومېتىر. شەرقى ئۇلۇغساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئورنى تاغ جىلغىسى، نوپۇسى 350، تېرىلغۇ يېرى 1100 مو، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2200 تۇياق. ئارپا چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە "چىغلىق" دېگەن سۆز دىن ئۆزگەرگەن. بۇجايدا چىغ كۆپ بولغاچقا، ئاقچىغ دەپ ئاتالغان.

**كىچىكساي** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 19.1 كىلومېتىر. ئورنى ئۇلۇغساي دەرياسى جىلغىسىدا. نوپۇسى 158، تېرىلغۇيېرى 480 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2600 تۇياق. چارۋىچىلىق ئاساس. ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇكەنتە ئۇلۇغساي دەرياسىدىكى كىچىك سايغا جايلاشقانلىقتىن، كىچىكساي دەپ ئاتالغان.

**قوموشيول** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 11 كىلومېتىر. ئورنى ئۇلۇغساي دەرياسى جىلغىسى دا. بوران كۆپ چىقىدۇ. سوغاق، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1000 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، قاتارلىق ئوتلار بار. بىردانەچىغىر يول بولۇپ، بادىغانغا بار غىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرچە قوموشلۇقتىكى يول دىگەن مەنىدە، بۇيايلاقتىكى قوموشلۇقتا بىر دانە يول بولغانلىقتىن، قوموشيول دەپ ئاتالغان.

**ئاقتاش بۇيان دۆڭ** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 23.5 كىلومېتىر. شەرقى ئۇلۇغساي دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تاغلىق ئوتلاق، تۈلكە، جەگرەن، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1500 تۇياق. چىغ، ياپچان قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇيايلاق ئاق تاشلار بار دۆڭگە جايلاشقانلىقتىن، ئاقتاش بۇيان دۆڭ دەپ ئاتالغان.

**چۆرول** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 18.1 كىلومېتىر. ئورنى ئېگىزلىكتە. يەرمەيدانى 135 كىۋادىرات كىلومېتىر. چارۋاسىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. سىرىغ، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. تۈلكە، ئۇلاقاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار، ئۇيغۇرچە چۆرۈق دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇيەرنىڭ ھاۋاسى سوغوق بولۇپ، چارۋىچىلار چۆرۈق كىيىپ مال باققانلىقتىن، چۆرۈق دەپ ئاتالغان، كىيىن چۆرۈلگە ئۆزگۈرۈپ كەتكەن.

**بۇقادۆڭ** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 13.5 كىلومېتىر. ئېگىز تاغلىق ئوتلاق، چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. ياپچان، سىرىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. داۋغان، تۈلكە، جەگرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇيايلاغدا بۇرۇن كۆپرەك بۇ قاباققانلىقتىن، بۇقا دۆڭ دەپ ئاتالغان.

**چوڭساي كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭساي كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 21.7 كىلومېتىر. ئورنى ئۈتانلىق دەرياسىنىڭ جىلغىسىدا. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئى كەنتە بار، نوپۇسى 197، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1630، تۇياق. تېرىلغۇيېرى 750 مو، ئارپا،

چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭ ساي كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**چوڭساي** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 21.7 كىلومېتىر. ئورنى ئۆتانلىق دەرياسى جىلغىسىدا. نوپۇسى 197، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1630 تۇياق، تېرىلغۇيېرى 750 مو، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، كەنتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دەريانىڭ كەڭراق تاشلىق سايدا بولغانلىقتىن، چوڭ ساي دەپ ئاتالغان.

**يۇرۇڭقېر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇرۇڭقېر كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 12.6 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 298، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، — پەس، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچاتلىغى 1300 تۇياق، تېرىلغۇيېرى 1000 مو، پۇرچاق، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى يۇرۇڭقېر كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**يۇرۇڭقېر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 12.6 كىلومېتىر. شەرقى يۇرۇڭقېر دەرياسى بىلەن، غەربىي يۇلۇڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 298، ھاۋاسى سوغاق، چارۋىچىلىق ئاساس، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئارپا چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە ئېگىز، پەس ساي دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، پەس ساي بولغانلىقتىن يۇرۇق ساي دەپ ئاتالغان، كېيىن يۇرۇڭقېرغا ئۆز گۆرۈپ كەتكەن.

**ئۆتانلىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆتانلىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 13.5 كىلومېتىر. ئورنى ئۆتانلىق دەرياسى قانىلىدا. غەربىي يۇلۇڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 124، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق، تېرىلغۇيېرى 500 مو، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ، تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆتانلىق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئۆتانلىق** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 13.5 كىلومېتىر. ئورنى ئۆتانلىق دەرياسىنىڭ قانىلىدا. غەربىي يۇلۇڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 124، چارۋىچىلىق ئاساس، چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، تاغلىق رايوندا ئۆتان بولمىغانلىقتىن، ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى ئۆتان ئورنىدا قالايدۇ. بۇ جايدا ئوت-چۆپ يىلتىزلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۆتانلىق دەپ ئاتالغان.

**سىغىزلىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سىغىزلىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.6 كىلومېتىر. نوپۇسى 109، بىدە يېرى 435 مو، تېرىلغۇ يېرى 140 مو، پۇرچاق چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى سىغىزلىق كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**سىغىزلىق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.6 كىلومېتىر. نوپۇسى 109، تېرىلغۇ يېرى 140 مو، بىدە يېرى 435، مو، پۇرچاق چىقىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ جايىنىڭ تۇپىسى سېغىز بولغانلىقتىن نامى سېغىزلىق دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**ئاق ئېلەك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 24.4 كىلومېتىر. ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسى جىلغىسىدا. چىرا يېزا تورپا كەنتىنىڭ يايلىقى. سېرىق ئوت، چىغ قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. داۋغان، تۈلكە، جەگرەن، قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە سۆز يايلاق نىڭ 4 تەرپى ئاقىلىق بولغاچقا، ئاق ئېلەك دەپ ئاتالغان.

**يۇلۇڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇلۇڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 31 كىلومېتىر. ئورنى يۇلۇڭ دەرياسى جىلغىسىدا، تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 194، چارۋىچىلىق ئاساس. ئوتلاق كۆلىمى 700 كۋادىرات كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 4000 تۇياق. تېرىلغۇ يېرى 1123 مو، ئارپا، بىدە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى يۇلۇڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**يۇلۇڭ**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 31 كىلومېتىر. ئورنى يۇلۇڭ دەرياسى جىلغىسىدا. نوپۇسى 194، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 4000 تۇياق، تېرىلغۇ يېرى 1123 مو، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. يۇلۇڭ دېگەن سۆزنىڭ تىل ئايرىمىسى، كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق لانمىدى.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**تۈزلۈق يايلاق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارلىقى 31.6 كىلومېتىر. ئوتلاق كۆلىمى 350 كۋادىرات كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 4000 تۇياق. داۋغان، جەگرەن، ئۆلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. سېرىق، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز بۇ يايلاغدا شور كۆپ بولغاچقا، تۈزلۈق يايلاق دەپ ئاتالغان.

# نۇرى يېزىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

نۇرى يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈزلىنىيە ئارلىقى 80.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقى بوستان يېزىسى بىلەن خوشنا، غەربى ئۇلۇغساي يېزىسى بىلەن چىگىرىداش، جەنۇبى شىزاڭ بىلەن، شىمالى دامىكۇ يېزىسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. شەرىقتىن غەرىپكە كەڭلىكى 19.8 ـ 44.1 كىلومېتىر. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 143.1 ـ 159.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمى يەرمەيدانى 4933 كوۋادىرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى، 33 تەبىئى كەنتە، 2475 ئائىلە، 9148 نوپۇسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 9108 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 40 نەپەر.

يېزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قومباغ كەنتىسىدە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى زاماندا بىر قېتىم ھاۋا ئۆزگۈرۈپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ، ئاسماننى چاڭ ـ توزاڭ قاپلاپتۇ، قىرىق كېچە، كۈندۈز كۈن چىقماپتۇ، ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەر كۈنى تاققا چىقىپ، كۈن چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈن چىقىپتۇ، ئاما بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ، "نۇر" چىقتى دەپ ۋاقىرىشىپتۇ، شۇندىن كېيىن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ نۇرى دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. نۇرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدە نۇرى تاغ دەپ ئاتالغان. "شىنجاڭنىڭ مەمۇرى رايونلىرى تەسىس قىلىش تەز كىرسى" دە نۇرى كەنتىسى دەپ ئاتالغان. مىنگو دەۋرىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى بولغان، مىنگونىڭ 33 ـ يىلى يىڭى ھايات بازىرى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن چىرا ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى بولغان، نۇرى رايونى دەپمۇ ئاتالغان. 1959 ـ يىلى خەلق كوممۇنىلىشىش مەزگىلىدە نۇرى خەلق گومۇنىسى قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى نۇرى يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدە نۇرى، سايباغ، ئىمامدىن ئىبارەت 3 تەبىئى باشقۇرۇش رايونىغا بۆلۈنەتتى. ئىماملا باشقۇرۇش رايونى 1977 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئايرىلىپ، بوستان گومۇنىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

نۇرى يېزىسى كوئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالى باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تەۋەلىكىدە ئېگىز ــ پەس تاغلار، جىلغىلار بار. جەنۇبى تەرىپى ئېگىز، شىمالى تەرىپى پەس، بوزاڭ، سارلۇك، ياچى قاتارلىق چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان كەنت كومىتېتلىرى، ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىگە جايلاشقان. پۈتۈن يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر. ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6903 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4251 مېتىر كېلىدۇ. يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2227 مېتىر.

تىرىلغۇ يەر كۆلىمى (قالدۇرۇق يەرنىمۇ ئۆز ئىچىدە ئالىدۇ) 42,600 مو، ئورمان يېرى كۆلىمى

5366 مو، چارۋا مال بېقىلىدىغان يايلىغى بىر مىليون 146 مىڭ 924 مو، بۇنىڭدىن قىشلىق يايلىغى بىر مىليون 17024 مو، يازلىق يايلىغى 129 مىڭ 900 مو. ئومۇمى كۆلەم ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 0.56% نى، ئورمان يېرى 0.056% نى، يايلاق 15.5% نى، چۆل % نى، تاغلىق% نى، قۇملۇق 83.89% نى ئىگەللەيدۇ.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھاۋا كىلىماتى شارائىتى مۇرەككەپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2800 مېتىردىن يۇقىرى بولغان ئېگىز ۋە ئوتتا تاغلىقلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغاق يېرىم نەمخوش كىلىماتقا مەنسۇپ بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.7C°، جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 2453C° قايىتىدۇ. 4C° تىن تۆۋەن 10C° لۇق جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 1865C° قا، يىللىق ھول يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىر غايىتىدۇ. ئازساندىكى چارۋىچىلىق كەنتلىرى ۋە كۆپ سانلىق يايلاقلار مۇشۇ خىلدىكى كىلىماتقا مەنسۇپ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2300 مېتىردىن 2800 مېتىر ئارلىغىدىكى جايلارنىڭ كىلىماتى سوغاق - سالقىن بولۇپ، جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 2500 - 3000C° قايىتىدۇ. ھۆل يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىر غا يېتىدۇ. چىمەنباغ كەنت كومىتېتى مۇشۇ كىلىمات رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، يازغى بۇغدايىنىڭ ئۆسۈشىگە باپ كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 1500 - 2300 مېتىرغىچە بولغان جايلارنىڭ يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 3000 - 4300C° ئارلىغىدا بولىدۇ. نۇرى يېزىسىدىكى دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ سانلىق كەنت كومىتېتلىرى مۇشۇ رايون تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆزگە ۋە يازغى بۇغداي ئوستۇرۇشكە باپ كېلىدۇ. ھەمدە ئۆسۈش ۋاقتى بىر قەدەر قىسقىراق بولغان ئوتتا ۋە بالدۇ پىشىدىغان قوناقلارنى تېرىشقا بولىدۇ.

سۇ بايلىغى ناھىيىمىز بويىچە ئەڭ مول بولغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەۋەسىدە بىر قەدەر چوڭراق بولغان 9 دانە دەريا بولۇپ، بۇنىڭدىن نۇرى دەرياسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكى دىن باشلىنىپ، يۇقىرى قىسمى 3 كىچىك دەريانىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. يۇقىرى ئېقىمىنىڭ ئۇزۇنلىغى 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 107 مىليون 230 مىڭ كوپمېتىرغا يېتىدۇ. تۆۋەنكى ئېقىمىدا جەڭگىۋار ئۆستەڭ ۋە كەلكۈن توساش زاكۇلىرى ياسىلىپ، دەريانىڭ سۈيى كۆلاخما، دامكۇ يېزىلىرىغا باشلاپ كېلىندى. بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدىغان كۆلەم 150 مىڭ موغا يېتىدۇ. سايباغ دەرياسى يامۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 22 كىلومېتىر، پەسلىك دەريا، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 41 مىليون 600 مىڭ كۇپمېتىرغا يېتىدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 20 مىڭ موغا يېتىدۇ. تەۋەسىدە ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىدىن يامۇن تېغى ۋە پاكار تاغ بولۇپ، يامۇن تېغى نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان. ئارلىغى تەخمىنەن 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 3670 مېتىر. تاغدا جەگرەن، داۋغان، ئۆلا، كەكلىك، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى دىن چىغ، قاتارلىق 9 خىل ئوت بار. بۇ جايلاردا بىكتۆەن نۇرى 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ياچى قاتارلىق كەنتلەرنىڭ چارۋىلىرى ئوتلايدۇ. ياۋايى دارى ئۆسۈملۈكلىرىدىن يەنە ئېيىق پۇرچىغى، يەرمەرسى، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. تاغدا

ئىككى دانە رودا كان بولۇپ 1958 ـ يىلدىن باشلاپ ئېچىلغان، تەركىۋىدىكى تۆمۈر مىقدارى 60 ـ 70% گە يېتىدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك سېمونىت زاۋۇدىنى مۇھىم قوشۇمچە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۇرى يېزىسى ھەم دېھقانچىلىقتا ھەم چارۋىچىلىقتا باپ كېلىدىغان رايون بولۇپ، ئازات بولغان 30 نەچچە يىلدىن بېرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان 1984 ـ يىل دىكى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 9 مىليون 770 مىڭ جىڭغا، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەڭ يۇقىرى بولغان 1968 ـ يىلىدىكى چارۋىنىڭ ئومۇمى سانى 92 مىڭ 441 تۇياققا يەتتى. 1982 ـ يىلىدىكى پۈتۈن يېزابويىچە بار بولغان دەرەخ سانى 846 مىڭ 662 تۈپكە يەتتى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى نۇرى يېزىسىنىڭ قاتناش شارائىتى ئىنتايىن قولايسىز بولۇپ، 50 ـ يىللارغا قەدەر قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىدا ئاساسلىقى ھايۋان كۈچىگە تايىناتتى. 1958 ـ يىلى چىرا ـ نۇرى تاشيولى ياسىلىپ، ئاپتوموبىل، تراكتور قاتنىيالايدىغان بولدى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى خوتەندىن نۇرى يېزىسى ۋە بىگتۇشۇەن چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بىۋاسىتە قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوۋوزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاغلىق رايوندىكى خەلق ئاممىسىغا زور دەرىجىدە قولايلىق يارىتىپ بەردى. پۈتۈن يېزىدا 3 ئاپتوموبىل، 24 دانە چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، 6 دانە كىچىك تىپتىكى تراكتور بار. ئاساسلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرى دىن تۆگە يۇڭى، قوي تېرىسى، قوي يۇڭى، قاشتېشى قاتارلىقلار بار.

ئازاتلىقتىن كېيىن مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە 2 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 ئوتتۇرا مەكتەپ، 16 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر سانى 100 نەپەرگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1386 نەپەرگە يەتتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى نۇرى يېزىسى تىببىي دارى ۋە سەھىيە جەھەتتە ئاق بولۇپ، ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاغلىق رايون خەلقىگە غەمخورلۇق قىلىپ، داۋاملىق دوختۇر ئەۋەرتىپ سەييارە داۋالاشنى ئېلىپ باردى. ھازىر يېزىدا بىر دانە شىپا خانا، 19 دانە ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، 36 دانە كېسەل كارۋىتى، 21 نەپەر تىببىي خادىم، 33 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار. مەدەنىيەت، كەسپىي ئورۇنلىرىدىن رادىئو ئۇزىلى، كىنو خانا بار. يېزا بازار كارخانىلىرىدىن رودا كېنى، بىنا كارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى، رېمونت قىلىش ـ ياساش كارخانىسى، گىلەم كارخانىسى بولۇپ 1984 ـ يىللىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 113 مىڭ 85 يۈەنگە يەتتى.

# نۇرى يېزىسى
# ئۆلچەملىك نامى

**نۇرى يېزىسى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن

**قۇمباغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 0.8 كىلومېتىر. ئورنى جەڭگىۋار ئۆستەڭىنىڭ غەربى قىرغىقىدا. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ كەنتە قۇملۇقىنىڭ باغرىدا جايلاشقانلىقتىن، قۇمباغ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 295، بۇنىڭدىن خەنزۇ 6 نەپەر، ئۇيغۇر 289 نەپەر. يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. تېرىلغۇيېرى 650 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1300 تۇياق. بۇغداي، قوناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**چىمەنباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چىمەنباغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 0.8 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسىنىڭ جىلغىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى چىمەنباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 805، تېرىلغۇيېرى 2241 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 590 تۇياق، بۇغداي، قوناق، گوش، تېرە، يۇڭ چىقىدۇ.

**چىمەنباغ** تەبىئى كەنتە

چىمەنباغ كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.8 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسىنىڭ جىلغىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يەردە ياۋايى ئوتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چىمەنلىك باققا ئوخشىغانلىقتىن، چىمەنباغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. نوپۇسى 245، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 244 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، دىخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تېرىلغۇيېرى 685 مو، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**دۆڭنەمگول** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.4 كىلومېتىر. ئورنى نۇرى دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىدا. ئۇيغۇرچە سۆز. يەر تۇزلۇقى ئېگىز بولۇپ، بىردە كۆپ تېرىلغاچقا، ئۇنىڭ گۈللىرى ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن دۆڭنەمگول دەپ

ئاتالغان. نوپۇسى 214، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 779 مو، بۇغداي، قوناق، بېدە چىقىدۇ.

**قۇمباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇمباغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 0.8 كىلومېتىر. ئورنى جەڭگىۋار ئۆستەڭنىڭ غەربى قىرغىقىدا. تۇرۇشلۇق ئورنى قۇمباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، نوپۇسى 695، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 689 نەپەر، خەنزۇ، 6 نەپەر. دېخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تېرىلغۇيېرى 2060 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 800 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە، گوش چىقىدۇ.

**تامىيەر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.2 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز. ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئەتىراپىغا تام سۇقاپ تېرىغانلىقتىن، تامىيەر دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 243، تېرىلغۇيېرى 680 مو، چارۋا سىغىمچانلىقى 660 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**خىنى باغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.6 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە "ھۆكۈمەت ئىگىلىگەندىكى يەر" دېگەن مەنىدە. بۇ يەر بۇرۇن ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى يەر بولغانلىقتىن، خىنى باغ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 227، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 730 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 600 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە، گوش چىقىدۇ.

**يارباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يارباغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.8 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى يارباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 313، ئىگىلىكىدە دېخانچىلىق ئاساس. تېرىلغۇيېرى 1192 مو، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**يارباغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.8 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ كەنتە بىر جىلغىنىڭ ئىچىگە جايلاشقانلىقتىن يارباغ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 162، تېرىلغۇيېرى 587 مو، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**تۆگە باستى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.6 كىلومېتىر. شەرقى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، ئىلگىرى بۇ جايغا تۆگە سولاپ قويۇلغانلىقتىن، تۆگە

باستى دەپ ئاتالـغان. نوپۇسى 151، ئىگىلىگىـدە دېخانچىـلىق ئاساس. تېرىـلغۇيېـرى 605 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**ئاقتاش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقتاش كەنتىـدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىـيە ئارلىغـى 3.5 كىلومېتـىر. شەرقـى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئاقتاش كەنتىنىڭ نامـى بىلەن ئاتالـغان. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنـتە بار. نوپۇسى 521، تېرىلغۇيېـرى 2302 مو، دېخانچىـلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، بۇغداي، قۇناق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

**ئاقتاش** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشـقان. تۇزلىنىـيە ئارلىغـى 3.5 كىلومېتـىر. شەرقـى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويغۇرچە سۆز، كىشىلەر دەسلىۋىدە بۇيەر ئاچقاندا يەردىن بىر دانە چوڭ ئاقتاش چىققان، شۇنىڭـغا ئاساسەن بۇ يەرنىڭ نامـى ئاقـتاش دەپ ئاتالـغان. نوپۇسى 264، ئىگىلىگىدە دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1097 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**لەنگەر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىـنىڭ شـىمالىغا جايلاشـقان. تۇزلىنـىيە ئارلىغـى 3 كىلومېتـىر. شەرقـى جەڭگىۋار ئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويغۇرچە سۆز، بۇ يەردە بۇرۇن يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان لەنگەر بولغانلىقتىن، لەنگەر دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 255، دېخانچـىلىق ئاساس، تـېرىلغۇيېـرى 1105 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**تۆۋەن ئاچما كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭى باغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايـلاشقان. تۇزلىنـىيە ئارلىغـى 3.3 كىلومېتـىر. شەرقـى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويغۇرچە سۆز، ئېگىزلىكلەرگە قارىغاندا، بۇ يەر بۇرۇن جاڭگال بولۇپ، ئېچىپ تەدرىجى كەنتكە ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن، تۆۋەن ئاچما دەپ ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 754، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 3238 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**يېڭى باغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغـى 3.3 كىلومېتـىر، شەرقـى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويغۇرچە سۆز، رىـۋايەت قىلىنىشـىچە، كەنـتە بەرپا بولغان ۋاقتى باشقا جايلارغا قارىغاندا كېيىنراق بولغانلىقتىن، يېڭى باغ دەپ ئاتالـغان. نوپۇسى 243، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1082 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**توغرا ئۆستەڭ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغـى 4.8 كىلومېـتىر. ئويغۇرچـە سۆز، بۇ يەردە بۇرۇن توغرىسىغا ئېلىنغان بىر دانە ئۆستەڭ بولغانلىقتىن، توغرا ئۆستەڭ دەپ

ئاتالغان. نوپۇسى 267، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 1096 مو، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**تۆۋەن ئاچما**

تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.4 كىلومېتىر. شەرقى جەنۇبى ئۆستەڭ بىلەن، شىمالى جاڭگال بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ جايىنىڭ ئورنى يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بوز يەردە بولغانلىقتىن، تۆۋەن ئاچما دەپ نام بېرىلگەن. نوپۇسى 244، دېخانچىلىق ئاساس، تېرىلغۇ يېرى 1000 مو، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**ماموش تېرىم**

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 8.4 كىلومېتىر. شەرقى جەنۇبى ئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغلىق ئوتلاق، ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئىلگىرى ماموت ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى بۇ جاينى ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان شۇڭا، ئاساسەن ماموت تېرىم دەپ ئاتالغان. كېيىن ماموش تېرىم غا ئۆزگەرگەن. 3 ئادەم چارۋا باقىدۇ. ياپچان، تۈگە تاپىنى، كۆرۈك قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار.

**يۇلغۇن ئېغىل**

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 9.4 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ جايدا يولغۇندا ياسالغان ئېغىل بولغانلىقتىن يولغۇن ئېغىل دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە 11 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 200 مو، بىدە تېرىلىدۇ. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئوتلار بار.

**يالغۇز باغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يالغۇز باغ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 4.6 كىلومېتىر. غەربى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى يالغۇز باغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 377، تېرىلغۇ يېرى 1259 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**يالغۇز باغ**

تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.6 كىلومېتىر. غەربى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ كەنتە ئىلگىرى جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تۇرغانلىقتىن، يالغۇز باغ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 377، تېرىلغۇ يېرى 1259 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق چىقىدۇ.

**يۇقاقى ئاچما كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇقاقى ئاچما كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.2 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، ئاچما كەنتىنىڭ يۇقاقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، يۇقاقى ئاچما دەپ ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 4 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 733، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 697، خەنزۇ مىللىتى 36، تېرىلغۇ يېرى 3105 مو، دېخانچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3580 تۇياق،

بوغداي، قوناق، ئارپا چىقىدۇ.

**يۇقاقى ئاچما** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 4.2 كىلومېتىر. غەربى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، ئاچما كەنتىنىڭ يۇقاقى تەرپىگە جايلاشقانلىقتىن، يۇقاقى ئاچما دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 177، تېرىلغۇيېرى 851 مو، بوغداي، قوناق چىقىدۇ.

**ئاچما** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 3.2 كىلومېتىر. غەربى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ جاي ئىلگىرى بوزيەر بولۇپ ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈپ كەنتكە ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن، ئاچما دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 210، تېرىلغۇيېرى 867 مو، دېخانچىلىق ئاساس، بوغداي، قوناق، ئارپا چىقىدۇ.

**ئويچاپ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 4 كىلومېتىر. شەرقى سارلۇق دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، كەنتىنىڭ ئورنى چوڭقۇر بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئويچاپ دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 214، تېرىلغۇيېرى 877 مو، بوغداي، قوناق چىقىدۇ.

**باش ئاراقۇم** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.8 كىلومېتىر. غەربى نۇرى دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ كەنتىنىڭ ئورنى سارلۇق دەرياسى بىلەن نۇرى دەرياسىنىڭ ئارلىقىدىكى قۇملۇقنىڭ باش تەرپىدە بولغانلىقتىن، باش ئارا قۇم دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 132، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 96، خەنزۇ مىللىتى، 36، تېرىلغۇ يېرى 510 مو، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، بوغداي قوناق، ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**ئاراقۇم كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاراقۇم كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.9 كىلومېتىر. ئورنى سارلۇق دەرياسى بىلەن، نۇرى دەرياسىنىڭ ئارلىقىدا. جەنۇبى چىرا-نۇرى تاشيولى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى ئارا قۇم كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئەسلى نامى تۆۋەن ئاراقۇم بولۇپ، 1984-يىلى مەمۇرى كەنتكە ئۆزگەرتىپ ئارا قۇم دەپ ئاتىغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 198، تېرىلغۇيېرى 450 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق. چارۋىچىلىق ئاساس، بىدە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**ئاراقۇم** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 2.9 كىلومېتىر. ئورنى سارلۇق دەرياسى بىلەن نۇرى دەرياسى نىڭ ئارلىقىدا. جەنۇبى چىرا-نۇرى تاشيولى بىلەن

تۇتۇشۇدۇ. ئۇيغۇرچە سوز، سارلۇك دەرياسى، نۇرى دەرياسىنىڭ ئارلىغىدىكى قوملۇققا جايلاشقانـ لىقىتىن، ئارا قۇم دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 198. تىرىلغۇيىرى 450 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. بىدە، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**دومسۇن كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: دومسۇن كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 21 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. تۇرۇشلۇق ئورنى دومسۇن كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالـغان. نوپۇسى 153، چارۋىچىلىق ئاساس، دىخانچىلىق قوشۇمچە، تىرىلغۇيـىرى 650 مو، ئوتـلاق چارۋا سىغىمچانلىغـى 2420 تۇياق، بۇغـداي، قوناق، يوڭ، تـرە، گـۆش چـىقـىدۇ. دومـسۇن دـىگەن سۆزنىڭ تـل ئايرىمىسى، كىلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**دومسۇن** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىـغا جايلاشـقان. تۇزلىنـىيە ئارلىغـى 21 كىلومېتـىر. ئورنى دالۇڭ دەرياسى بىلەن لالۇڭ دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا، تىل ئايرىمىسى، مەنـىسى ئېنىق ئەمەس. نوپۇسى 153، تىرىلغۇيىرى 650 مو، چارۋىچىلىق ئاساس. ئارپا، چارۋا مەھسۇلاتـ لىرى، دارى ئۆسۈملىكلىرى دىن بىنەپشە چىقىدۇ.

**سايباغ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايـىنىڭ شەرقىگە جايلاشـقان. تۇزلىنـىيە ئارلىغـى 8.5 كىلومېـتىر. ئورنى سايباغ دەرياسىنىڭ جىلغىسىدا، ئۇيغۇرچە سۆز، سايـباغ دەرياسـىنىڭ جىلغـىسـىغا جايلاشقان كەنتە بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا باققا ئوخشىغانلىقتىن، سايـباغ دەپ ئاتالـغان. چـوڭ تەبىئـى كەنتە. ئەسلىدە نۇرى گۇڭشىسىنىڭ بىر باشقۇرۇش رايونى. تەۋەلىگىدە 9 دادۈي بار. نوپۇسى 4003، تىرىلـغۇيـىرى 18312 مو، ئوتـلاق چارۋا سىغىمـچانلـىغى 8916 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يوڭ، تىرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**تىكەنلىك** دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلـىنىيە ئارلىغى 22.3 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ جايدا تىكەنلىك ئوت كۆپ بولغانلىقتىن، تىكەنلىك دەپ ئاتالغان، 6 ئادەم بار. تىرىلغۇ يىرى 10 مو. ئارپا تىرىلىدۇ.

**ساتاپىي** دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىـيە ئارلىغـى 15.5 كىلومېـتىر. ئورنى دەرياىدىكى سايىدا. ئۇيـغۇرچە سۆز، بۇ دەريا ساھىلىدا سا كۆپ بولۇپ، دائـىم سانىڭ تاپىلىرى (ئۇلگى) ئۇچـراپ تۇرغاچقا، ساتاپى دەپ ئاتالـغان. 16 ئادەم بولۇپ تىرىلغۇيـىرى 150 مو، ئارپا تىرىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن داۋغان بار.

**يۇلچۇن ئېغىزى** دىخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 23.2 كىلومېتىر. بۇيايـلاغ

يۇلچۇن دەرياسى نىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقانلىقتىن، يۇلچۇن ئېغىزى دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، "يۇلۇچىلارنىڭ ئۆتە يول ئېغىزى" دىگەن مەنىدە. پەسىللىك دىخانچىلىق نوقتىسى، تىرىلغۇيىرى 100 مو، ئارپا تىرىلىدۇ.

**ئۇزۇن قىر** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 22.4 كىلومېتىر. يېرىم چۆللۈك ئوتلاق، يەر شەكلى ئۇزۇنچاق دۆڭگە ئوخشىغانلىقتىن، ئۇزۇن قىر دەپ ئاتالغان. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1000 تۇياق. چىغ، چاكاندا، ياپچان قاتارلىقلار ئۇسىدۇ. ياۋايى هايۋانلاردىن داۋغان، ئۇلار بار.

**چىۋىقلىق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 13.9 كىلومېتىر. ئورنى دەريا جىلغىسى. ئۇيغۇرچە سۆز "مالغۇن شىخى"دىگەن مەنىدە. بۇ جايدا مالغۇن كۆپ بولغانلىقتىن، چىۋىقلىق دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە 12 ئادەم بولۇپ ئوتلاق كولىمى 150 مو، سىرىغ، ياپچان قاتارلىق ئوتلار، داۋغان، جەگرەن قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

**قاتتىق تۇز** چارۋىچىلىق نوقتىسى.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 21.3 كىلومېتىر. بۇ جايىنىڭ يەر ئۈستى تۇز، تۇپرىغى قاتتىق بولغانلىقتىن، قاتتىق تۇز دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سوز، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى، 340 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، كۆمۈش باشاقلىق ئوتلار ئۇسىدۇ.

**ياۋلىق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 25 كىلومېتىر. بۇ جايدا ياۋا دەيدىغان بىر خىل ئوت كۆپ بولغانلىقتىن، ياۋلىق دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1800 تۇياق. ياۋا، چىغ، ياپچان قاتارلىق ئوتلار، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

**خانيۇت** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 24 كىلومېتىر. شەرقى خانيۇت دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغوچە سۆز، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇرۇش قىلغاندا، مۇشۇ يەردە بىر كىچە قونغان. شۇنىڭ بىلەن خاننىڭ يۇرتى دەپ ئاتاپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خانيۇت دەپ ئاتىلىپ قالغان. يازلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىغى 1500 تۇياق. چىغ، ياپچان، ياۋا قاتارلىق ئوتلار، داۋغان، تۈلكە، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

**رىزەك كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: رىزەك كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى رىزەك كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 637،

دىخانچىلىق ئاساس. تىرىلغۇيىرى 2058 مو، بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**رىزەك** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6 كىلومېتىر. ئورنى سايباغ دەرياسى بىلەن سارلۇك دەرياسىنىڭ ئارلىغىدىكى تۈزلەڭدە. ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ "زىرەك" دىگەن سۆزدىن ئۆزگەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە بۇ كەنتتە ئەڭ بۇرۇن ياشىغان بىر ئادەمنىڭ ئىسمى زىرىپكام بولۇپ، ئۇ كىشى ناھايىتى ئىشچان، زىرەك بولغاچقا، بۇ كەنتكە شۇ كىشى نىڭ نامى بىلەن زىرەك دەپ نام بەرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام رىزەككە ئۆزگەرگەن. نوپۇسى 637، دىخانچىلىق ئاساس، تىرىلغۇيىرى 2058 مو، بۇغداي، قۇناق چىقىدۇ.

**چاتاش كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چاتاش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 14.5 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى چاتاش كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 529، تىرىلغۇيىرى 2408 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**چاتاش** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 14.5 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، مۇشۇ كەنتنىڭ باش تەرىپىدە يوغان بىر چاتاش بولغانلىقتىن، شۇ تاشنىڭ نامى بىلەن چاتاش دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 144، دىخانچىلىق ئاساس، تىرىلغۇيىرى 650 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 1232 تۇياق. قۇناق، پاختا، بۇغداي، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**توغرا ئۆستەڭ** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 12.9 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. كەنتنىڭ شەرقىدىن غەرپكە سوزۇلغان بىر ئۆستەڭ كەنتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، توغرا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، نوپۇسى 384، تىرىلغۇيىرى 1553 مو، بۇغداي، قۇناق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

**سايباغ بېشى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سايباغ بېشى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 7.7 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى سايباغ بېشى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 539، تىرىلغۇيىرى 2072 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2300 تۇياق. بۇغداي، قۇناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**سايباغ بېشى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 7.7 كىلومېتىر. غەربى

سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز. بۇ كەنتتە سايباغ دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە بولغانلىقتىن، سايباغ بېشى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 174، دېھقانچىلىق ئاساس. چارۋىچىلىق قوشۇمچە. تېرىلغۇيېرى 950 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1530 تۇياق. بۇغداي، قوناق، تېرە، يۇڭ، گۆش چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتتە

**قات**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 8.2 كىلومېتىر. غەربى سايباغ ئوق ئۆستىڭى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە "قىتى" دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتتە سايباغ دەرياسىنىڭ شەرقى قىشىغا (قىتىغا) جايلاشقانلىقتىن، قات دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 366، تېرىلغۇيېرى 1422 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 770 تۇياق. دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

**چوڭكۆل بېشى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭكۆل بېشى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.1 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭكۆل بېشى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئى كەنتتە بار. نوپۇسى 679، دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تېرىلغۇيېرى 2584 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3300 تۇياق. بۇغداي، قوناق، ئارپا، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتتە

**چوڭكۆل بېشى**

چوڭكۆل بېشى مەھەللە كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 7.1 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز. بۇ كەنتتىدە بۇرۇن 2 مو كېلىدىغان بىر چوڭكۆل بولغانلىقتىن، چوڭكۆل بېشى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 143، دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە. تېرىلغۇيېرى 542 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1200 تۇياق، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتتە

**سايقات**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 6.6 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە "سايىنىڭ ياقىسى" دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتنىڭ ئورنى دەريادىكى سايىنىڭ ياقىسىدا بولغانلىقتىن، سايقات دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 536، دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تېرىلغۇيېرى 2042 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2050 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

**قاشيەر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: قاش يەر كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 6.9 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى قاشيەركەنت كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئى كەنتتە بار. نوپۇسى 572، دېھقانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە،

تىرىلغۇيېرى 2500 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2396 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**قاشيەر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6.9 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇرۇن بۇ جايدا بىر قاش بولۇپ، تۇزلەپ تىردىم قىلغان، شۇنىڭغا ئاساسەن قاش يەر دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 132، دېخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تىرىلغۇيېرى 544 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 500 تۇياق، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**ئوغرى يول** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ يول بولغانىدىن سىرت يەنە بىر يوشۇرۇن چىغىر يول بولغان، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئوغرى يول دەپ ئاتىلىپ قالغان. نوپۇسى 157، تىرىلغۇيېرى 590 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 515 تۇياق. دېخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**ياقا سۇيلى** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.1 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە "سۇنىڭ ياقىسى" دېگەن مەنىدە. بۇ كەنتنىڭ ئورنى سايباغ دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولغانلىقتىن، ياقا سۇ يىلى دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 230، دېخانچىلىق ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە، تىرىلغۇيېرى 1622 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 500 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**سۇيلى لەڭگەر كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سۇ يلى لەڭگەر كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى سۇيلى لەڭگەر كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 498، تىرىلغۇيېرى 2223 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2700 تۇياق، بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**سۇيلى لەڭگەر** تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇرچە "سۇلۇۋىدىكى لەڭگەر" دېگەن مەنىدە، بۇ كەنتە سايباغ دەرياسىنىڭ لىۋىگە جايلاشقان. ھەمدە بۇ جايدا ئىلگىرى نۇرىدىن بوستانغا ئۆتۈشتە قونۇدىغان لەڭگەر بولغاچقا، سۇيلى لەڭگەر دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 498، تىرىلغۇيېرى 2223 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2700 تۇياق. بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

**سارلۇڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: سارلۇك كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 11.7 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى سارلۇك كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىكىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 167. تېرىلغۇ يېرى 847 مو. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2670 تۇياق. بۇغداي، ئارپا، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

**سارلۇك** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 11.7 كىلومېتىر. ئورنى سارلۇك دەرياسى جىلغىسىدا. تىل ئايرىمىسى، بۇ نامنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس، نوپۇسى 167، تېرىلغۇ يېرى 847 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2670 تۇياق. چارۋىچىلىق ئاساس، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

**دەرەخلىك** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 9.6 كىلومېتىر. ئورنى سارلۇك دەرياسى جىلغىسىدا. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ جايدا دەرەخ كۆپ بولغانلىقتىن، دەرەخلىك دەپ ئاتالغان. دائىم تۇرۇشلۇق 8 كىشى بار. تېرىلغۇ يېرى 150 مو، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ.

**بەلتىيى** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 19.8 كىلومېتىر. سارلۇك دەرياسى تارماق ئېقىم نىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا ئورۇنلاشقان. پەسىللىك دېخانچىلىق نوقتىسى. 27 ئادەم بار. تېرىلغۇ يېرى 300 مو، ئارپا، پۇرچاق تېرىلىدۇ. تىل ئايرىمىسى، يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**قوچقار باش تاغ** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 16.3 كىلومېتىر. تاغلىق قىشلىق يايلاق. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ تاغ قوچقارنىڭ بېشىغا ئوخشىغانلىقتىن، قوچقار باش تاغ دەپ ئاتالغان. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق. چىغ، سىرىخ قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، تۈلكە، توشقان، كەكلىك ئۇلا، بۆرە، داۋغان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**كەڭ قويناق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 11.8 كىلومېتىر. تاغ باغرى ئوتلاق، ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسى پەس، ئىككى تەرىپى ئېگىز بولغاچقا، كەڭ قويناق دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، كۆلىمى تەخمىنەن 15 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 1500 تۇياق. چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، جەگرەن، توشقان، تۈلكە، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**كۇتەل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 21 كىلومېتىر. غەربى سارلۇك دەرياسىنىڭ تازمىغى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. ئۇيغۇرچە سۆز، يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز

بولغاچقا، كۆتەل دەپ ئاتالغان. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 700 تۇياق، چىغ، كۆرۈك قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، جەگرەن، توشقان، ئۈلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**ياچىي كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياچى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 16.7 كىلومېتىر. تۇرۇشلۇق ئورنى ياچى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 316، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2800 تۇياق. چارۋىچىلىق ئاساس، تېرىلغۇيېرى 1356 مو، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**ياچىي**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 16.7 كىلومېتىر. غەربى سايباغ دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇرچە "يائىچى"دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتىنىڭ ئورنى چوڭقۇر، جىلغىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، يائىچى دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياچىغا ئۆزگەرگەن. نوپۇسى 316، چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2800 تۇياق. تېرىلغۇيېرى 1356 مو، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، گۆش چىقىدۇ.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**فېرما**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 16.5 كىلومېتىر. تاغ باغرى يايلاق. بۇ يايلاقتا فېرما دەيدىغان بىر خىل ئوت كۆپ بولغانلىقتىن فېرما دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، چارۋا سىغىمچانلىقى 13000 تۇياق، چىغ، كۆرۈك، چىم قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، توشقان، ئۈلا، كەكلىك، جەگرەن، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**كۆك ئارال**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 24.4 كىلومېتىر. ئېگىز تاغلىق يايلاق. شەرقى سىرىق سۇ دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. يازدا 15 ئادەم چارۋا باقىدۇ. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 800 تۇياق. سىرىغ، ياپچان، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار، يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئارالغا ئوخشاش بولۇپ، ئوت-چۆپلەر باراقسان ياپ-يېشىل ئۆسكەنلىكتىن كۆك ئارال دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**تۆگە تۈز**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 24.5 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، بۇ يايلاقنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ ئىلگىرى تۆگە بېقىلغانلىقتىن، تۆگە تۈز دەپ ئاتالغان. چارۋا سىغىمچانلىقى 1500 تۇياق. چىغ، ياپچان، چىم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، كەكلىك، تۈلكە، داۋغان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**زىندان**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىقى 23.1 كىلومېتىر. غەربى ئوتانلىق دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قىدىمقى زاماندىكى ئۇرۇشتا

ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى مۇشۇ يەرگە زىندان ياساپ سولىغان، شۇڭىلغا ئاساسەن زىندان دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، 10 ئادەم چارۋا باقىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 400 تۇياق. جەگرەن، توشقان، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**ئارا چىۋەي**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 21.3 كىلومېتىر. ئورنى كۆتەل دەرياسى بىلەن سىرىق سۇ دەرياسىنىڭ ئارلىقىدا. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە. بۇ يايلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ تارىختا ئۆتكەن مالدار كىشىلەر يايلاقنى تالىشىپ قىلىپ، ئاخىرى شەن ياۋۇن دىن ئادەم ئەبەرتىپ پاسىل توختىتۇپ، "چىۋەي" كىسىپ بەرگەن، شۇڭىلغا ئاساسەن ئاراچىۋەي دەپ ئاتالغان. يازلىق يايلاق، چارۋا سىغىمچانلىقى 250 تۇياق، چىغ، ياپچان، تەسكەن قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، توشقان، تۈلكە، ئۇلا، كەكلىك، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**بۇزاڭ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: بۇزاڭ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 18.9 كىلومېتىر. ئورنى بۇزاڭ دەرياسى جىلغىسىدا. تۇرۇشلۇق ئورنى بۇزاڭ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئى كەنتە بار، نوپۇسى 233، تېرىلغۇيېرى 1207 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2500 تۇياق. چارۋىچىلىق ئاساس، دېخانچىلىق قوشۇمچە. بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ.

تەبىئى كەنتە

**بۇزاڭ**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىقى 18.9 كىلومېتىر. ئورنى بۇزاڭ دەرياسى جىلغىسىدا. نوپۇسى 233. چارۋىچىلىق ئاساس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2590 تۇياق، تېرىلغۇيېرى 1207 مو، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تىرە، گۆش چىقىدۇ. بۇ يەر نامىنىڭ تىل ئايرىمى، كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىدى.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**تاماق ئاغىزى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 23.6 كىلومېتىر. غەربى بۇزاڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تېرىلغۇيېرى 80 مو، بۇغداي، ئارپا تېرىلىدۇ. پەسىللىك دېخانچىلىق نوقتىسى. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**رامۇدان**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 23.9 كىلومېتىر. غەربى بۇزاڭ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغلىق، پەسىللىك دېخانچىلىق نوقتىسى. تېرىلغۇيېرى 40 مو، ئارپا تېرىلىدۇ. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**تىكەنلىك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 24.6 كىلومېتىر. غەربى

بۇزاڭ دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. تاغلىق، پەسلىلىك دېخانچىلىق نوقتىسى. تېرىلغۇيېرى 80 مو، ئارپا تېرىلىدۇ. بۇ جايدا تىكەنلىك ئوت كۆپ بولغانلىقتىن، تىكەنلىك دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز.

**قۇم يول** دېخانچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 21.4 كىلومېتىر. تېرىلغۇيېرى 130 مو، ئارپا، پۇرچاق تېرىلىدۇ. مۇشۇ يايلاققا چىقىدىغان يولنىڭ ئېغىزىدا كۆلىمى چوڭراق بولغان قۇملۇق بولغاچقا، قۇم يول دەپ ئاتالغان.

**بوزاڭ قىر** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 20 كىلومېتىر، غەربى بۇزاڭ دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. بۇزاڭغا چىقىدىغان يولدا ناھايىتى ئېگىز بىر قىر (تاغ) بولغانلىقتىن، بوزاڭ قىر دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ تىل ئايرىمىسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 15000 تۇياق. چىغ، كۆرۈك، كىلاپ قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر، تۇشقان، تۈلكە، ئۆلا، جەگرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**قۇميول بېشى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 21.5 كىلومېتىر. غەربى بۇزاڭ دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. بۇ يايلاغنىڭ ئورنى قۇملۇق يول ئېغىزىدا بولغانلىق-تىن، قۇميول بېشى دەپ ئاتالغان. 15 ئادەم چارۋا باقىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىغى 1500 تۇياق. جەگرەن، تۈلكە، توشقان، ئۆلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، ياپچان، كىلاپ قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر ئۆسىدۇ.

**پادىچى ئېغىل** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 21.1 كىلومېتىر. ئېگىز تاغلىق ئوتلاق. ئىلگىرى بۇ جايدا پادىچىلار بىر ئېغىل ياسىغانلىقتىن، پادىچى ئېغىل دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 250 تۇياق. تۈلكە، داۋغان، ئۆلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، چىغ، كىلاپ قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر ئۆسىدۇ.

**مۇڭگۇز قادىغان** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 23.3 كىلومېتىر. ئېگىز تاغلىق يايلاق، يايلاق نىڭ يەر تۈزۈلۈشى كالىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئوخشىغانلىقتىن، مۇڭگۈزقا دىغان دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 400 تۇياق. كىلاپ، كۆرۈك، قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر، جەگرەن، توشقان، تۈلكە، ئۆلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**پۇچاقچى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 28.8 كىلومېتىر. شەرقى بۇزاڭ دەرياسىنىڭ تارمىغى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. بۇ يايلاغدا ياۋا پورچاق كۆپ بولغانلىقتىن، پۇچاقچى دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئۇيغۇرچە "پۇرچاق تېرىغۇچى" دىگەن مەنىدە. ئوتلاق چارۋا

سىغىمچانلىغى 2500 تۇياق. ياپچان، چىغ، قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر، داۋغان، توشقان قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

**قىياقلىق** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۇزلىنىيە ئارلىغى 23.5 كىلومېتىر. تاغ چۇققىسى يايلاق، شەرقى قىياقلىق دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. يازلىق يايلاق، بۇ يايلاغدا قىياق كۆپ بولغانلىقتىن، قىياقلىق دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، چارۋا سىغىمچانلىغى 1000 تۇياق. چىغ، ياپچان قاتارلىق ياۋايى ئۇسۇملۇكلەر، تۈلكە، جەگرەن، توشقان قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

# بوستان يېزىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

بوستان يېزىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى گىرۋىكى، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقى جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تۈز لىنىيە ئارلىغى 87.2 كىلومېتىر كىلىدۇ.

يېزا ئىچىنى قاتمۇ-قات تاغلار قاپلاپ تۇرۇدۇ. ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا سوزۇلغان دەريالار بار. يېزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى باغىيشى كەنتىسى، تاغ جىلغىسىنىڭ ئىغىزىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندى بەلۋاققا جايلاشقان. شەرقى كىرىيە ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى نۇرى يېزىسى بىلەن خوشنا. جەنۇبى كۇئېنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى دامىكۆ يېزىسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىغى 144-121.1 كىلومېتىر، شەرىقتىن غەرپكە كەڭلىگى 33.8-1.8 كىلومېتىر كىلىدۇ. يەر مەيدانى 2694 كوۋادىرات كىلومېتىر.

تەۋەلىگىدە 12 كەنت كومىتېتى، 22 تەبىئى كەنتە بار. 1378 ئائىلە، 4849 نوپۇسى بار، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 4861، خەنزۇ مىللىتى 8.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى تېچلىق يېزىسى دەپ ئاتالغان. ئازاتلىقتىن كېيىن 6-رايون ئىمامىلا يېزا دەپ ئاتالغان. 1959-يىلى نۇرى گۇڭشى ئىمامىلا باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1977-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق نۇرى گۇڭشىسىدىن ئايرىپ خەلق گۇڭشىسى قۇرۇلۇپ، نامى بوستان گۇڭشى دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى بوستان يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. بوستان ئۇيغۇرچە سۆز.

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2260 مېتىر. پۈتۈن يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىگى 1600 مېتىر. ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىگى 6280 مېتىر. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىگى تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئېگىزلىگىدىن بىر ئاز يۇقىرى بولۇپ، 3940 مېتىر كىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 27800 مو، ئورمان يېرى كۆلىمى 3095 مو، يايلاغ كۆلىمى 898 مىڭ 365 مو بولۇپ، بۇنىڭدىن يازلىق يايلاق 180 مىڭ 150 مو، قىشلىق يايلاغ 718 مىڭ 215 مو، تېرىلغۇ يەر ئومۇمى يەر مەيدانىنىڭ 0.73% نى، ئورمان يېرى 0.128% نى يايلاغ 22.2% نى، قۇملۇق، تاغلىق 77.08% نى تەشكىل قىلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ئۇزۇنچاق بولۇپ، جەنۇبى قىسمىدىكى باش قارا سۇدىن شىمالى قىسمىدىكى ئاياغ قارا سۇغىچە بولغان تۈز لىنىيە ئارلىغى 31.5 كىلومېتىر كىلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېخانچىلىق رايونلىرىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر بىر قەدەر ئازياغىدۇ. ئۈنۈملۈك جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە 4000 گىرادۇستىن تۆۋەن بولۇپ، بۇغداي نىڭ ئۆسۈشىگە باپ كىلىدۇ. ھەممە ئۆسۈش ۋاقتى

100 كۈن چامىسىدىكى ئوتتۇرا پىشار قۇناقلارنى تېرىغىلى بولىدۇ. باش قارا سۇدا يامغۇر بىر قەدەر كۆپ، يايلاغ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، كالا، قوي بېقىشقا باپ كېلىدىغان چارۋىچىلىق كەنتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەنتتىمۇ ئارپا، پۇرچاق ۋە يازغى بۇغداي تېرىلىدۇ. لېكىن يامغۇر كۆپ ياققان، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغان يىللىرى يازغى بۇغدايمۇ پىشمايدۇ. ئاياغ قارا سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يېزا تۇرۇشلۇق جايغا قارىغاندا موتىدىل بولۇپ، دىخانچىلىق ۋە ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باپ كېلىدۇ.

سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول، يېزا تەۋەسىدە 11 دانە چوڭ كىچىك دەريا بولۇپ، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 890 مىڭ كۇبمېتىر. كان بايلىقلىرىدىن قاشتېشى، ئالتۇن، شۇيجىنشى قاتارلىقلار بار. مۇھىم بولغان ياۋايى ھايۋان بايلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، داۋغان، جەگرەن، تۈلكە، چومچۇق، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىقلار بار. ئۇسۇملۇكلەردىن سېرىق ئوت قاتارلىقلار بار. يېزا تەۋەسىدە كوئېنلۈن تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان ياقاباغ تىغىدا يىل بويى قار ئېرىمەيدۇ. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولغان قار سۇلىرىنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن دەريا سۈيىگە تايىنىدۇ. ئاساسلىق دەريالاردىن قارا سۇ دەرياسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق سۇ مىقدارى 19 مىليون 700 كۇبمېتىر بولۇپ، چۆل ئارقىلىق دامىكو يېزىسىنىڭ بولاق بېشىغا قۇيۇلىدۇ. ئاقساي دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر بولۇپ، بۇزاڭ دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 150 كۇبمېتىرغا، ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى 0.25 كۇبمېتىر سېكۇنتقا يېتىدۇ. يېزا تەۋەسىدە يەنە بىر دانە لەيلى خۇكۇلى دەيدىغان بىر كۆل بولۇپ، سۈيى ئاقمايدۇ، كۆلىمى 0.55 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ يۈزى ئېگىزلىكى 4980 مېتىر كېلىدۇ.

بوستان يېزىسىنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس، دىخانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەپ ئىشىنىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا تارىخى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان بىر يىل بولدى. 8182 مو بۇغداي تېرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 974 مىڭ 82 جىڭغا يەتتى. 4572 مو قۇناق تېرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 257 مىڭ 761 جىڭغا يەتتى. 300 مو ئارپا تېرىلىپ، مەھسۇلات مىقدارى 49 مىڭ جىڭغا يەتتى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 3 مىليون 779 مىڭ جىڭغا يەتتى. 44 مىڭ جىڭ مايلىقدان ئىشلەپ چىقىرىلدى. شۇ يىلدىكى چارۋىنىڭ قوتان قالدۇقى 46 مىڭ 602 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭدىن كالا 1496 تۇياق، ئات 606 تۇياق، ئېشەك 2580 تۇياق، تۆگە 352 تۇياق. ئۆچكە 7180 تۇياق، قوي 34 مىڭ 865 تۇياق.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1958 ـ يىلدىن كېيىن دەريا سۈيى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پەسىللەر ئارا سۇنىڭ ئارتۇق كەمىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر دانە ئۆق ئۆستەڭ ياسالدى. يەنە 2 مىليون كۇبمېتىر سۇ

سغمدىغان بىر دانە سۇ ئامبىرى ياسالدى. بۇ ئارقىلىق دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا قۇلايلىق شارائىت يارىتىلدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن بوستان يېزىسىنىڭ ئورمانچىلىقى ئەگرى تۇقايلىقلارنى بىشىدىن كۆچۈردى. دەسلىۋىدە دەرەخلەرنى كېسىۋېتىش ئېغىر بولۇپ، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە ئاندىن جەزىم سىلىپ، ئورمان بىنا قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

ھازىر 610 مىڭ 622 تۈپ ھەر خىل دەل ـ دەرەخ بار. ئاياغ قارا سۇ كەنتىسىدە بار بولغان دەرەخلەر كىشى بىشىغا 1100 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. كۆپ قىتىم ناھىيە بويىچە جەزىم سىلىپ، ئورمان بىنا قىلىش بويىچە مۇنەۋۋەر ئورۇن دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

بۇ يېزىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەتىرىدى، رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇدى قاتارلىق كارخانىلار بولۇپ، 1984 ـ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۆگە يۇڭ، قوي يۇڭى، تېرە بۇ يېزىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ جايلاشقان ئورنى ياقا ـ پۇچقاق، قاتناشنىڭ قولايسىز بولۇشى ـ بۇ يېزىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋىبى. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 1977 ـ يىلى گۈڭشى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بوستاندىن چىرا ناھىيە بازىرىغا كېلىدىغان بىر ئاددى تاشيول ياسالدى. ھازىر 1 دانە ئاپتوموبىل، 18 دانە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتور بولۇپ، قاتناش شارائىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. لېكىن ھازىرغا قەدەر يولۇچىلار ئاپتوۋۇزى قاتنىمايدۇ.

سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى بۇ جايدا ھېچقانداق داۋالاش ئەسلىھەلىرى، دوختۇر، سېسترا يوق ئىدى. ھازىر 13 دانە كېسەل كارۋىتى بار، بىر دانە دوختۇرخانا بارلىققا كەلدى. 12 دانە ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، 12 نەپەر دوختۇر ۋە سېسترا، 23 نەپەر ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بار.

مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى پەقەت ئاددىيلا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 8 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىسى بار ئىدى. ھازىر 11 دانە باشلانغۇچ مەكتەپ، 1 دانە ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 803 نەپەرگە يەتتى.

ئاسارە ـ ئەتىقىلەردىن ئاساسلىقى 4 ئىمام مازىرى (يەنى توت ئىمامنىڭ قەۋرىسى) بولۇپ، يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىدىكى 1.8 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 200 مو كېلىدۇ. مازاردا بىر مېچىت بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىتتقاتچىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. قەشقەر ـ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە بىر قەدەر ئاتاغلىق جاي بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ئىتتقاتچىلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ بۇ جايغا تاۋاپ قىلىدۇ.

# بوستان يېزىسى
## ئۆلچەملىك نامى

**بوستان يېزىسى**

تەپسلاتى ئومۇمى باياندا قارالسۇن.

تەبىئى كەنتە

**باغبېشى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆز لىنىيە ئارلىغى 1 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كوئىنلۇن تاغلىق رايۇنى. نوپۇسى 265، ئىگىلىگى يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي پۇرچاق، يۇڭ تىرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ كەنتە يېزىنىڭ يوقرىسىغا جايلاشقانلىقتىن باغبېشى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**جايتۈز كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: جايتۈز كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، تۆز لىنىيە ئارلىغى 3.6 كىلومېتىر. شەرقى تەرپى قارا سۇ دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. تەۋەلىگىدە 3 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 700، تىرىلغۇ يەر كۆلىمى 3464 مو، يايلاق كولىمى 400 مو، يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، پۇرچاق، تىرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**جايتۈز**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆز لىنىيە ئارلىغى 3.6 كىلومېتىر. تاغلىق رايۇندىكى ئاقساي دەريا جىلغىسىغا مەنسۇپ. نوپۇسى 302، تىرىلغۇ يېرى 1414 مو، ئىگىلىگى يېرىم دىخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تىرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولغانلىقتىن، جايتۈز دەپ ئاتىلىپ قالغان.

تەبىئى كەنتە

**قولتۇق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۆز لىنىيە ئارلىغى 5.1 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەريا جىلغىسىدا. نوپۇسى 142، تىرىلغۇ يەر كۆلىمى 844 مو، ئىگىلىگى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تىرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ كەنتە ئاقساي دەرياسىنىڭ ئىككى جىلغىسىنىڭ قوشۇلۇش نوقتىسى-

دىكى قولتۇغىا جايلاشقانلىقتىن، قولتۇق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئىي كەنتە

**ئاقتۈز**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 4.4 كىلومېتىر. شەرقى قارا سۇ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 256، ئېگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، سەندۇ، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ، كەنتنىڭ زېمىنى تۈز ۋە ئاقچىلىق بولغاچقا، ئاقتۈز دەپ ئاتالغان.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**تامىيەر**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.3 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى جىلغىسىدا. تېرىلغۇيېرى 280 مو، نوپۇسى 23، بۇ جاي، جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان تامغا ئوخشاش ئېدىر بولغاچقا تام يەر دەپ ئاتىلىپ قالغان.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**باش مەھەللە**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6 كىلومىتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى جىلغىسىدا. تېرىلغۇ يېرى 30 مو. دائىم تۇرۇشلۇق ئادەم يوق. بۇ جاي كەنتنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، باش مەھەللە دەپ ئاتالغان.

**باغبېشى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: باغبېشى كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1 كىلومېتىر. شەرقى لاغا دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 528، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2140 مو، يايلاق كۆلىمى 140 مو، ئېگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، يۇڭ تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. تۇرۇشلۇق ئورنى باغ-بېشى كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**ئاراقېرتۇۋى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2 كىلومىتىر. جۇغرا-پىيەلىك ئورنى تاغلىق رايون، غەربى ئاقساي دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نوپۇسى 264، ئېگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. "بۇ كەنتە قېر (دوڭ)نىڭ يان باغرىغا جايلاشقانلىقتىن، ئاراقېر تۇۋى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**دۆڭباغ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆلبېيەر كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1 كىلومېتىر. غەربى ئاقساي دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە 3 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 349، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2390 مو، يايلاق كولىمى 740 مو، ئېگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ جاي

ئاقساي دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى دۆڭلەر ئوراپ تۇرغاچقا ئىگىز باققا ئوخشايدۇ، شۇڭىغا ئاساسەن دۆڭباغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە

### كۆلىيەر

دۆڭباغ كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسىنىڭ بويىدا، نوپۇسى 135، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، پۇرچاق، تېرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. يەر تۈزۈلۈشى كۆلگە ئوخشاش چوڭقۇر بولغانلىقتىن، كۆلىيەر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە

### تاشلىق يەر

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1.2 كىلومېتىر. جوغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىدا. نوپۇسى 64، يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي پۇرچاق، تېرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ يەرنىڭ جەنۇبى تاقىقا تۇتاش بولۇپ، تاش كۆپ بولغاچقا، تاشلىق يەر دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە.

### مورلۇم قاش

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1.7 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسىنىڭ جىلغىسىدا. نوپۇسى 127، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئىلگىرى مورلۇم ئىسىملىك بىر كىشى مۇشۇ يەرنى ئېچىپ تېرىمىغا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر مورلۇم قاش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### ياقا قاش كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ياقاقاش كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 6 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 807، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3823 مو، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3900 تۇياق، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. تۇرۇشلۇق جايى ياقا قاش كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

### ياقا قاش

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كۈنلۈن تاغلىق رايونى. ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا. نوپۇسى 136، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 600 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. كەنتىنىڭ ياقىسىدا يار پەچىپ كەتكەن قاش بولغاچقا، ياقا قاش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### غەزىمەت تۆۋى
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 0.6 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. نوپۇسى 152، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 626 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئىلگىرى بۇ جاي تېرىمغا ئايلانغان ۋاقىتتا بىرقانچە توپ غەزىمەت دەرىخى بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ نامى غەزىمەت تۆۋى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### تېرەك تۆۋى
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارىلىقى 1.4 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، نوپۇسى 145، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 804 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە بىر كۆل بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن تېرەكلەر سېلىنغان. كىشىلەر ھەمىشە مۇشۇ جايغا كېلىپ سايىدىغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاينىڭ نامى تېرەك تۆۋى دەپ ئاتالغان.

### پاتما چىۋىن
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 2.4 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. نوپۇسى 115، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1236 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئىلگىرى بۇ يەردە پاتمىچۇق ۋە چىۋىن كۆپ بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ نامى پاتما چىۋىنلىق دەپ ئاتالغان، كېيىن پاتما چىۋىنغا قىسقارغان.

### سېرىق قاش
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 3 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى. ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا. نوپۇسى 115، تېرىلغۇ يېرى 637 مو، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ كەنتە ئاقساي دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقانلىقى ھەم تۇپىسىنىڭ رەڭگى سېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سېرىق قاش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

### شىك چاتا
تەبىئى كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 5.5 كىلومېتىر. ئاقساي دەرياسىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. نوپۇسى 27، ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 150 مو، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق

چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئىشىك ئاچا دىگەن سۆزدىن قىسقىرىپ مۇشۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

## ئاچما كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچما كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.8 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان. نوپۇسى 339، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2030 مو، ئورمان يېرى 85 مو، ئوتلاق 1000 مو، دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئاساسلىقى ئەلا سورتلۇق ئورۇق يېتىشتۈرۈدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئارپا. تۇرۇشلۇق ئورنى ئاچما كەنتىسدە بولغاچقا، ئاچما دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

### ئاچما

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2.1 كىلومېتىر. تاغلىق، ئاقساي دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان، نوپۇسى 207، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئارپا، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ يەر ئىلگىرى چۆل بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى ئېچىپ تېرىمغا ئايلاندۇرغان، ھەم كەنتە شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاچما دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## جىگدە بوستان كەنت كومىتېتى

تۇرۇشلۇق ئورنى: جىگدە بوستان كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارلىقى 1.6 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كوئىنلۇن تاغلىق رايونىدا. تەۋەلىگىدە 2 تەبىئى كەنتە بار. نوپۇسى 472، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3821 مو، ئوتلاق كۆلىمى 1000 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئارپا، يۇڭ، تېرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، تۇرۇشلۇق ئورنى جىگدە بوستان كەنتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

### جىگدە بوستان

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1.6 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كوئىنلۇن تاغلىق رايونى، ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا. نوپۇسى 193، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئارپا، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. بۇ جايدا ئىلگىرى نۇرغۇن جىگدە دەرىخى بولۇپ، بوستانلىق شەكىللەنگەچكە، جىگدە بوستان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە

### دۆڭ يەر

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 1.3 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى كوئىنلۇن تاغلىق رايونى. ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا. نوپۇسى 279، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، ئارپا، يۇڭ، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئېگىز-پەس بولغاچقا، دۆڭ يەر دەپ

ئاتىلىپ قالغان.

**ئاراساي كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاراساي كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6.5 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 2 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 427. تېرىلغۇ يېرى 2360 مو، ئوتلىقى 100 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. چۆل بىلەن دەريانىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان جاي دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۇرۇشلۇق ئورنى ئاراساي كەنتىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەبىئىي كەنتە

**ئارا ساي**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6.5 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى قارا سۇ دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىدا. نوپۇسى 204، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ, تېرە، قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، چۆل بىلەن دەريانىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان جاي دېگەن مەنىدە، چۆل بىلەنساينىڭ ئارلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، ئاراساي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئىي كەنتە

**چۆل ئېغىل**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 6.8 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىمىنىڭ ئارلىقىدا. نوپۇسى 208، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئۇيغۇرچە چۆلدىكى ئېغىل دېگەن مەنىدە. بۇ جاي ئەسلىدە چۆل، كېيىن ئېغىل بىنا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كەنتىنىڭ نامى چۆل ئېغىل دەپ ئاتىلىپ قالغان.

دېخانچىلىق نوقتىسى

**قولدۇسۇن**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 8 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئارلىقىدا. نوپۇسى 15، تېرىلغۇ يېرى 60 مو، ئىگىلىكى دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى قوناق، بۇغداي. ئۇيغۇرچە "خۇدا قوللىسۇن" دېگەن مەنىدە. بۇ جاي ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇش نوقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى ياخشى بولغاچقا، قولدۇسۇن دەپ ئاتالغان.

**ئاياق قارا سۇ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياق قارا سۇ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 12 كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە بىر تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 322، تېرىلغۇ كۆلىمى 824 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2500 تۇياق، ئىگىلىكى يېرىم دېخانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئۇيغۇرچە "بۇلاقنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى،

دىگەن مەنىدە، تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياق قارا سۇ كەنتىدە بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.

**ئاياق قارا سۇ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 12 كىلومېتىر، قارا سۇ دەرياسىنىڭ ئىچىدىكى تۈزلەڭدە، نوپۇسى 322، تېرىلغۇ يېرى 824 مو، ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئالما.

ئۇيغۇرچە "بۇلاقنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى" دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتە قارا سۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقانلىقتىن ئاياق قارا سۇ دەپ ئاتالغان.

**قىشلاق يەر** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 10.2 كىلومېتىر. جۇغرا-پىيەلىك ئورنى قارا سۇ دەرياسىنىڭ جىلغىسىدا. ئوتلاقىنىڭ شەرقتىن غەرپكە كەڭلىگى 0.5 كىلومېتىر. جەنۇپتىن شىمالىغا ئۇزۇنلىقى 1 كىلومېتىر كىلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 5000 تۇياق. چىغ قاتارلىق ئوت چۆپلەر بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن داۋغان، تۈلكە، جەگرەن قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرچە "قىشلاق ئوت" دىگەن مەنىدە. بۇ يەردە قىش پەسلىدە چارۋا بىقىلغانلىقتىن، قىشلاق يەر دەپ ئاتالغان.

**باش ئاچما** چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 19.9 كىلومېتىر. جۇغرا-پىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا. كۆلىمى 30 مو، چارۋا سىغىمچانلىقى 200 تۇياق. ئوت، چۆپلەردىن ياپچان، سېرىق پاسار، ياۋايى ھايۋانلاردىن داۋغان، ياۋا تۇشقان قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرچە "يىڭى ئاچقان يەرنىڭ بېشىدا" دىگەن مەنىدە. بۇ جاي ئادەم كۆچى بىلەن ئېچىلغان ھەم باش تەرەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن باش ئاچما دەپ ئاتالغان.

**باش قارا سۇ كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: باش قارا سۇ كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 18.6 كىلومېتىر. تەۋەلىگىدە 1 تەبىئىي كەنتە بار. نوپۇسى 153، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 937 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 5170 تۇياق. ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئۇيغۇرچە "بۇلاقنىڭ يۇقىرى ئېقىمى" دىگەن مەنىدە، تۇرۇشلۇق ئورنى باش قارا سۇ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**باش قارا سۇ** تەبىئىي كەنتە

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 18.6 كىلومېتىر. جۇغرا پىيەلىك ئورنى قارا سۇ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا. نوپۇسى 153، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 937 مو، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 5170 تۇياق. ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئۇيغۇرچە

"بۇلاقنىڭ يۇقىرى ئېقىمى" دىگەن مەنىدە. قارا سۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقانلىقتىن، باش قارا سۇ دەپ ئاتالغان.

**ئارالىق كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارالىق كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارلىقى 23 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى گۈللۈك دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا. ئىككى تەرپى تاققا، ئىككى تەرپى سۇغا تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 117، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 937 مو، بىدە يېرى 330 مو، ئىگىلىگى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئارالىق "ئەرەنلىك" دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. قايسى مىللەتنىڭ تىلى ئىكەنلىگى ئېنىق ئەمەس.

تەبىئى كەنتە

**ئارالىق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 23 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى گۈللۈك دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا. ئىككى تەرپى تاغ، ئىككى تەرپى سۇ بىلەن تۇتۇشىدۇ. نوپۇسى 117، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 937 مو، بىدە 330 مو. ئىگىلىگى دېھقانچىلىقنى چارۋىچىلىقنى ئاساس، قوشۇمچە قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئارالىق "ئەرەنلىك" دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. تىل ئايرىمىسى ئېنىق ئەمەس. "ئەرەنلىك" ناھايىتى كۆپ دىگەن مەنىدە.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**كۆپە قىر**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 15.3 كىلومېتىر. تاغ ئۈستىگە جايلاشقان ئوتلاق. شەرقتىن غەرپكە كەڭلىگى 16 كىلومېتىر. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىغى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق ۋە يازلىق ئوتلاق، چارۋا سىغىمچانلىغى 20000 تۇياق. دائىملىق 10 ئادەم چارۋا باقىدۇ. چىغ قاتارلىق 6 خىل ئوت، چۆپ بار. ياۋايى هايۋانلاردىن داۋغان، جەگرەن، ئۈلا قاتارلىقلار بار. كۆپەقىر ئۇيغۇرچە "قوزا كۆپ ئوتلاق" دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئوتلاقنىڭ كۆلىمى چوڭ بىقىلىدىغان چارۋا كۆپ بولغانلىقتىن، كۆپەقىر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**پۇماس قىر**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 13.6 كىلومېتىر. تاغلىق ئوتلاق، چارۋا سىغىمچانلىغى 20000 تۇياق. سىرىغ ئوت، ياپچان، كۆمۈش باشاقلىق ئوت قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، جەگرەن، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار. تىل ئايرىمىسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**كۆكباش دۆڭ**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 18.6 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى دەريانىڭ قىرغىقىدا. شەرقتىن غەرپكە كەڭلىگى 1.5 كىلومېتىر. جەنۇپتىن

شىمالىغا ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر. يازلىق ئوتلاق، چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق. سېرىق ئوت، ياپچان، چىغ قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئۇلا، كەكلىك، ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "يېشىل ئېگىز جاي" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، ئوت چۆپلەر باشقا ئوتلارغا قارىغاندا بۇرۇن كۆكەرگەنلىكتىن، كۆكباش دۆڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## كۆك بۇلاق

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 19.7 كىلومېتىر. تاغ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان يازلىق ئوتلاق. ئايلانمىسى 1.5 كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 900 تۇياق. سېرىق ئوت، ياپچان قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "كۆك بۇلاق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جايدا سۈپ سۈزۈك بۇلاق سۈيى بولغانلىقتىن، كۆك بۇلاق دەپ ئاتالغان.

## ئاقتۇقاي

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 24.4 كىلومېتىر. تاغلىق يازلىق ئوتلاق. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئاقساي دەرياسى جىلغىسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق، چىغ، سېرىق ئوت قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، داۋغان، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "دەريانىڭ ئەگرى-تۇقاي يېرى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاقساي دەرياسىنىڭ ئايلىنىدىغان ئەگرىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاقتۇ قاي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

## تېرىككەل يايلاق

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 21.3 كىلومېتىر. تاغ ئوتلاق. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 1000 تۇياق. دائىم تۇرۇشلۇق 5 ئادەم بار. سېرىق، چىغ، ياپچان قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، جەگرەن، داۋغان، توشقان، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "تېرىككەن" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر كىشى مۇشۇ جايدا شېھىت بولغان. كىشىلەر بۇنى تېرىككەن دېيىشكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز مۇشۇ جاينىڭ نامى بولۇپ قالغان.

## پاكار

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 25.2 كىلومېتىر. تاغ باغرى ئوتلاق، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق. ياپچان، سېرىق ئوت، قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، داۋغان، جەگرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. دائىم تۇرۇشلۇق 5 ئادەم بار. ئۇيغۇرچە "پەس" دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى پەس بولغاچقا، پاكار دەپ ئاتالغان.

## كۆتەل

چارۋىچىلىق نوقتىسى

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 22.9 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى ئېگىز تاغلىق رايون. گۈللۈك دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىدا. ئايلانمىسى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 800 تۇياق. چىغ، سېرىق ئوت، پىلىك ئوت، ياپچان قاتارلىق ئۇسۇملۇكلەر، جەگرىن، ئۈلا، ياۋا توشقان، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. دائىم تۇرۇشلۇق 3 ئادەم بار. ئۇيغۇرچە "ئېگىزراق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەر تۈزلۈكى ئېگىزرەك بولغاچقا، كۆتەل دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى
**مۇنار**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 21.1 كىلومېتىر. تاغ باغرىدىكى يازلىق ئوتلاق، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 0.8 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 0.6 كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 500 تۇياق، ياپچان، كۆمۈش باشاقلىق ئوت، سېرىق قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، داۋغان، ئۈلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "مۇنار" دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەر شەكلى مۇنارغا ئوخشاش ئېگىز بولغانلىقتىن، مۇنار دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

چارۋىچىلىق نوقتىسى
**يوغان چاپ**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 14.7 كىلومېتىر. تاغ باغرى ئوتلاق، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 6.5 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 0.2 كىلومېتىر. چارۋا سىغىمچانلىقى 300 تۇياق. چىغ، ياپچان، كىلاپ قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، جەگرەن، ياۋا توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. دائىم تۇرۇشلۇق 2 ئادەم بار. ئۇيغۇرچە "چوڭ جىلغا" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جايدا سۇ ھەيدەپ كەتكەن بىر جىلغا (چاپ) بولغانلىقتىن، بۇ يايلاقنىڭ نامى يوغان چاپ دەپ ئاتالغان.

چارۋىچىلىق نوقتىسى
**ئات يايلاق**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 24.6 كىلومېتىر. تاغ باغرى يايلاق، 3 تەرىپى دەريا بىلەن، بىر تەرىپى تاغ بىلەن تۇتۇشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 3 كىلومېتىر. يازلىق يايلاق، چارۋا سىغىمچانلىقى 10000 تۇياق. كىلاپ، چىغ، نوجۇغا، سېرىق قاتارلىق ئوت-چۆپلەر، داۋغان، ياۋا توشقان، تۈلكە، ئۈلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "ئات ئوتلايدىغان يايلاق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جايدا ئاتلار كۆپرەك ئوتلىغانلىقى ئۈچۈن، ئات يايلاق دەپ ئاتالغان.

**مەيدانتۈز كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: مەيدان تۈز كەنتىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارلىقى 12.4 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى تاغلىق تۈزلەڭدە، شەرقى قارا سۇ دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. نوپۇسى 179، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 630 مو، بۇندە 450 مو. ئېگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى

مەھسۇلاتى بۇغداي، قۇناق، بىدە، يۇڭ، تىرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى. ئۇيغۇرچە "مەيداندەك تەكشى" دىگەن مەنىدە بۇلۇپ، بۇ جاي بىرقەدەر تۈز چۆللۈك بولغانلىقتىن، مەيدانتۈز دەپ ئاتالغان.

تەبىئى كەنتە

**مەيدانتۈز**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 12.4 كىلومېتىر. جۇغراپىيەلىك ئورنى تاغلىق تۈزلەڭدە. شەرقى قارا سۇ دەرياسى بىلەن چىگرىلىنىدۇ. نوپۇسى 179، تىرىلغۇ يەر كۆلىمى 630 مو، بىدە 450 مو، ئىگىلىگى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بۇغداي، قۇناق، بىدە، يۇڭ، تىرە قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئۇيغۇرچە "مەيداندەك تەكشى" دىگەن مەنىدە بۇلۇپ، بۇ جاي بىرقەدەر تۈز چۆللۈك بولغانلىقتىن، مەيدانتۈز دەپ ئاتالغان.

**بۇزاڭ قىر تۇۋى كەنت كومىتېتى**

تۇرۇشلۇق ئورنى: بۇزاڭ قىر تۇۋىدە.

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 2.4 كىلومېتىر. ئاقساي دەرياسىنىڭ قىرغىغى بىلەن چىگرىلىنىدۇ. نوپۇسى 113، تىرىلغۇ يېرى 448 مو، ئىگىلىگى دىخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بىدە. قۇناق، بۇغداي. ئۇيغۇرچە "قىرنىڭ تۇۋى" دىگەن مەنىدە. بۇ جاي بۇزاڭ قىرنىڭ تۇۋىدە بولغانلىقتىن، بۇزاڭ قىر تۇۋى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تەبىئى كەنتە

**بۇزاڭ قىر تۇۋى**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 2.4 كىلومېتىر. ئاقساي دەرياسىنىڭ قىرغىغى بىلەن چىگرىلىنىدۇ. نوپۇسى 113، تىرىلغۇ يېرى 448 مو، ئىگىلىگى دىخانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسى مەھسۇلاتى بىدە. قۇناق، بۇغداي، ئۇيغۇرچە "قىرنىڭ تۇۋى" دىگەن مەنىدە. بۇ جاي بۇزاڭ قىرنىڭ تۇۋىدە بولغانلىقتىن، بۇزاڭ قىر تۇۋى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

# كەسپى تارماقلار ۋە ئۇرۇنلار نامى

# چاغلىقاي سۇ ئىلىكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چاغلىقاي سۇ ئىلىكتىر ئىستانسىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 22 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان. شەرقى چاقا تاشيولغا، غەربى چىرا دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. 4 پەسىلدە قۇم بوران كۆپ، سۇ ئىلىكتىر ئىستانسىسىنىڭ نامى شۇ جاينىڭ يەر نامى بىلەن ئاتالغان.

ئىلىكتىر ئىستانسىسى ماشىنا قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇمى قۇۋۋىتى 320×2 كىلوۋات. سۇ چۈشۈش يانتۇلۇقى 51 مېتىر. ئىستانسا ئۆيىسىنىڭ كۆلىمى 248 كۇۋادىراتمېتىر. ئىستانسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تاش ۋە ئەينەكتىن قىزىل رەڭلىك چوڭ خەت بىلەن ئۇيغۇرچە خەنزۇچە "چاغلىقاي سۇ ئىلىكتىر ئىستانسىسى" دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، يىراقتىن ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئىستانسى ئۆيىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە بېسىمنى كۆچەيتىش پونكىتى بولۇپ، 4000 ۋولتلىق توك بېسىمنى 35 مىڭ ۋولتقا كۆچەيتىدۇ. 20 كىلومېتىرغا يېقىن سىم يولى ئارقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى ئىكىسفورماتور ئورنىغا يەتكۈزۈلۈپ، ناھىيە بازىرى ۋە چىرا يېزىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىدا بىر زاكو بولۇپ، چىرا دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ، ئىستانسىغا سۇ باشلاش ۋە سۇنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر. لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 3 كوب مېتىر/سېكۇنت، يانتۇلۇقى 1.6%، بۇ ئۆستەڭگە تاش تىزىلغان، يېقىن كەلگۈسىدە تەدرىجى ھالدا سۇلياۋ ئارقىلىق سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتمەكچى.

سۇ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى كۆلچىكىدە سۇ كىرىش ۋە سۇنى چۈشۈرۈۋېتىش زاكوسى بولۇپ، ھەم قول بىلەن ھەم توك بىلەن ئىككى خىل ئۇسۇلدا باشقۇرۇلىدىغان چېبىجى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. دىئامېتىري 90 سانتىمېتىر. ئۇزۇنلۇقى 114 مېتىر كېلىدىغان يوقىرى بېسىملىق پولات تىروبا بىلەن ئالدى كولچەكتىكى سۇنى شۇيلىنجىغا باشلاش ئارقىلىق ماشىنا گورۇپپىسىنى ھەركەتلەندۈرۈپ توك چىقىرىلىدۇ.

چىرا دەرياسىنىڭ ئەتىيازلىق سۇيى قىس، قىشتا مۇزلاپ قېلىش سەۋەبىدىن ئىلىكتىر ئىستانسىسى بىر يىل ئىچىدە ئاران 8 ئايدىن 10 ئايغا قەدەر توك بېرەلەيدۇ.

چاغلىقاي سۇ ئىلىكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى 1977 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمى توك بېرىشكە باشلىدى. ھازىرغا قەدەر يەنىلا بىر قىسىم قۇرۇلۇشى تېخىچە ئاخىرلاشقىنى يوق. ئىلىكتىر ئىستانسىسىدا جەمى 20 نەپەر رەسمى ئىشچى، 5 نەپەر خەلق ئىشچىسى بار، يىلىغا تەخمىنەن 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

# چىرا ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى ناھىيە بازىرىدىكى ماخمال كوچىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئارقىسى شەرىققە، ئالدى غەرپكە قارايدۇ. جەنۇبى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى بىلەن، شىمالى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بىلەن، شەرقى پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلار قورۇسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئالدى چىرا ئوق ئۆستەڭگە تۇتۇشىدۇ. ھازىر 9 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 6 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ناھىيەمىزدە كىنو ئىشلىرى يوق ئىدى. 1953-يىلى چىرا ناھىيىلىك كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ 2 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1956-يىلى چىرا ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى قۇرۇلغان. ئۇ ۋاقىتتا كىنوخانىنىڭ ئورنى سىرىق كوچىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىلەن يېمەك-لىكلەر شىركىتىنىڭ ئارلىقىدا ئىدى. كىنوخانىنىڭ ئورنى كىچىك، ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغانلىقتىن، 1973-يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1978-يىلى كېڭەيتىپ، يېڭىدىن ئېگىز كەڭ ئېكرانلىق تام ۋە ئىككى قەۋەتلىك كىنو قويۇش ئۆيى سېلىندى. كەڭ ئېكراننىڭ ئاستىغا يەنە ئۇزۇنلىقى 52 مېتىر، كەڭلىكى 13 مېتىر، كۆلىمى 741 كۋادراتمېتىر كېلىدىغان سېمونت سەھنە ياسالدى. ئۇندىن باشقا يەنە بىر ئېغىز بىلەت سېتىش ئۆيى ۋە بىر ئېغىز خىزمەتچى خادىملارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى، بىر كىچىك دۇكان سېلىندى.

چىرا ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5724 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 835 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭدىن كىنوخانا 360 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى 350 كۋادرات مېتىر، ئاپپارات ئۆيى 65 كۋادرات مېتىر، بىلەت سېتىش ئۆيى ۋە دەم ئېلىش ئۆيى 60 كۋادرات مېتىر. سېمونت بىلەن ياسالغان كىنو خانا مەيدانىنىڭ ئىچى تەكشى ۋە رەتلىك بولۇپ 3200 نەپەر تاماشىبىن كىنو كۆرەلەيدىغان مۇقىم ئورۇن بار.

ھازىر كىنوخانىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن سۇڭخۇاجىياڭ 5502 ماركىلىق 2 دانە كىنو ئاپپاراتى، ئازات ماركىلىق يۆتكىلىشچان شەكىلدىكى 103 تىپتىكى 35 مىللىمېتىرلىق 1 دانە كىنو ئاپپاراتى، 1 دانە ئاۋاز چوڭايتقۇچ، 2 دانە جېنلىيۇچى قاتارلىق ئۇسكۇنىلەر بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 400 مەيدان كىنو قويۇدۇ. تاماشىبىنلار 480 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىدۇ. 1982-يىلى ئومۇمىي كىرىمى 53 مىڭ يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا ۋە باج 13 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

# ياموُن رودا كانىنىڭ ئوموُمى ئەھۋالى

ياموُن رودا كىنى نوُرى يېزىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىغا 127 كىلومېتىر. نوُرى يېزىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا 25.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 3575 مېتىر. سايىباغ باشقۇرۇش رايۇنى ياچى كەنت كومىتېتى ئارقىلىق دەرياني بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭغاندا يېتىپ بارغىلى بۇلۇدۇ. شەرقىدە سىرىقسۇ دەرياسى بار. جەنۇبى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. كانىنىڭ ئۈستى يازلىق يايلاق. تاغ باغرىدىن دەريا سۈيى ئېقىپ ئوتۇدۇ. بۇ كان ياموُن تېغىغا جايلاشقانلىقتىن ياموُن روكادان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ۋىلايەتلىك گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەتىرىدىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ياموُن روداكىنى شەرقى كان ۋە جەنۇبى كان دەپ ئىككىگە بۇلۇنۇدۇ. شەرقتىكى كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلىغى 320 مېتىر، قېلىنلىغى 3.4 — 6.9 مېتىرغىچە كېلىدۇ. رودا زاپىسى 529 مىڭ تونىنا. جەنۇپتىكى كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلىغى 142 مېتىر، قېلىنلىغى 6.5 مېتىر. رودا زاپىسى 127 مىڭ 100 تونىنا، رودا تاش تەركىۋىدىكى ساپ تۆمۈر مىقدارى 60% دىن ئاشىدۇ. بۇ كان 1958 ـ يىلى پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش مەزگىلىدە ئۇچرىتىلغان ۋە ئېچىپ پايدىلىنىلغان. 1971 ـ يىلى توختۇتۇلغان. 1976 ـ يىلى يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ كانىنى ناھىيە بىلەن گوڭشى بىرلىشىپ باشقۇرۇدۇ. ھازىر 36 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بۇلۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1200 تونىنىغا يېتىدۇ. جەنۇپتىكى كان 1977 ـ يىلى بىنگتۇەن 1 ـ چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ ئېچىشىغا بېرىلدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 500 تونىنا. ئىككى كانىنىڭ يىللىق ئوموُمى مەھسۇلات مىقدارى 1500 — 1700 تونىنا ئەتراپىدا، ئاساسلىغى ۋىلايەت باشقۇرغان دۆۋا سىموُنت زاۋۇدىنى سىموُنت ئىشلەپچىقىرىشتىكى خام ماتىرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرقى سىتىلىش يولى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بويىچە قارىغاندا يەنە بىرقانچە يۈز يىل ئېچىپ ئىشلىتىشكە يېتىدۇ. كاندا 8 ئېغىز ئۆي بولۇپ، كۆلىمى 130 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى خىزمەتچىلەر يىل بويى يېتىپ قوُپۇدۇ. ھازىر بىر دانە بورغىلاش ماشىنىسى بار. يېزىغا تۇتۇشۇدىغان ئاددى تاشيول بۇلۇپ، ئورنى ئېگىز ۋە سوُغاق، يازكۈنلىرى سۇ كۆپ بولغانلىقتىن، يىل بويى قاتناش ئۈزۈلۈپ قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرۇدۇ.

# چىرا ناھىيىلىك 1 ــ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ زور، ئوقۇتقۇچىلىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تەبىيەلەيدىغان نوختىلىق مىللى ئوتتۇرا مەكتەپ. مەكتەپنىڭ ئورنى ناھىيە بازىرى مەركىزىنىڭ شەرقى شىمال تەرپىگە جايلاشقان. ئالدى جەنۇپقا، ئارقىسى شىمالغا قاراپ تۇرىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى 66 مو، (44002 كۋادىرات مېتىر) مەكتەپنىڭ ھويلىسى تۈز ۋە كەڭ، قۇرۇلۇشلىرى رەتلىك، چوڭ ــ كىچىك، يول بويلىرى ۋە مەكتەپنىڭ ئەتراپىنى بۆك باراقسان دەرەخلەر ئوراپ تۇرىدۇ. مۇھىتى گۈزەل بولۇپ، ناھىيىمىز بويىچە شارائىتى بىرقەدەر ياخشى مەكتەپ ھىساپلىنىدۇ.

ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە بىردىن بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا 4 تولۇقسىز سىنىپ، 200 نەپەر ئوقۇغۇچى، مەكتەپ بويىچە 12 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچى بار ئىدى.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1959 ـ يىلغا كەلگەندە تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 سىنىپ، 950 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى.

بار بولغان ماتىرىياللارغا ئاساسەن 1984 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: 1978 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغا قەدەر بولغان 5 يىل ئىچىدە، مەكتەپ دۆلەتكە 648 نەپەر ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (جەمى 13 سىنىپ) ۋە 977 نەپەر ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (22 سىنىپ) تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭدىن ھەر خىل ئالى تېخنىكوم مەكتەپلەرگە كىرگەنلەر 92 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا كىرگەنلەر 147 نەپەر. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر ھەرقايسى سەپلەردىكى تايانچى كۈچلارغا ئايلاندى. 10 نەپەردىن ئارتۇق كىشى ناھىيە ۋە گۇڭشىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، يەنە نۇرغۇنلىرى ئەمگەك نەمۇنچىسى، ئىلغار خىزمەتچى ۋە ئىسلاھات ماھىرى بولۇپ باھالىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشتى. ھازىر مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5053 كۋادىرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭدىن سىنىپ 18 ئېغىز، 524 كۋادىرات مېتىر. ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 24 ئېغىز 865 كۋادىرات مېتىر. تەجرىبىخانا 3 ئېغىز، (469 كۋادىرات مېتىر). مەكتەپتە ئولتۇرۇشلۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچى 40 ئائىلە، ياتاق كۆلىمى 2195 كۋادىرات مېتىر. مەكتەپنىڭ ئىچىدە يەنە 3 مو مېۋىلىك باغ، 4 مو سەي يېرى بار. مەكتەپتە

هازىر 75 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچى، 832 نەپەر ئوقۇغۇچى (17 سىنىپ) بار. بۇنىڭ‌دىن تولۇق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 437 نەپەر (9 سىنىپ).

پۈتۈن ناھىيەدىكى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ مەكتەپ هازىر يەنە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيە‌لەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. هازىر بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى بولۇپ 41 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. يەنە قارمىقىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى دەرس تولۇقلاش سىنىپىدىن بىرنى ئېچىپ، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ مەدە‌نىيەت ئۆگىنىشىنى ئورۇن ۋە ئوقۇتقۇچى بىلەن تەمىنلىدى. هازىر دايىملىق دەرس تولۇقلاشقا قاتنىشىۋاتقان ئىشچى خىزمەتچىلەر 41 نەپەر چامىسىغا يېتىدۇ.

# دامكۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

دامكۇ ئوتتۇرا مەكتىۋى دامكۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارىلىقى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى شورىخانا كەنت كومىتېتى بىلەن ئوخشاش. غەربىي دامكۇئوق ئۆستەڭ بىلەن، شەرقىي شورىخانا كەنت كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي بىلەن، شىمالىي تارماق ئوستەڭ بىلەن، جەنۇبىي شورىخانا كەنت كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 272 مو، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2748 كۇۋادىرات مېتىر. بۇنىڭدىن ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 900 كۇۋادىرات مېتىر. ئوقۇتقۇچى ئىشچى، خىزمەتچىلەر ياتىقى 60 كۇۋادىرات مېتىر. سىنىپ 640 كۇۋادىرات مېتىر. فىزىكا، خىمىيە تەجرىبىخانىسى 340 كۇۋادىرات مېتىر.

مەكتەپنىڭ بىر دانە تىببىي داۋالاش ئۆيى، 1 دانە ئاپتوموبىلى. 1 دانە تىراكتورى، 1 دانە دىزېل ماشىنىسى، 3 دانە كىچىك تىپتىكى موتورى، 1 دانە كىنو ئاپپاراتى، ۋاسكېتبول، ۋالېيبول مەيدانى بار.

ھازىر مەكتەپ بويىچە 43 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچى، 10 نەپەر ۋاقىتلىق ئىشچى. 529 نەپەر ئوقۇغۇچى، 2 تولۇق سىنىپ، 9 تولۇقسىز سىنىپ، جەمئىي 11 سىنىپ بار. بۇ مەكتەپ 1968-يىلى 9-ئايدا قۇرۇلغان، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋى. 1982-يىلى ئاخىرىغىچە تولۇقسىز ۋە تولۇق بولۇپ جەمئىي 2646 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭدىن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر خىل ئالىي مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈپ بىرىلگەن 2 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇقنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 70 نەپەر، ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلەرگە يەتكۈزۈپ بىرىلگەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 94 نەپەر بولۇپ، چىرا ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەكتەپ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بىرى، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى زوركۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، مەكتەپنىڭ 200 مو تېرىلغۇ يېرى بار. 82-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 24 مىڭ 549 تۈپ جىرىدم سالدى. بۈكشى بېشىغا 64 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. 1981-يىلى شەرەپ بىلەن ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك، ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. 1983-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ "5 بولۇش" 4 گۈزەل "" "3 نى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك ئىلغارلار يىغىنىغا قاتنىشىپ تەقدىرلەندى.

# چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزى، 4 كوچىنىڭ ئىگىزدىكى كۆۋرۈكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 12 مو بولۇپ، پۈتكۈل كۆلىمى 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئامبۇلاتورىيە توپا كوچىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى 3250 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇرىسى ياتاق، ئارقىسى كېسەلخانا بولۇپ، جەمئىي ئىككى كورپۇس بىر قەۋەت ئۆيدىن تەركىب تاپقان. تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى ۋە ئاياللار بۆلۈمى بىر كورپۇس جەمئىي 19 ئېغىز، قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر. ئىچكى كېسەللەر، بالىلار كېسەللىرى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمى بىر كورپۇس 12 ئېغىز، قۇرۇلۇش كۆلىمى 210 كۋادرات مېتىر. ھازىر 95 نەپەر تىببىي خادىمى بار.

1949-يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندا، چىرا ناھىيىسىدە دوختۇرخانا يوق ئىدى. 1950-يىلى بىر شىپاخانا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، پەقەت بىر دوختۇر، بىر سېستىرا (بىرئەرخۇتۇن) ئىشلەيتتى. ئورنى ھازىرقى تاشقى سودا ئىدارىسى گىلەم كارخانىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى دەڭنىڭ ئورنىدا ئىدى. 1953-يىلى شىپاخانا ئاساسىدا چىراناھىيىلىك دوختۇر خانا قۇرۇلغان. ئىككىنچى يىلى تىببىي خادىملار 75 نەپەرگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پەقەت بىر دانە ئامبۇلاتورىيە بار ئىدى. دوختۇرخانا 1957-يىلى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. شۇ ۋاقىتتا 15 دانە كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. ئامبۇلاتورىيە بىلەن كېسەلخانىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى ئاران 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئۇندىن باشقا يەنە 8 ئېغىز ياتىقى بار ئىدى.

داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دوختۇرخانىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1984-يىلىغا كەلگەندە، چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى تىببىي خادىملار، مەمۇرىي خىزمەتچى خادىملار 95 نەپەرگە، كېسەل كارىۋىتى 79غا يەتتى. ئامبۇلاتورىيە كىلىنىكىلىق بۆلۈم، ئىشخانا (ئىچكى، بالىلار كېسىلى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار، تاشقى كېسەل لەر بۆلۈمى) ياردەمچى بۆلۈم، ئىشخانىلار (دارى سايمانلار بۆلۈمى. مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈمى) ئايرىم — ئايرىم قۇرۇلدى.

ئامبۇلاتورىيەدە جۇڭگوچە ۋە غەربىچە داۋالاش، ياز پەسلىدىكى ئۈچەي يوللىرى كېسەللىرىگە دىئاگنوز قويۇش بۆلۈمى ۋە جۇڭگوچە، ياۋروپاچە دارىخانىسى ۋە ئوكۇل بۆلۈمى بار.

ياردەمچى بۆلۈمدە (1) لابراتۇر بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 150 ھەسسە چوڭايتىدىغان 2 دانە مىكروسكوپ، بىر دانە توڭلۇتۇش ساندۇغى ۋە دائىملىق تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى بار،

ئاساسلىغى جىگەرنىڭ خىزمىتىنى، قاندىكى خولېستېرولنى تەكشۈرۈپ، بىكىتىش ۋە ئاددى فىزولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ.

2) رىنتگىن بۆلۈم: بىر دانە 200 مىللى ئامپېرلىق، ۋە بىر دانە 50 مىللى ئامپېرلىق رىنتگىن ئاپپاراتى بولۇپ، نۇر ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرۈش، رەسىمگە ئېلىش، سايەچۈشۈرۈپ رەسىمگە ئېلىش قاتارلىقلارنى ئىشلىيەلەيدۇ. (3) شىنندىيەنتۇ (ئېلېكتروكاردىئوگرامما) ۋە ئاۋازدىن تېزدولقۇنلۇق ئاپارات ئارقىلىق تەكشۈرۈش بۆلۈمى، بۆلۈمدە 2 دانە شىنندىيەنتۇ ئاپپاراتى، بىر دانە ئاۋازدىن تېزدولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بولۇپ، يۈرەكنىڭ خىزمىتى، كېسەل سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كېسەللەرنى ئېنىقلايدۇ.

كىلىنىك بۆلۈمى، ئىچكى كېسەل، بالىلار كېسىلى، يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەل لىگى بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئىچكى كېسەل، بالىلار كېسىلى، يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمىدە 33 دانە كېسەل كارۋىتى دوختۇر ۋەسېستىرالار خىزمەت قىلىدىغان ۋە دەم ئالىدىغان 3 ئېغىز ئىشخانابار.

2) تاشقى كېسەللەر بۆلۈمدە 7 ئېغىز كېسەلخانا، 29 دانە كېسەل كارۋىتى، دوختۇر ۋە سېستىرالار خىزمەت قىلىدىغان ۋەدەم ئالىدىغان 2 ئېغىز ئىشخانا بار. بىر ئېغىزتېڭىق بۆلۈم، بىر ئېغىز ئاپىراتسىيە بۆلۈمى بار. ئاپىراتسىيە بۆلۈمدە بىر دانە ئاپىراتسىيە ئۈستىلى، بىر دانە شولىسىزچىراق قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بار. ئاساسلىغى پۇت-قول، قوساق قىسمىدىكى سۇقۇرئۈچەي. بۆرىكى چىقىپ قىلىش، ئۈچەي يولى توسۇلۇپ قىلىش، ئاشقازاننى كېسىپ ئېلىۋېتىش، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تىكىش، پۇت قولنى كېسىۋېتىش قاتارلىق ئاپىراتسىيەلەرنى قىلالايدۇ.

تېڭىق بۆلۈم: جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىدىغان ئاددى ئۈسكۈنىلەر ۋە تېڭىق ئۈسكۈنىلىرى بار. ئاساسلىغى چوڭ-كىچىك جاراھەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ۋە ئۇنى تازىلاپ تاڭىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىقلارنى كېسىپ، يىرىڭنى چىقىرىۋېتىدۇ. سۇنۇقلارنى رۇسلاپ، تاختا بىلەن تېڭىش گەنجە بىلەن گىپسلاش قاتارلىق ئاپىراتسىيەلەرنى قىلىدۇ.

3) ئاياللار بۆلۈم: 3 ئېغىز كېسەلخانا، 12 كېسەل كارۋىتى، بىر ئېغىز تۇغۇت كۈتۈش بۆلۈم، بىر ئېغىز تۇغۇت بۆلۈم، بىر ئېغىز تەكشۈرۈش بۆلۈمى، دوختۇر سېستىرالار خىزمەت قىلىدىغان ۋە دەم ئالىدىغان بىر ئېغىز ئىشخانا بار. ئاساسلىغى تەكشۈرۈدۇ. تۇغۇت قوبۇل قىلىدۇ ۋە دائىم كۆرۈلىدىغان ئاياللار كېسەللىرىنى داۋالايدۇ.

دارى-سايمان بۆلۈم؛ دارىخانا، دارى ياساش ئىشخانىسى، تەمىنلەش ئىشخانىسى بولۇپ، ئايرىم هالدا شوكۇنى كېسەل لەرگەئىشلىتىدىغان دارىلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ. ئاكۋا ياسايدۇ. 19% لىك توز سۇيى، ۋە 5% لىك. 10% لىك گىلكوزا ياسايدۇ.

ئاددى بولغان ئارىلاشمادارىلارنى ياسايدۇ، شوكۇنى كېسەللەرگە ئىشلىتىدىغان شىپرىس، تېڭىقتا ئىشلىتىدىغان تەخسە، داكى، پاختا، ئاپىراتسىيە سايمانلىرى، ئاياللار بۆلۈمىنىڭ سايمانلىرى، سۈيۈقلۇقلارنى ماشىدۇرۇش سايمانلىرىنى يۇيۇش، دىزىنفېكسىيە لەش، رەتلەش قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

دۇختۇر خانىدا بىر دانە قوتقۇزۇش ئاپتۇمبىلى بار.

چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى چىرا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

# چىرا ناھىيىلىك تىلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا ناھىيىلىك تىلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى، چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى تەرپى، چىرا ئوق ئۆستىڭىنىڭ غەربى يىنىغا، چىرا ئوق ئۆستەڭىدىكى 3 - زاكو بىلەن 4 - زاكونىڭ ئارلىغىغا جايلاشقان. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 17 مودىن ئارتۇقراق. جەنۇبى تەرپى ناھىيىلىك چوشقا پىرمىسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ.

چىرا ناھىيىلىك تىلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى ئاساسلىغى خوتەن تىلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دولقۇننى قوبۇل قىلىپ چۆكايتىقاندىن كىيىن چىرا ناھىيىسىگە تارقىتىدۇ. بۇ ئىستانسا 1983 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ، شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاساسى قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزدى. خەنزۇ تىلىدا تارقىتىدىغان ئاساسى ماشىنىسى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە تارقاتتى، ئاساسى ماشىنىنىڭ قۇۋىتى 100 ۋاتلىق بولۇپ (ئەنسەن رادىئو- سايمانلىرى زاۋۇدىدا ئىشلەنگەن) خوتەن تىلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 6 - قانالىدىكى خەنزۇچە نومۇرلىرى نى قوبۇل قىلىپ 9 - قانالىدا تارقىتىدۇ. ئۇيغۇرتىلىدا تار قىتىدىغان ئاساسلىق ماشىنا ئانتىننا مۇنارىسى 1984 - يىلى 7 - 8 - 9 - ئاي ئىچىدە، قۇراشتۇرلۇپ، تەكشەپ سىناق قىلىنىپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇرتىلىدا سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىلدى. ئۇيغۇر- تىلىنى كۆچەيتىدىغان ماشىنىنىڭ قۇۋىتى 300 ۋات بولۇپ (بىجىن رادىئوسايمانلىرى زاۋۇدىدا ئىشلەنگەن) خوتەن تىلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 - قانالدىكى ئۇيغۇرچە نومۇرلىرىنى قوبۇل قىلىپ 4 - قانالدا تار قىتىدۇ.

ئانتىننامۇنارىسى ۋە ئانتىننا ئىگىزلىگى 70 مېتىرغا يىتىدۇ. ئانتىننا كىيىنەك شەكىللىك بولۇپ 4 - قانال ۋە 9 - قانال دىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ھەممىسى پۈتكەندىن كىيىن ئۇنىڭ تارقىتىش دائىرىسى چىرا بازىرى، چىرا يىزىسى، گۇلاخما يىزىسى، دامكو يىزىسىغا كىڭىدۇ. چىرا ناھىيىلىك تىلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسىنىڭ ھازىر 4 نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار. ئاساسلىق ماشىنا ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 251 كىۋادرات مېتىر، تارتىلغان مەخسۇس سىم 900 مېتىردىن ئارتۇق. بىردا نەسەبىيۇ مۇتورى بار، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسكۇنىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى داۋاملىق كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك خەۋەرلەرنى تار قىتىش شارا ئىتنى ھازىرلاپ، تىلېۋىزىيەنى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گەتېخىمۇ ياخشى خىز مەت قىلەۋرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىۋاتىدۇ.

# چىرا ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى چىرا بازىرىنىڭ شەرقى  تەرىپىگە جايلاشقان. شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان. شەرقى چىرا يېزىسىنىڭ سىرىق چوڭكۆل كەنت كومىتتى 1 ـ مەھەللە گۇرۇپپىسى بىلەن، شىمالى ناھىيىلىك باللار باغچىسى ۋە باللار يەسلىسى بىلەن، جەنۇبى چىرا ـ كىرىيە تاشيولى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. غەربى بەخىت كوچىسى ئارقىلىق ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن خوشنا، ئوتتۇرىسىنى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان تاشيول ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمى يەر كۆلىمى 7992 كۋادىرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 461 كۋادىرات مېتىر. بۇنىڭدىن ئىشخانا 65 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى خىزمەتچىلەر ياتىقى 396 كۋادىرات مېتىر. ھازىر 6 نەپەر ئىشچى ، خىزمەتچىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن خەنزۇ 4 نەپەر، ئۇيغۇر 2 نەپەر.

پونكىتنىڭ ئەسلى ئورنى چىرا ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى چىرا يېزىسى ئاقكۆل كەنت كومىتېتىنىڭ تارشاكو چاكەنتىسىدە بولۇپ، ھاۋا رايىنى كۈزۈتۈش شارائىتى تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلىق تۈپەيلىدىن 1976 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىرا بازىرى ئىچىگە يۆتكەپ كىلىنگەن.

پونكىت 1959 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، چىراناھىيىلىك خەلق كومىتتى ھاۋا رايى پونكىتى دەپ ئاتالغان. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىرا ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى دەپ نام بىرىلگەن. 1967 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ چىرا ناھىيە ھاۋارايى پونكىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پونكىتنىڭ كەسپى خارەكتىرى ھەر كۈنى ھاۋارايىنى 4 قىتىم كۈزۈتۈش، ھەم ھاۋارايىدىن ئالدىدىن مەلۇمات بىرىشتىن ئىبارەت. ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھاۋارايى ماتىرىياللىرىنى توپلاش. ئۈسكۈنىلىردىن بىر دانە كۈزۈتۈش سوپىسى، بىر يەرئۈستى دوجۇرنى ئىشخانىسى، بىر ئىغىز ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەش ئىشخانىسى، بىر ئىغىز ئالدىدىن مەلۇمات بىرىش ئىشخانىسى، بىر ئىغىزما تىرىيال ئىشخانىسى بار. مەخسۇس كۈزۈتۈشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاپلاردىن 2 دانە كۈن نۇرىنى ئۆلچەش ماشىنىسى، 2 دانە بارومىتىر ماشىنىسى، 2 دانە بارومىتىر، 2 يۈرۈش شامال يۆنىلىشىنى كورسىتىش ماشىنىسى. 48 دانە تىز مومېتىر بار.

پونكىت قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يەرلىك ھاۋارايى ئامىللىرىنى كۈزۈتۈش ئارقىلىق ئادەتتىكى ھاۋارايى ئەھۋالى ۋە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ھاۋارايىنى بىر قەدەر توغرا كۈزۈتۈپ، مەلۇم قىلىشنى ئىلىپ باردى. ئاساسلىق تەبىئى ئا پەتلەردىن قورغاق ئىسسىق شامال، قۇرغاقچىلىق، قىرو، ئۆششۈك، بوران. مۆلدۈر قاتارلىقلارنى ئالدىدىن مەلۇم قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ دىخان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تىگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

# كەسپى تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى**

چىرا بازىرى سىرىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 32 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4644 كۋادرات مېتىر. 77 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. قارمىقىدا پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، بىرلىكسەپ بۆلۈم، يېزا خىزمەت بۆلۈم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى بار. 2 دانە بېيجىڭ ماركىلىق پىكاپ، 1 دانە ئازات ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى، 1 دانە 130 تىپلىق بولكا ئاپتوۋۇزى بار. بۇ، پارتىيىنىڭ چىرا ناھىيىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى رەھبىرى ئورگىنىدۇر.

**چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

چىرا بازىرى سىرىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان. 12 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. قارمىقىدا ئىشخانا، بېجىڭ ماركىلىق 1 دانە پىكاپ بار. خەلق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگاندۇر.

**چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى**

چىرا بازىرى سىرىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1949 ـ يىلى قۇرۇلغاندا چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامى بېرىلگەن. 1955 ـ يىلى چىرا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1969 ـ يىلى ئىنقىلاۋى كومىتېت دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 32 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5,565 كۋادرات مېتىر. 137 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار. قارمىقىدا ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئەمگەك ــ كادىرلار ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، يېزا بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، ئىستاتىستىكا ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، سودا سانائەت ئىي مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج ئىشلار ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسى، پە ـ تېخنىكا كومىتېتى، پىلان كومىتېتى قاتارلىقلار بار. 2 دانە پىكاپ 1 دانە شەرىق شاملى ئاپتوموبىل بار. بۇ، چىرا ناھىيىسىنىڭ مەمۇرى ئىجرا ئىيە رەھبىرى ئورگىنىدۇر.

**سىياسىي كېڭەش چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى**

چىرا بازىرى سىرىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. 7 نەپەر ئىشچى خىزمەتچىسى بار.

**قاتار دۆڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان، تۈزلىنىيە ئارلىقى 24.8 كىلومېتىر. ئورنى تەكلىماكان قوملۇقىنىڭ جەنۇبى ياقىسىدا. ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ ئورنىدا ئۇزۇنلىغان قۇم دۆڭلىرى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرچە قاتاردۆڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدان دەپ ئاتالغان. نوپۇسى 167 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرمىللىتى 163 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 4 نەپەر، تېرىلغۇ يەركۆلىمى 850 مو. ئاساسلىقى قوناق، بۇغداي، پاختىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۇدۇ.

**چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**چىرا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ**

چىرا بازىرى بوستان كوچىسىغا جايلاشقان. 1970 - يىلى قۇرۇلغان. 28 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچى، 7 سىنىپ، 200 نەپەر ئوقۇغۇچى بار، خەنزۇ مىللىتىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە ئۇيغۇر، جوۋاڭزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 60 مو. 8 ئىغىزسىنىپ 2 ئىغىز تەجرىبخانا، 1 دانە كىنو ئاپپاراتى، 3 دانەمىكروسكوپ، 1 دانە ئاپتوموبىل بار. پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى خەنزو ئوتتۇرا مەكتەپ.

**دامكۇ يىزا ئوتتۇرامەكتەپ**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**چىرا ناھىيە 1 - باشلا نغۇچ مەكتەپ**

چىرا بازىرى مەدىنىيەت كوچىسىغا جايلاشقان. ئەسلى نامى چىرا ناھىيە قىزىل ئۇرۇق باشلانغۇچ مەكتىۋى بولۇپ، 1976 - يىلى چىرا ناھىيە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ نام بېرىلگەن. 28 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى، 10 سىنىپ، 451 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 34 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1460 كۋادىرات مېتىر. پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ.

**چىرا ناھىيە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ**

چىرا بازىرى ماخمال كوچىسىغا جايلاشقان. ئەسلى نامى چىرا ناھىيە خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 1978 - يىلى چىرا ناھىيە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغان. 24 نەپەر ئوقۇتقۇچى - ئىشچى، خىزمەتچىسى، 250 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. خەنزۇ مىللىتىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە ئۇيغۇر، جوۋاڭزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار. پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ.

**چىرا ناھىيە 3 - باشلانغۇچ**

چىرا بازىرى جەمەكوچىسىغا جايلاشقان. 1980 - يىلى مەكتەپ قۇرۇلغاندا، چىرا ناھىيە 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ نام بېرىلگەن. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 18 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2390 كۋادىراتمېتىر. 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى - ئىشچى، خىزمەتچى، 11 سىنىپ، 496 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ.

**چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن

**چىرا ناھىيىلىك خەلق بانكىسى**

چىرا بازىرى سىرتىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىر بار ئىشچى خىزمەتچى 40 نەپەر. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 8 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,579 كۇۋادىرات مېتىر. قارمىغىدا 5 بۆلۈمچە، 1 تىجارەت ئورنى، 1 پۇل ئامانەت قوبۇل قىلىش ئورنى، 1 دانە ئاپتوموبىلى بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتى نى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، كارخانا، كەسپى ئورۇنلارنىڭ پۇل مۇ ئامىلەپا ئالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

**چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى**

كارخانا ئورۇن

چىرا بازىرى يېڭى بازاركوچىسىغا جايلاشقان. 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 16.5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1400 كۇۋادىرات مېتىر. تارماق بانكىدا 5 بۆلۈمچە، 1 پۇل ئامانەت قوبۇل قىلىش ئورنى، 1 تىجارەت ئورنى، 33 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى. 1 دانە ئاپتوموبىلى بار. يېزا، بازار تىجارەت ئورنى، پۇل ئامانەت ئورنىدا 27 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى، 7 باش ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىتا، 33 تارماق كوپىراتىۋىدا 243 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. ناھىيە بويىچە يېزا پۇل مۇ ئامىلە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

**چىرا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىر لەشمە كوپىراتىۋى**

چىرا بارى سىرتىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1950 ـ يىلى قۇرۇلغان. 191 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بار. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 40 مو چامىسىدا، 8 ئاساسى قاتلام كوپىراتىپ، 4 شىركەت، 5 بۆلۈمچە، سودا سارىيى، 107 دانە ماگىزىن، 4 دانە ئاپتوموبىل، 3 دانە تراكتور بار. يېزىلارنىڭ تۇۋار ئابروت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

**چىرا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى**

چىرا بازىرى يېڭى بازار كوچىسىغا جايلاشقان. 1952 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 150 مو، قۇرۇلۇش كولىمى 9650 كۇۋادىرات مېتىر. 163 نەپەر ئىشچى، خىزمەتچىسى بار. قارمىغىدا 3 بۆلۈمچە، 3 ھىساۋات ئورنى، 6 ئاساسى قاتلام ئاشلىق پونكىتى، ئاشلىق، ماي پىششىقلاش زاۋۇدى، ئاساسلىق ئۇسكۈنىلىرىدىن 1 دانە، ئاپتوموبىل، 1 دانە چوڭ تىپتىكى تراكتور، 3 دانە قول تراكتورى، 1 دانە سەييۇجى، 7 دانە ئۇن تارتىش ماشىنىسى، 3 دانە ئاشلىق ماينى يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنىسى، 1 دانە سوروش ماشىنىسى، 1 دانە ياغ تارتىش ماشىنىسى بار. ناھىيە بويىچە ئاشلىق، ماينى سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىش، تەمىنلەش، ئاشلىق، ماينى پىششىقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

**كو ئىناۋۇن سودا سارىيى**

چىرا بازىرى يېڭى بازاركوچىسىغا جايلاشقان. 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 15 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1460 كۇۋادىرات مېتىر. 11 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، تۇرلۇك

مال، ئىلمى تۇقۇلما، 5 خىل مىتال، يىمەكلىك، ئىلىكتىر سايمانلىرى قاتارلىقلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**چىرا ناھىيىلىك دارى شىركىتى**

چىرا بازىرى يېڭى بازار كوچىسىغا جايلاشقان. 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان. 12 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1332 كۋادىرات مېتىر. 1 دانە ماگىزىن، 4 دانە ئامبار بار. جۇڭگوچە ۋە غەربچە تىبابى دارى، دارى ماتىرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**چىرا ناھىيىلىك شىنخۇا كىتاپخانىسى**

چىرا بازىرى توپاكوچىسىغا جايلاشقان. 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان. 6 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بار. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى، 6 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2207 كۋادىرات مېتىر. 1 ماگىزىن، 4 ئامبىرى بار. ھەرخىل كىتاپ ژورناللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**چىرا ناھىيىلىك خەلق كىنو خانىسى**

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن

**چىرا ناھىيىلىك ئاۋتۇمبىل كالۇنى**

چىرا بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1974 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگەللىگەن يەركۆلىمى 10 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1110 كۋادىرات مېتىر. 32 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى، 14 دانە ئاپتۇمبىل بار. تىرانسپورت ۋەزىپىسى ۋە ئادەتتىكى ماشىنا رېمونت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

**چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ياساش زاۋۇدى**

چىرا بازىرى دوسلۇق كوچىسىغا جايلاشقان. 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان ۋاقىتتا تىراكتۇر پونكىتى دەپ ئاتالغان. 1970 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇدى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ھازىر بار ئىشچى خىزمەتچى 26 نەپەر. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 40 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2700 كۋادىرات مېتىر. 34 دانە ھەرخىل ستانوك بولۇپ، ھەر خىل تىپتىكى تىراكتۇرلارنى رېمونت قىلالايدۇ. كىچىك تىپتىكى ھەرخىل دىخانچىلىق سايمانلىرىنى لىرىنى ياسايدۇ.

**سىرىق خۇمدان بىشى**

چىرا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 4.8 كىلومېتىر. 1963 ـ يىلى قۇرۇلغان. 200 دىن ئارتۇق ئىشچى بار. ھازىر 29 دانە خۇمدان بولۇپ، بۇنىڭدىن دۆلەت ئىگىلىگىدىكى خۇمدان 4 دانە. كوللىكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىلىگىدە 25 دانە خۇمدان بار. يىلىغا 33 مىليون 500 دانە قىش پۇشۇرالايدۇ. پايدىسى 217 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ خۇمدانلار سىرىق كەنتىسىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، سىرىق خۇمدان بىشى دەپ ئاتالغان.

**گۇلاخما سۇئىلىكتىر ئىستانسىسى**

گۇلاخما يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى

6.2 كىلومېتىر. 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان. هازىر 5 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بار. يۇقىرى بېسىملىق سىم يولى 8 كىلومېتىر. توك تارقىتىش مىقدارى 26 كىلوۋات، يېزا ئىدارە جەمئىيەتنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. يىلىغا 8 ئاي توك تارقىتالايدۇ، يىللىق توك بېرىش مىقدارى 31 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت كېلىدۇ.

### يامۇن روداكان

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن.

### چاغلىقاي سۇئېلېكتىر ئىستانسىسى

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن.

### چىرا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە كۈچەيتىش ئىستانسىسى

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن

### ئاپتونوم رايونلۇق چىراقۇم تىزگىنلەشنى تەتقىق قىلىش تەجرىبە پونكىتى

چىرا بازىرى يېڭى بازار كوچىسىغا جايلاشقان. 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان. 5 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بار. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 12 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1087 كۋادرات مېتىر. 1 دانە پىكاپ، 1 دانە يۈك ئاپتوموبىلى بار. بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇمنى تىزگىنلەش، قۇملۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەتقىق قىلىدۇ.

### چىرا ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن.

### چىرا ناھىيىلىك تىرانسپورت بېكىتى

چىرا بازىرى سېرىق كوچىسىغا جايلاشقان. 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىر 8 نەپەر ئىشچى، خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭدىن مەمۇرى خادىم 2 نەپەر، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 8 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 677 كۋادرات مېتىر. مېھمانخانىسى بار. ھەر كۈنى 6 ـ 7 گە قەدەر يولۇچىلار ئاپتوموبىلى توختايدۇ. يولۇچىلارنىڭ كېلىپ كېتىش مىقدارى 100 ئەتراپىغا يېتىدۇ.

### بورا نىتاي سۇ ئۆلچەش پونكىتى

نورى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارىلىقى 5.9 كىلومېتىر. ئورنى بورانتاي باش زاكوننىڭ قېشىدا. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر قېتىم دەھشەتلىك بوران چىقىپ، يولدا كېتىۋاتقان بىر دانە تايىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جاي بورانتاي دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان. 3 نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىتى 2 نەپەر، خەنزۇ مىللىتى 1 نەپەر، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 20 مو، 1 دانە ئاپتوماتىك سۇ ئۆلچەش سايمىنى، 1 دانە تۆمۈر ئاسماكۆۋرۈك بار. نورى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

### چىرا ناھىيىلىك يەرلىك يول ئاسراش ئەترىتى

چىرا بازىرىنىڭ شەرىق تەرىپىگە جايلاشقان. 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان. 16 نەپەر ئىشچى، خىزمەتچى، 2 دانە ئاپتوموبىل، 1 دانە تىراكتور بار. ئاسراش دائىرىسىدىكى يول 326 كىلومېتىر.

ئاساسى ۋەزىپىسى، چىرا ـ چاقا تاشيولى، چىرا ـ نۇرى تاشيولى، چىرا ـ بوستان يەرلىك تاشيولىنى ئاسرايدۇ.

## پۇناق مۆلىك باغ          مۆلىك باغ

دامكو يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالغا جايلاشقان. تۈزلەڭلىيە ئارلىغى 50 كىلومېتىر. ئورنى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك. پۇناق يانىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقانلىقتىن، پۇناق مۆلىك باغ دەپ ئاتالغان. پۇناق دېگەن سۆزنىڭ تىل ئايرىمىسى، كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس، ئۇزۇنلىغى 1 كىلومېتىر، كەڭلىگى 400 مېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 130، ھەممىسى ئۇيغۇرمىللىتى، تېرىلغۇ يېرى 960 مو، بۇنىڭدىن مۆلىك باغ 520 مو، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم چىقىدۇ. بولۇپمۇ بالدۇرپىشىدىغان شاپتۇلى سۇلۇق، چوڭ، تەمى تاتلىق بولۇپ، ناھيە ئىچى ۋە سىرتىدا دېڭى بار.

# كەسپى تارماقلار ۋە ئورۇنلارناملىرى توپلىمى

| ئۆلچەملىك نامى | تۇرۇشلۇق ئورنى | ئىلاۋە |
|---|---|---|
| چىرا ناھىلىك سودا سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىسى | چىرا بازىرى توپا كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسى | چىرا بازىرى مەدىنىيەت كوچىسى | 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى | سېرىق كوچىسى | 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم | | |
| چىرا ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | جەنۇبى تەرەپتە | 1984 ـ يىلى 9 ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىدارىسى | ماخال كوچىسى | 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى | سېرىق كوچىسى | 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك مەدىنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسى | مەدىنىيەت كوچىسى | 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | توپا كوچىسى | 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك شەھەر يېزا قۇرۇلۇش موھىت ئاسراش ئىدارىسى | يېڭى بازار كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان، |
| چىرا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى | يېڭى بازار كوچىسى | 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان، |
| چىرا ناھىيىلىك سوپەتتىش ئىدارىسى | يېڭى بازار كوچىسى | 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |

| ئۆلچەملىك نامى | تۇرۇشلۇق ئورنى | ئىلاۋە |
| --- | --- | --- |
| چىرا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى | سېرىق كوچىسى | 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى | يېڭى بازار كوچىسى | 1982 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | مەدىنىيە كوچىسى | 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى | سېرىق كوچىسى | 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىۋى | جەنۇبى تەرەپتە | 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | دوسلۇق كوچىسى | 84 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى بالىلار يەسلىسى | بەخت كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك سەنئەت دۇيى | يېڭى بازار كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى | مەدەنىيەت كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك دىخانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى | دوسلۇق كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى | يېڭى بازار كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى | بوستان كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | سېرىق كوچىسى | 1974 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا پېرمىسى | شىمالى تەرەپتە | 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك باسمازاۋۇدى | دوسلۇق كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش پونكىتى | دوسلۇق كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك كىنوپىلىم شىركىتى | دوسلۇق كوچىسى | |

| ئۇلچەملك نامى | تۇرۇشلۇق ئورنى | ئىلاۋە |
| --- | --- | --- |
| چىرا ناھىيىلىك ماددى ئەشيالار پونكتى | يېڭى بازار كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك يىمەكلىكلەر شىركىتى | سىرىق كوچىسى | 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك يىمەك ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى | سېرىق كوچىسى | |
| چىرا ناھىيىلىك قەن، شىكەر، تاماكۇھاراق شىركىتى | سېرىق كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك نىفىت شىركىتى | سىرىق كوچىسى | 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك 5 خىل مىتال توپ تارقىتىش شىركىتى | سىرىق كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك تۇرلى ماللار توپ تارقىتىش شىركىتى | سېرىق كوچىسى | 1986 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك ئىلمە تۇقۇلما ماللار توپ تارقىتىش شىركىتى | سىرىق كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك پارچە سىتىش شىركىتى | سىرىق كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى | توپا كوچىسى | 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك ئۇرۇغچىلىق شىركىتى | جەمە كوچىسى | 1961 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى | جەمە كوچىسى | 1962 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك پاختا كەندىر شىركىتى | دوسلۇق كوچىسى | 1962 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى | ماخمال كوچىسى | 1962 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇ- لاتلىرى شىركىتى | يېڭى بازار كوچىسى | 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك ھەمكارلىق سودا دۇكىنى | جەمە كوچىسى | 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دا ئىمىلىق | يېڭى بازار كوچىسى | 1969 ـ يىلى قۇرۇلغان. |

| | | |
|---|---|---|
| تەربيلەش سىنىپى | | |
| چىرا ناھىيىلىك سودا سارىيى | توپا كوچىسى | 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان. |
| چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈ- مىتى مېھمان كۈتۈش ئورنى | ماخمال كوچىسى | 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان. |

# سۇنئى قۇرۇلۇشلار نامى

# جەڭگىۋار ئۆستەڭىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

نۇرى دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 172 مىليون 300 مىڭ كۇپمېتىر بولۇپ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى نۇرى يېزىسى ۋە بىگتۇۋەن 1 - چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ 25 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنى سۇغۇرۇشقا ئىشلەتكەنىنىڭ سىرتىدا، كۆپ قىسمى تۆۋەنكى ئېقىمغا كېلىش داۋامىدا يەلپۈگۈچسىمان كەڭ چۆكۈندىلەر دەسكىپ تۈگەيدۇ. جەڭگىۋار ئۆستەڭ ياسىلىشتىن ئىلگىرى دامكۇ ۋە گۇلاخما سۇغۇرۇش رايونىغا ھەر يىلى يېتىپ كېلىدىغان كەلكۈن 2 مىليون كۇپ مېتىرغا يەتتى. ئەڭ كۆپ دىگەندە يېرىم ئاي ئاقاتتى. نۇرى دەرياسىنىڭ سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇنىڭ چۆلدە سىڭىپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن 1960 - يىلى 3 - ئايدا جەڭگىۋار ئۆستەڭنى ياساش باشلانغان، جەڭگىۋار ئۆستەڭىنىڭ لايىھەدىكى ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 83 كىلو-مېتىر. ئۆستەڭنىڭ بېشى نۇرى دەرياسىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى 5.5 كىلو مېتىر كېلىدىغان بورانتاي دىگەن يەردە. ئۆستەڭنىڭ ئايىغى دامكۇ، گۇلاخما سۇغۇرۇش را يونى تەۋەسىدىكى ئىككى يېزىغا سۇئايرىش زاكوسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئەسلىدە ئۆستەڭنىڭ پۈتكۈل قىشىغا تاش تىزىش، ئارقىسىغىمۇ تاش تىزىپ، مۇداپىيە تورغۇزۇش، 2 مىليون 650 مىڭ كۇپمېتىر تۇپا-قىزىش، بۇنىڭغا 460 مىڭ كۇپمېتىرتاش، 8 مىڭ كۇپمېتىربېتون (ئۆستەڭنىڭ باش زاكوسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سەرىپ قىلىش پىلانلانغان. 17 يىل بۇ شاشماي تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈش ئارقىلىق 1977 - يىلى غاقەدەر ئۆستەڭنىڭ بېشىدىن 8 - زاكوغا قەدەر بولغان 58 كىلومېتىر قىسمى پۈتكۈزۈلدى. باش زاكوۋە 2 - 3 - 4 - 6 - 8 - زاكوقاتارلىق زاكوقۇرۇلۇشى ياسالدى. جەڭگىۋار ئۆستەڭ پەلەمپەي شەكلىدە ياسالغان. 2 - زاكونىڭ ئۆستىنىڭ لايىھە ئېقىم مىقدارى 50=0 كۇپمېتىر/سېكۇنت. تېگىنىڭ كەڭلىگى 12 مېتىر. قاشىنىڭ ئوكلونى $m=1.5$، 2 - زاكودىن 8 - زاكوغا قەدەر بولغان ئارلىقنىڭ ئېقىم مىقدارى 40=0 كۇپمېتىر/سېكۇنت. (ئەملىيەتتە ئاران 35=0 كۇپمېتىر/سېكۇنت سۇئۆتەلەيدۇ)، تېگىنىڭ كەڭلىگى 6 مېتىر. سۇنىڭ چوڭقۇرلىغى 1.8 مېتىردىن 2 مېتىرغا قەدەر. $m=1.5$. 1977 - يىلىغا قەدەر ئەملى ئورۇنلانغان تۇپا 1 مىليون 580 مىڭ كۇپمېتىر. تاش، شېغىل 530 مىڭ كۇپمېتىر. ئىشلىتىلگەن سېمونت 430 تونىنا (باش زاكونى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) سەرىپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 4 مىليون 150 مىڭ كۈن. جەمى سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى 2 مىليون يۈەن. 1977 - يىلىدىن كېيىن گۇلاخما، دامكۇ سۇغۇرۇش رايونىغا يېتىپ كېلىدىغان سۇ 3 يېرىم ئاي ئاقىدىغان بولدى.

ۋىلايەتلىك سۇ ئىلىكتىر باشقارمىسىدىكى تېخنىكا خادىملارنىڭ ھىساپلاپ كۆرۈشىچە، ھازىر

هەريىلى 6 ـ 7 ـ 8 ـ ئايلىق كەلكۈن مەزگىلىدە 8 ـ زاكۇغا 38 مىليون كۇپمېتىر سۇ يېتىپ كېلىپ، تەخمىنەن 20 كىلو مېتىر كېلىدىغان چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ، كەلكۈن جىلغىسى ئارقىلىق يېزىدىغا يېتىپ كەلگەن سۇمىقدارى 28 مىليون كۇپمېتىرغا يېتىپ، ئۆستەڭ ياسىلىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 10 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيگەن.

8 ـ زاكۇنىڭ ئاستىدىكى داۋاملىق ئىشلەيدىغان قىسمىنىڭ كۆپ خىل لايىھەسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا لايىھە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىپ تۇۋەنكى يېرىم يىلدا قۇرۇلۇش باشلاندى. داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەيدىغان قىسمىنىڭ ئۇمۇمى ئۇزۇنلىغى 25.1 كىلومېتىر، بۇنىڭدىن ئوق ئۆستەڭ قىسمى 21 كىلو مېتىر. (ئىككى يېزىغا بىرلىشىپ ئاقىدىغان سۇ 30= كۇپمېتىر/سېكۇنت) دامىكۇ يېزىغا بارىدىغان تارماق ئۆستەڭ قىسمى 500 مېتىر. گۇلاخما يېزىغا بارىدىغان تارماق ئوستەڭ قىسمى 6.6 كىلو مېتىر. لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 15 كوپمېتىر/سېكۇنت، ئۆستەڭنىڭ ئوكلۇنى 2.88%، ئوتتۇرىچە ئوكلۇنى 5.6%، پىلاندا پەلەمپەي شەكلىدە ياسالماقچى، يۇقىرى قىسمىغا سىمۇنوت تاختاي بىسىلماقچى. تۇۋەنكى قىسمىغا تاش تىزىپ ئىشلىمەكچى. بۇ ئۆستەڭنى پۈتكۈزگەنىنىڭ سىرتىدا يەنە ئىككى دانە كەلكۈن ئوتكۇزۇش خەندۇكى، بىر دانە سۇ تەڭشەش زاكۇسى سېلىندۇ. ھەمىدە 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىقنىڭ ئاستىغا گىۋەنزي كۇمۇپ ئۇنى ياساشقا توغرا كېلىدۇ. داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەيدىغان پۈتۈن قۇرۇلۇشقا 6000 توننا سىمونت، 55 توننا پولات ماتېرىيالى كېتىدۇ. 1 مىليون 880 مىڭ كۇپمېتىر توپا قېزىلىدۇ. 96 مىڭ 100 ئىش كۇنى كېتىدۇ. جەمى 6 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ دىن دۆلەت سالىدىغان مەبلەغ 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن. بۇقۇرۇلۇش 1988 ـ يىلى تولۇق پۈتكۈزۈلمەكچى.

بۇ، بۇئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇشكۇل بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا تەبىيەتكە قارشى كۇرەش قىلىشتىن ئىبارەت ھېچنىمىدىن قورقماسلىقتەك روھنى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلىقتىن جەڭگىۋار ئۆستەڭ دەپ نام بېرىلگەن.

# قارا سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

قارا سۇ ئامبىرى گۇلاخما يېزىسىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن 7.3 كىلومېتىر يىراقتا، يېزىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى قارا سۇ ئېقىنىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان. سۇئامبىرىغا قارا سۇ ئېقىنىنىڭ سۈيى چىڭقالغانلىقتىن، قارا سۇ ئامبىرى دەپ ئاتالغان.

خوتەن گىئو مېتىرىيەلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئەترىتىنىڭ ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، قارا سۇ ئېقىنىدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 0.26 كوپمېتىر/سېكونت قايتىدۇ.

قاراسۇ ئامبىرى 1957-يىلى 12-ئايدا ياسالغان. توغىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر، سۇسىغىمچانلىقى 2 مىليون 800 مىڭ كۇپمېتىر. توغىنىنىڭ شەرقى تەرىپىدە سۇچىقىرىش خەندۇكى بار.

خەندۇك پولات چىۋىقلىق بېتون دىن ياسالغان. قويۇپ بېرىلىدىغان سومىقدارى 5 كوپمېتىر/سېكونت. پۈتكۈل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 100 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن سېمونت 85 توننا، پولات چىۋىق 104 توننا، ياغاچ ماتېرىياللىرى 155 كوپمېتىر، توپا، تاش 71 مىڭ كۇپمېتىر، ئارىلاشمىلاى 650 كوپمېتىر، سۇئامبىرى ياساشقا كەتكەن ئەمگەك 60 مىڭ ئىش كۈنى. سۇئامبىرى ئىچىدە 200 مو بېلىق باققىلى بولىدىغان سۇيۈزى بار بولۇپ، ئازمىقدار داتاتلىق سۇبېلىقى ۋە يەرلىك بېلىقلار بار.

قاراسۇ ئامبىرى ياسالغاندىن كېيىن گۇلاخما يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. گۇلاخما يېزىسىدىكى 14 دادۇينىڭ يەرلىرىنى سۇغۇرۇشتا ئاساسلىقى قىزىل بايراق 2-سۇئامبىرى بىلەن قاراسۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 30 مىڭ موقتىمغا يېتىدۇ. 1972-يىلى 10-ئايدا سۇئامبىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىچىك تىپتىكى بىر دانەسۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى سېلىندى. سۇ ئېلېكتىر ماشىنىسىنىڭ قۇۋۋىتى 28 كىلوۋات، سۇئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سۇسەكرەش يانتۇلۇقى 3.5 مېتىر، توك چىقىرىشقا كېتىدىغان ئېقىم مىقدارى 0.75 كۇپمېتىر. 60-20 ماركىلىق شويلىنچى، 15w42.3/10-6.26 مۇتۇر، 30 ئامپېرلىق 2 دانە ترانسفورماتور ئورنىتىلغان. يىللىق توك تارقىتىش ۋاقتى 8 ئايغا، تارقاتقان توك 31 مىڭ 200 كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ. ئېلېكتىر قۇۋۋىتىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن 8 كىلومېتىر جايغا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلىپ، گۇلاخما يېزىسىدىكى ئىدارە جەمئىيەتنىڭ يورۇتۇشىغا كېتىدىغان توكى ئاساسەن ھەل قىلىندى.

# مول ھۆسۈل سۇئامبىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مول ھۆسۈل سۇئامبىرى دامكۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بولغان تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇرى، سايباغ، بوزاڭ قاتارلىق دەريالارنىڭ سۈيى كۈئېنلۈن تېغى ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كەڭ كەتكەن يەلپۈ گوبىسمان چۆكۈندىلەر (جىلغىلار) دايىبېيلاپ ئېقىپ ناھايىتى تىزلىكتە يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىر ئەتراپىدىكى يەلپۈگوبىسمان چۆكۈندى بەلۋاغلاردا سىڭىپ كەتكەن دەريا سۇلىرى دامكۇ ئېقىنىدا قوشۇلۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۈيىگە ئايلىنىدۇ.

1958 ـ يىلى دامكۇ خەلقى دامكۇ ئېقىن جىلغىسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا جىلغىنى توساپ، توغان توتۇپ، مول ھۆسۈل ئامبىرىنى ياساپ، بۇلاق سۈيىنى چىڭقاپتەكشەپ ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغاردى. مول ھۆسۈل سۇئامبىرى توغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىر، توغىنىڭ ئېگىزلىكى 6 مېتىر، ئامبارنىڭ سۇسىغىمچانلىقى 5 مىليون كوبمېتىر. سۇ توپلىنىدىغان كۆلىمى تەخمىنەن 2000 موكېلىدۇ. پولات چۆۋىلىق بېتوندىن ياسالغان سۇچۇشۇرۇش خەندىكىدىن چۈشۈرۈلىدىغان سۇ مىقدارى 10 كوبمېتىر/سېكۇنت. مول ھۆسۈل ئامبىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بۇلاقسۈيىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 4 مىليون 430 مىڭ كوبمېتىر. سۇئامبىرى ئارقىلىق تەڭشەلگەن بۇلاقسۈيى ئارقىلىق ھەريىلى 50 مىڭ مو يەرنى ئونۇملۇك سۇغارغىلى بولىدۇ. 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە سۇئامبىرىغا بىر قىسىم كەلكۈن سۈيى باشلانغانلىقتىن، 1 ـ 2 يىل ئىچىدە ئامبارنىڭ تېگى لايلاپ، ئامبارنىڭ سۇسىغىمچانلىقى بىرمىليون كوبمېتىر ئەتراپىدا كىچىكلەپ كەتكەن. 1970 ـ يىلىدىن كېيىن ئامبارغا قايتا كەلكۈن سۈيى باشلانمىدى. سۇئامبىرىنىڭ تېگى تەكشى بولۇپ، ھەريىلى ياز پەسلىدە ئامبارنىڭ سۈيى پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ. بىلىق باققىلى بولمايدۇ.

دامكۇسۇغۇرۇش رايونىنىڭ 3 تىن 2 قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرى مول ھۆسۈل سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. ئامبار سۇغۇرۇش رايونىدىكى يېزائىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. يۇقىرى ئېقىمدا مول بولغان بۇلاق سۈيى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول ھۆسۈل سۇئامبىرىنىڭ تەڭشەش رولى بولغانلىقتىن، دامكۇ يېزىسى ناھىيىمىز ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇغدايچىلىق بازىسى بولۇپ قالدى.

مول ھۆسۈل سۇئامبىرى سۇ چۈشۈرۈش خەندىكىنىڭ ئەسلى ئورنى توغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، شەرقىي قىرغاققا 200 مېتىر كېلەتتى. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۇتازاچىڭقالغان مەزگىلدە، توغىنىڭ

ئارقىسىدىكى تۇغىنىڭ ئۈستىگە 3 ـ 4 مېتىر كېلىدىغان جايدىن سۇتېشىپ چىقىپ كېتىپ، باش-قۇرغۇچى خادىملار ۋاقتىدا سەزمىگەنلىكتىن سۇ بارغانسېرى ئەندەپ كېتىپ، بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا تۇغ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئامبىرىغا 2 كىلو مېتىر كېلىدىغان جاي دىكى زاكۇ ئارقىلىق كۆپ قىسىم سۇنى شەرقى تەرەپتىكى داڭكۇياغا سىلىپ، سۇئامبىرىنىڭ تۇۋەنكى ئېقىمىدىكى تىرىلغۇ يەرلەرۋە گوڭشې ئىدارە ـ جەمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاشيولىنىڭ ئىككى تەرپىدە زىچ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلارغا كەلتۈرۈدىغان زىيان ئازايتىلدى. تۇغ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، دۆلەت دەرھال پۇل ئاجىرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىپ كەتكەن تۇغىنىڭ ئۈستى تەر پىگە 600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭى تۇغ ياسالدى. ئەسلىدىكى سۇچۇشۇرۇش خەندۇكى پۈتۈن لەيۋەيران بولغانلىقتىن، تۇغىنىڭ شەرقى تەرپىگە يېڭىدىن پولات چۇۋۇقلۇق بېتونىدىن خەندۇك سىلىندى. باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئۆيلىرى ۋەسۇچۇرۇش ئۈستىڭى ياسالدى. ھازىر مول ھوسۇل سۇئامبىرى يېڭى قىياپەت بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تېخىمۇ زور رول ئويىنىماقتا.

سۇ بولسا ئاشلىق بولۇدۇ، يېزا ئىگىلىگىدە مول ھوسۇل ئېلىنىدۇ. دېگەن مەنىسى بولغانلىق-تىن، مول ھوسۇل سۇئامبىرى دەپ ئاتالغان.

# جەڭگۋار ئۆستەڭ باش زاكۇنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

جەڭگۋار ئۆستەڭ باش زاكۇسى نۇري يېزىلىق ھۆكۇمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى 5.5 كىلومېتىرىيىراقلىقتا، نۇري دەرياسىنىڭ تاغ دىن چىقىش ئېغىزىي (بۇرانىتاي دەپ ئاتىلىدۇ)غا جايلاشقان. 1967 ـ يىلى سېلىنغان پولات چۆيىلىق بىتۇندىن ياسالغان زاكۇ بولۇپ، جەڭگۋار ئۆستەڭنىڭ باشلىنىش ئېغىزىغاسىلىنغانلىقتىن، جەڭگۋار ئۆستەڭ باش زاكوسى دەپ ئاتالغان.

ئىلگىرى مۇشو جايىنىڭ يۇقىرىسىدىكى 100 مېتىركىلىدىغان جايدا بىر ياغاچ زاكۇ بولۇپ، پولات چۆيىلىق بىتون زاكۇنى سالغاندايىقۋېتىلگەن. جەڭگۋار ئۆستەڭ باش زاكوسىنىڭ لايىھەلەنگەن كەلكۈن سۇيى چاستوتى 100 يىلدا بىرەرقېتىم كىلىدۇ. پۈتۈن دەريانىڭ ئېقىم مىقداري 400 كۇپ مېتىر/سېكنوت. زاكۇنىڭ ئالدي ئۇدۇلدا كەلكۈن ۋەشىغىللارنى ھەيدەيدىغان 3 ئارىسى بولۇپ، ھەربىر ئارىنىڭ كەڭلىگى 5 مېتىر. ئەڭ زور كەلكۈن چۈشۈرۈش مقداري 120 كوپمېتىر/سكۇنوت، يايى شەكىللىك پولات شال بىلەن تىزگىنلىنىدۇ. بۇنىڭغا 15 تۇنىنىلىق ئېلىكتىر ماتوري بىلەن يۆگەپ كۆتۈرۈش ماشىنىسى ئورنۇتولغان. سۈكىرىش زاكۇسىنى ياساشتاتىك ۋە كارىدۇرىنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى قوللۇنۇلغان. سۇنى چىقىرىۋېتىش زاكۇسىنىڭ ئالدىي تەرىپىنىڭ ئوترىىدا ئىككى تىك تۆشۈك، ئىككى يان تەرىپىدە بىردىن تۆشۈك بار بولۇپ، جەمئىي تۆت تۆشۈكتىن سۇ ئۆتىدۇ. تىك تۆشۈكنىڭ ئاستى قىسمىدا سۇنىڭ كىلىش يۆنۈلۈشىگە توغرا تۇرىدىغان (2.6m – 3m) توغرا كەسمە يۈزي بار. سۇئۆتىدىغان ئىككى كارىدۇرنىڭ ئەڭ زورسۇ ئۆتكۈزۈش مىقدارىي 50 كۇپمېتىر/سكىنوت.

زاكۇنىڭ يان تەرىپىگە 10 كىلۋاتلىق بىر دانە كىچىك تىپتىكى سۇئېلىكترئىستانسى ياسالغان. زاكۇنىڭ ئالدي تەرىپىدىكى ئۇزۇنلغى 200 مېتىر، كەڭلىگى 16 مېتىركىلىدىغان دەرياقانلى سېمۇنت بىلەن ئىشلەنگەن. 75 مېتىر ئۇزۇنلوقتىكى كەلكۈن چۈشۈرگىسى زاكۇنىڭ يان تەرىپىدىكى تۇپاقاسىڭ بىلەن تۇتۇشىدۇ. چۈشۈرگە چوڭ تاشلاردىن ياسىلىپ، سېمونت لاي بىلەن سۇۋالغان. چۈشۈرگىنىڭ ئېقىم مىقداري 220 كۇپمېتىر/سكىنوت. زاكۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى 800 مېتىرئارلىق تاش تىزىپ، سېمۇنت بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان. بۇزاكۇ قۇرۇلۇشىغا 1200 تونىناسېمۇنۇت، 400 كوپمېتىر ياغاچ سەرىپ قىلىنغان. دۆلەتتىن 560 مىڭ يۇەن مەبلەغ سېلىنغان. باش زاكۇپۈتكەندىن كيين ھەر يىلى نۇري دەرياسىنىڭ سۇينىڭ يىرىمى، يەنە 90 مىلىيون كۇپمېتىر سۇ باشلاپ كىلىپ پايدىلىنىلدىي. جەڭگۋار ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇرىشغا ئەگىشىپ، تۆۋەنكى ئېقىمدىكى دىخانچىلىق ئېتىزىلىرىغا باشلاپ كىلىنگەن سۇمقداري بارغانسىرى كۆپەيمەكتە. يىرىك ھساۋاتقا

ئاساسلانغاندا، 1977 ـ يىلدىن بىرى باش زاكو ئارقىلىق باشلاپ كىلىپ، دەريا سۇيى بىلەن سۇ-
رۇلغان كۆلەم 250 مىڭ مۇقتىمىدىن ئاشتى. جەڭگىۋار ئۆستەڭ باش زاكوسى قۇمىنى كۆپ
ئىلىپ كىلدىغان، جىلغا سۇيى خاراكتىرىدىكى دەريا بولۇش ۋە كەلكۈن مەزگىلدىكى قۇم-
لاتقىلارنىڭ كۆپ بولۇش، ۋاختىنىڭ قىسقا بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن لايىھلەنگەن. سۇ تىنىك
تۇشۇكنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىن ئاقىدۇ. قۇم مىقدارى كۆپراق بولغان سۇ، ئاستى قاتلىمىدىكى قۇم
تاشلاش زاكوسىدىن ئۆتۈپ كىتىدۇ. قۇم مىقدارى ئازراق بولغان سۇ ـ ئۈستى قاتلىمىدىن ئۆتىدۇ.
كەلكۈن چۈشۈرگىسى قۇم تاشلاش زاكوسىغا يېقىن بولۇپ، سەزگۈرلىكى كۈچلۈك. بۇ، قۇرۇلۇشىنىڭ
قۇرۇلمىسى يىغىنچاق. قۇرۇلۇش قىلىش ئاددى، باشقۇرۇشقا قولايلىق. 17 يىللىق پايدىلىنىش
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قۇمنى ھەيدەش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، دەريانىڭ ئوكلونى چوڭ ـ (60/
120/1). كەلكۈن مەزگىلدە قۇم مىقدارى كۆپ. (3 ـ 1 كىلوگىرام/كوپمېتىر). سۇئازايغان مەزگىلى
بىلەن كەلكۈن مەزگىلدىكى سۇ مىقدارىنىڭ پەرقى چوڭ بولغان كىچىك دەريالاردا ئىشلىتىشكە
پايدىلىق. بۇ زاكو پۈتكەندىن كېيىن بەزى قىزىلداش ئولكە ۋە رايونلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى
قوزغىدى. ھازىر بۇ زاكونى ھەر يىلى بىر قىسىم ئادەم كېلىپ ئېكسكورسىيە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ
تېخنىكا خولاسەماتېرىيالىنى سۇ ـ ئېلىكتىر مىنىستىرلىكى دىخانچىلىق ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىشلىرى
مەھكىمىسى بىسىپ تارقاتتى. 1978 ـ يىلى جەڭگىۋار ئۆستەڭ باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. پونكىتنىڭ
ئورنى جەڭگىۋار ئۆستەڭ 2 ـ زاكونىڭ شەرىق تەرىپىدە بولۇپ، ھازىر 7 نەپەر ئىشچى، خىزمەت-
چىسى بار. 1981 ـ يىلدىن كېيىن دايىم تۇرۇشلۇق 80 نەپەر خەلق ئىشچىسى بولۇپ، ئاساسلىقى
پوتكول جەڭگىۋار ئۆستەڭ نىڭ قورۇلۇشلىرى (زاكو، ئۆستەڭنىڭ قىشى، كۆۋرۈك، خەندۇك) ۋە
يول بويىدىكى 60 كىلومېتىرتىلغۇن سىمنى ئۆزئىچگە ئالدۇ.) نىڭ يۇرۇشلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە
ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئۈزۈلدۈرمەي ياتاق ۋە ئىشخانا سېلىندى. باشقۇرۇش پونكىتى يەنە
كوپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، جىرىم سېلىپ، يەرتىرىپ، چارۋابېقىپ، يىللىق كىرىمنى 10 مىڭ
يۇەنگە يەتكوزدى.

# چىرا ئۇق ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا ئۇق ئۆستىڭى چىرا يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، جەنۇبى چىرا دەرياسىنىڭ تۈۋەنكى ئېقىمىدىكى چىرا ئۆق ئوستەڭ باش زاكۇسىدىن باشلىنىدۇ. شىمالى چىرا يېزىسى جاي كەنت كومىتېتى، تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ جەنۇبى بويىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇق ئۆستەڭنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 16 كىلومېتىر. ئۆستەڭنىڭ تېگىنىڭ ئەڭ كەڭ جايلىرى 6 مېتىر. ئەڭ تارجايلىرى 1 مېتىر كېلىدۇ. ھەممىسىگە تاش تىزىلغان، ئۆستەڭ تاناپتەك تۈز، 10 دانە سېمونىت زاكۇ سېلىنغان. ھەر بىر زاكۇسىدا شەرىققە ۋە غەرىپكە قاراپ ئاقىدىغان بىردىن تارماق ئۆستىڭى بار. ئېلگىرى-كېيىن بولۇپ 20 تارماق ئۆستەڭ ياسالدى. ئېگىلىكنى گۈللەندۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇق ئۆستەڭنىڭ ناھىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان قىسمىغا 3 دانە سېمونت كۆۋرۈك سېلىندى. بىرىنچى كۆۋرۈك 1960-يىلى سېلىنغان. ئىككىنچى كۆۋرۈك 1970-يىلى سېلىندى. ئۈچىنچى كۆۋرۈك 1983-يىلى سېلىندى. 3 كۆۋرۈك چىرا بازىرىنىڭ شەرقى كوچىسى بىلەن غەربى كوچىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

چىرا دەرياسىنىڭ سۈيى مۇشۇ ئۇق ئۆستەڭ ئارقىلىق ئېقىپ كېلىدۇ. يىللىق باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 100 مىليون كوپمېتىرغا، ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 25 كۇپمېتىر/سېكۇنىتقا، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلىمى 40 مىڭ مۇغايىتىدۇ. ئۇق ئۆستەڭ 1959-يىلى ياسىلىشقا باشلىغان. جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، چىرا يېزىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. چىرا يېزىسىنىڭ دۆڭئېرىق، تۇزاقچى، ئاقكۆل، يۇقاقى جاي، تۈۋەن جاي كەنىتلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرىسى جاي كەنتىگە بىرىپ تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ جەنۇبى ياقىسىداتۈ گەيدۇ.

ئۇق ئۆستەڭنىڭ 4-زاكۇغا قەدەر بولغان ئارلىقىغا 1960-يىلىنىڭ بېشىدا تاش تىزىلغان. ئۇنىڭدىن كىن تەدرىجى شىمالغا قاراپ سوزۇلدى. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەممۇ بارغانسىرى كىڭەيدى. باش زاكۇ بىلەن 3-زاكۇنىڭ ئوستىگە بىر قەدەر چىرايلىق ئۆي سېلىنغان. بۇ-، ئۆستەڭنى 20 نەچچە يىلدىن بىرى ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەش ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، دىخانچىلىق ئىنتىزلىرىنى سۇغۇرۇش نى تۈرىلاشتۇرۇش تەدىرىجى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۇق ئوستەڭنىڭ نامى چىرا يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1959-يىلى خەلق گوڭشىلىشىش ۋاقتىدا بۇ يېزىغا شەرىق قىزاردى گوڭشى، ئۇق ئۆستەڭگە شەرىق قىزاردى گوڭشى ئۆق ئوستىڭى .دەپ نام بېرىلگەن. 1978-يىلى يەرنامىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، گوڭشىنىڭ ئەسلى نامى چىرا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇق ئۆستەڭ نىڭ نامىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ چىرا گوڭشى ئۆق ئوستىڭى دەپ ئۆز گەرتىلگەن. 1984-يىلى چىرا گوڭشىنىڭ نامى چىرا يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۆق ئوستەڭنىڭ نامىمۇ چىرا يېزا ئۆق ئوستىڭى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

# دامكو ئوق ئۆستەڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

دامكو ئوق ئۆستەڭ دامكو يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان. مول ھوسۇل سۇئامبىرى ۋەجەڭگۋار ئۆستەڭ نىڭ تارماق ئېقىمىدىن باشلىنىپ، زىندانكۆل، يېڭى ئۆستەڭ، پوناق، مالقالغان قاتارلىق كەنت كومىتېتلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۆق ئوستەڭ بىلەن 1 ـ 2 ـ 3 تارماق ئۆق ئوستەڭ بىر گەۋدە بولۇپ تۇتۇشىدۇ. بۇ يەر تۈزلۈڭشىگە ئاساسەن لايىھەلەنگەن. ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 39.4 كىلومېتىر. ئوق ئۆستەڭ قىسمىنىڭ كەڭلىگى 10 مېتىر، تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭلىگى 8 مىتىر. 1 ـ 2 ـ 3 ـ تارماق ئوق ئوستەڭنىڭ كەڭلىگى 6 مىتىر. ھەممىسى توپىدىن ياسالغان. ئوق ئۆستەڭ قىسمىدا پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان 10 دانە زاكو، 10 دانە كۆۋرۈك، 2 دانە كىچىك تىپتىكى سۇئېلىكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، گۇڭشى ئورگىنى ۋە 2 ـ باشقۇرۇش رايونىنى يورۇتىدىغان توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۆستەڭنىڭ سول تەرىپىدە ھەرقايسى كەنت كومىتېتلىرى ۋە چىرا ـ كىرىيە تاشيولىغا تۇتۇشىدىغان شىغىل ياتقۇزۇلغان يېزا تاشيولى بولۇپ، ئوق ئۆستەڭ بىلەن ياندىشى. ئوق ئۆستەڭنىڭ ئىككى يان تەرىپى ۋە تاشيولنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە 9 رەت ئورمان سېلىنغان. ئورمانلار قويۇق، ياپ ـ يېشىل بوك ـ باراقسان، مەنزىرىسى گوزەل بولۇپ، مۇشۇ يېزىنىڭ مەنزىرىلىك رايونى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مول ھوسۇل سۇئامبىرىنىڭ سۈيى ۋە جەڭگۋار ئۆستەڭنىڭ سۈيى مۇشۇئوق ئۆستەڭ ئارقىلىق ئۈزلۈمەي يېزىلاردىكى دېخانچىلىق ئېتىزىغا ئېقىپ كىلىدۇ. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 15 كوپ مېتىر ـ سىكونت، ئەڭ كىچىك ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر سىكونت، سۇغۇرۇلىدىغان كولەم 70 مىڭ مۇغايىتىدۇ.

ئوق ئۆستەڭ 1965 ـ يىلى قىشتا ياسىلىشقا باشلىنىپ، 1966 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قارا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كىيىن تەدرىجى رېمونت قىلىنىدى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلدى.

بۇ، ئېرىق ئۆستەڭ ئۇقالىقاش ئورۇغچىلىق مەيدانى، داشكۆل، چوقاباش قاتارلىق 12 كەنت كومىتېتىدىن ئېقىپ ئوتىدۇ. بۇمۇشۇيېزىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ قان تومۇر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئوق ئۆستەڭ دامكو يېزىسىدا ياسالغانلىغى ۋە مۇشۇ يېزا پايدىلانغانلىغى ئۈچۈن دامكو ئوق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان.

# سۇنئى قورۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

**ئاۋانگارت سۇئامبىرى**

چىرا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 4.8 كىلومېتىر. 1970 ـ يىلى پۈتكەندىن كېيىن ئاۋانگارت سۇئامبىرى دەپ نام بېرىلگەن. تۇغىنىڭ شەرقى تەرپىدە بەتوندىن ياسالغان سۇچۇشۇرۇش زاكۇسى بار. ئامبارنىڭ سۇسىغىمچانلىقى 500 مىڭ كوپمېتىر، چۈشۈرۈلىدىغان سومىقدارى 10 كوپمېتىر/سېكۇنت. كەلكۈن سۇيىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كولەم 15 مىڭ مو.

**سەكرەپ ئىلگىرلەش سۇئامبىرى**

چىرا يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا، چاقا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا ئورۇنلاشقان. سۇئامبىرى سەكرەپ ئىلگىرلەش ئۆستىڭىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەچكە، سەكرەپ ئىلگىرلەش سۇ ئامبىرى دەپ ئاتالغان. 1975 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1977 ـ يىلى پۈتكەن. 1977 ـ يىلى تۇقتا بىر دانە سۇقويۇش زاكۇسى ياسالغان. 1983 ـ يىلى تۇغىنىڭ ئاستى تەرپىگە سولياۋ بېسىپ سۇ سىڭىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. ھەمدە تاش تىزىپ يالاپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئامبارنىڭ سۇسىغىمچانلىقى 20 مىليون كوپمېتىر، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 2 مىڭ مو.

**قىزىل بايراق 2 ـ سۇئامبىرى**

گۇلاخما يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 8.2 كىلومېتىر. 1974 ـ يىلى پۈتكەن. تۇغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەتوندىن ياسالغان بىر دانە سۇچۇشۇرۇش زاكۇسى بار. سۇسىغىمچانلىقى 1 مىليون كوپمېتىر، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 10 مىڭ مو، بۇ سۇئامبىرى قىزىل بايراق سۇئامبىرىدىن 2 كىلومېتىر تۆۋەنگە ئورۇنلاشقان. ئەسلىدىكى قىزىل بايراق سۇئامبىرى لايلاپ كىرەكسىز بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن ياسالغان سۇئامبىرى بولغاچقا، قىزىل بايراق 2 ـ سۇئامبىرى دەپ ئاتالغان.

**قارا سۇ ئامبىرى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانىغا قارالسۇن.

**مول ھوسۇل سۇئامبىرى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانىغا قارالسۇن

**پوناق سۇئامبىرى**

دامكۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 4.3 كىلومېتىر. بۇسۇئامبىرى پوناق ياغا سېلىنغانلىقتىن، پوناق سۇئامبىرى دەپ ئاتالغان. 1959 ـ

يىلى ياسالغان. تۇغىنىڭ قۇرۇلمىسى تۇپا، تۇغىنىڭ ئۇزۇنلىغى 3 كىلو مېتىر. ئېگىزلىگى 6 مېتىر، تۇغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىتۇندىن ياسالغان، سۇچۇشۇرۇش زاكوۇسى بار. سۇسىغىمچانلىغى 2 مىليون كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 30 مىڭ مو. بىلىق باقىلى بولۇدۇ.

**قارىمان سۇئامبىرى**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىغى 7.8 كىلو مېتىر. ئامبارنىڭ سۇيىدىن قارىمان كەنتىسى مەنپەتلەنگەنلىكتىن، قارىمان سۇ ئامبىري دەپ ئاتالغان. 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياسالغان. تۇپادامبا، ئۇزۇنلىغى 300 مېتىر، كەڭلىگى 50 مېتىر. پەسىل خارەكتىرلىك سۇئامبىرى. سۇسىغىمچانلىغى 1 مىليون كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 3000 مو، ئازمىقداردابىلىق بار.

**چىگىلىك يا سۇئامبىرى**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 4.8 كىلو مېتىر. ئامبارنىڭ دامبىسى چىگىلىك يادا بولغانلىقتىن، چىگىلىك ياسۇ ئامبىرى دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە 1958 ـ يىلى ياسالغان. 1972 ـ يىلى قايتا ياسالغان. 1982 ـ يىلى بىتۇندىن بىر دانە سۇچىقىرىش زاكوۇسى ياسالدى. دامبىنىڭ ئۇزۇنلىغى 1.5 كىلو مېتىر. ئېگىزلىكى، 6 مېتىر. سۇسىغىمچانلىغى 1 مىليون 500 مىڭ كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 15000 مو، ئازمىقداردا بىلىق بار.

**لاڭساسۇئامبىرى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 6 كىلو مېتىر. سۇ ئامبىرى 1962 ـ يىلى ياسالغان. ئورنى لاڭسادا بولغانلىقتىن، لاڭسا سۇئامبىرى دەپ نام بېرىلگەن. دامبىسى تۇپا. سۇسىغىمچانلىغى 210 مىڭ كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 1000 مو.

**قاتتىق تۇز سۇئامبىرى**

چاقا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 44.5 كىلومېتىر. بۇ جايىنىڭ تۇپىسى قاتتىق، يەر تۇزۇلۇشى تەكشى بولغانلىقتىن، قاتتىق تۇز سۇ ئامبىري دەپ ئاتالغان. دامبىسى تۇپا. سۇسىغىمچانلىغى 4000 كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 200 مو.

**سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسى سۇئامبىرى**

چاقا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 0.8 كىلو مېتىر. سۇئامبىرى نىڭ يېنىدا سۇئېلىكتىر ئىستانسىسى بولغانلىقتىن، سۇئېلىكتىر ئىستانسىسى سۇئامبىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1973 ـ يىلى ياسالغان. سۇسىغىمچانلىغى 7200 كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 300 مو، قۇرۇلمىسى تۇپا، سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسىنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى 18 كىلوۋات بولۇپ، يېزىلىق ئىدارە جەمىيەت نى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**بوستان سۇئامبىرى**

بوستان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 3.7 كىلو مېتىر. سۇئامبىرىنىڭ نامى بوستان يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1966 ـ يىلى ئىش باش-

لىنىپ، 1968 ـ يىلى پۈتكەن. تۇپادامبا. ئۇزۇنلىغى 270 مېتىر، ئېگىزلىگى 15 مېتىر. دامبىنىڭ غەربىي تەرىپىگە بېتۇندىن ياسالغان بىر دانە سۇچۇشۇرۇش زاكوسى ياسالغان، سۇسىغىمچانلىغى 2 مىليون كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 10 مىڭ مو.

## چىرا يېزا ئۇوق ئۆستىڭى

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

## چىرا يېزا شەرىق ئۇوق ئۆستىڭى

چىرا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئۆستەڭ چىرا يېزا ئۇوق ئۆستىڭىنىڭ شەرىق تەرىپىدە بولغانلىقتىن، چىرا يېزا شەرىق ئۇوق ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. 1977 ـ يىلى ئېلىنغان. ئۆستەڭ چىرا يېزا ئۇوق ئۆستەڭ 2 ـ زاكودىن باشلىنىپ، ئاخىرى جاي كەنت كومېتىتىدا ئاياغلىشىدۇ. ئۇزۇنلىغى 14 كىلو مېتىر. تاش تېزىلغان، ئېقىم مىقدارى 10 كۇپمېتىر/سكۇنت، 6 دانە زاكۇ بار. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 20 مىڭ مو.

## چىرا يېزا غەربىي ئۇوق ئۆستىڭى

چىرا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئورنى چىرا يېزا ئۇوق ئۆستىڭىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولغان لىقتىن چىرا يېزا غەربىي ئۇوق ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. 1980 ـ يىلى پۈتكەن. چىرا يېزا ئۇوق ئۆستەڭ 2 ـ زاكودىن باشلىنىپ، چىرا يېزا تۇۋەن ئوغرىق كەنت كومېتىتىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇزۇنلىغى 13 كىلومېتىر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر. تاش تېزىلغان. 5 زاكۇ بار. ئېقىم مىقدارى 10 كوپمېتىر/سكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 25 مىڭ مو.

## چىرا يېزا سەكرەپ ئېلگىرلەش ئۆستىڭى

چىرايېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئورنى چاقا دەرياسى بىلەن چىرا دەرياسىنىڭ ئارلىغىدا، 1973 ـ يىلى ياسالغان. ئۆستەڭنىڭ ياسىلىش سۈرئىتى تېز بولغان لىقتىن، سەكرەپ ئېلگىرلەش ئۆستىڭى دەپ نام بېرىلگەن. چاقا يېزا چۆرۈش كەنتىدىن باشلىنىپ چاغىلقاي سۇئېلېكتىر ئىستانسىگە قۇيىلىدۇ. 1983 ـ يىلى سۇلياۋ ياتقۇزۇپ سىڭىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. تاش تېزىلغان ئۆستەڭ. ئۇزۇنلىغى 33.7 كىلومېتىر. كەڭلىگى 1.2 مېتىر. ئېقىم مىقدارى 4 كوپمېتىر/سكۇنت، سۇ غۇرۇلۇدىغان كۆلەم 85 مىڭ مو.

## چىرا سۇسىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆستىڭى

چىرا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا، چىرا دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بو ئۆستەڭ سۇسىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغانلىقتىن، سۇسىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. 1981 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1982 ـ يىلى پۈتكەن. چاغىلقاي سۇئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن باشلىنىپ ئاۋانگارت سۇئامبىرىغا قۇيۇلۇدۇ. ئۇزۇنلىغى 12.8 كىلو مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر. تاش تېزىلغان. قۇرۇلمىسى سىمونت لاي، ئېقىم مىقدارى 10 كوپ مېتىر/سكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 85 مىڭ مو.

## جەڭگىۋار ئۆستەڭ

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن

گۇلاخما 1 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

گۇلاخما يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. گۇلاخما يېزىسىنىڭ تەۋەسىدىكى ئۆستەڭ رەتتەرتىۋى بويىچە 1 ـ ئۇوق ئۆستەڭ دەپ نام بېرىلگەن. 1967 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېلىنغان. قۇرۇلمىسى تۇپا. باش زاكۇدىن باشلىنىپ، ياقا ئۆستەڭ كەنتىگە قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 6 كىلو مېتىر. ئېقىم مىقدارى 25 كۇبمېتىر/سىكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 14 مىڭ مو.

گۇلاخما 2 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

گۇلاخما يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. گۇلاخما يېزىسى تەۋەسىدىكى ئۇوق ئۆستەڭلىرىنىڭ رەت تەرتىۋى بويىچە 2 ـ ئۇوق ئۆستەڭ دەپ نام بېرىلگەن. 1966 ـ يىلى ئېلىنغان. تاغۇلۇا زاكۇدىن باشلىنىپ، ئۇشۇ ئۆستەڭ كەنتىگە قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 19 كىلومېتىر. تۇپىدىن ياسالغان ئۇستەڭ. ئېقىم مىقدارى. 6 كۇبمېتىر/سىكۇنت. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 15210 مو.

گۇلاخما 3 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

گۇلاخما يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. گۇلاخما يېزا تەۋەسىدىكى ئۇوق ئۆستەڭلىنىڭ رەت تەرتىۋى بويىچە 3 ـ ئۇوق ئۆستەڭ دەپ نام بېرىلگەن. 1961 ـ يىلى ياسالغان. ئۇزۇنلىغى 15 كىلومېتىر. تۇپا ئۆستەڭ. ئېقىم مىقدارى 4 كۇبمېتىر/سىكۇنت، سۇغۇلۇدىغان كۆلەم 30 مىڭ مو.

دامكو غول ئۇوق ئۆستەڭ

تەپسىلاتى ئۇمۇمى بايانغا قارالسۇن.

دامكۇتارماق ئۇوق ئۆستەڭ

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. بۇغول ئۇوق ئۆستەڭلىنىڭ تارمىغى بولغانلىقتىن، تارماق ئۇوق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. 1965 ـ يىلى ياسالغان. قۇرۇلمىسى تۇپا. غول ئۇوق ئۆستەڭ 10 ـ زاكۇدىن باشلىنىپ، 2 ـ 3 ـ ئۇوق ئۆستەڭگە قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 2.4 كىلومېتىر. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 8 كۇبمېتىر/سىكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 15 مىڭ مو

دامكۇ 1 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. 1965 ـ يىلى ياسالغان. قۇرۇلمىسى تۇپا، غول ئۇوق ئۆستەڭ 10 ـ زاكودىن باشلىنىپ مالقالغان كەنتىگە قۇيىلدۇ. ئۇزۇنلىغى 8.5 كىلومېتىر. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 6 كۇبمېتىر/سىكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 3000 مو.

دامكۇ 2 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. 1965 ـ يىلى ياسالغان. قۇرۇلمىسى تۇپا. تارماق ئۇوق ئۆستەڭ دىن باشلىنىپ، پوناق كەنتىگە قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 9 كىلو مېتىر. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 8 كۇبمېتىر/سىكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 6500 مو.

دامكۇ 3 ـ ئۇوق ئۆستەڭ

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. قۇرۇلمىسى تۇپا، تارماق

ئۆستەڭدىن باشلىنىپ يېڭى ئۆستەڭ ۋەزىندان كۆل كەنتىگە قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 5.8 كىلو-مېتىر. ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 6 كۇپمېتىر/سكۇنت. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 12 مىڭ مو.

**بادىغان ئوق ئۆستىڭى**

ئۇلۇغساي يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ ئۆستەڭ بادىغان كەنتىدە بولغانلىقتىن، بادىغان ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. 1966 ـ يىلى پۈتكەن. تاش تىزىلغان. ئۇلۇغساي دەرياسىدىن باشلىنىپ، بادىغان كەنتىگە قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 7 كىلومېتىر. 4 سىمۇنت زاكۇسى بار. ئېقىم مىقدارى 0.5 كوپمېتىر/سكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 3432 مو.

**نۇرى ئوق ئۆستىڭى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. بۇ ئۆستەڭدىن نۇرى باشقۇرۇش رايونى مەنپەتلەنگەچكە، نۇرى ئوق ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان، 1969 ـ يىلى تاش تىزىپ ياسالغان. بۇرانتاي زاكۇدىن باشلىنىپ، ئاقتاش مازا كەنتىگە قۇيىلدۇ. ئېقىم مىقدارى 7 كوپمېتىر/سكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 25 مىڭ مو.

**سايباغ ئوق ئۆستىڭى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئۆستەڭدىن سايباغ كەنتى مەنپەتلەنگەنلىكتىن، سايباغ ئوق ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان. 1964 ـ يىلى ياسالغان. تاش تىزىلغان. چاتاش كەنتىدىن باشلىنىپ، سۇيلى لەڭگەر كەنتىگە قويىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 25 كىلومېتىر. ئېقىم مىقدارى 7 كۇپمېتىر/سكۇنت. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 2100 مو.

**بوستان ئوق ئۆستىڭى**

بۇستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئورنى بوستان يېزىسىدا بولغانلىقتىن. بوستان ئوق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. 1966 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1969 ـ يىلى پۈتكەن. تاش تىزىلغان. كارىزىدىن باشلىنىپ، جىگدە بوستان كەنتىگە قۇيۇلۇدۇ. ئۇزۇنلىغى 6 كىلومېتىر. ئېقىم مىقدارى 1.5 كوپمېتىر/سكۇنت، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 37000 مو.

**تۆمۈر ئاسما كۆۋرۈك**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. پولات سىم بىلەن تاختايدىن ياسالغان كۆۋرۈك بولغانلىقتىن تۆمۈر ئاسما كۆۋرۈك دەپ ئاتالغان. 1967 ـ يىلى نۇرى دەرياسىغا توغرىسىغا سېلىنغان. ئۇزۇنلىغى 84 مېتىر. كەڭلىگى 90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مىقدارى 1 توننىغا يىتىدۇ. سۇ ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**جەڭگىۋار ئۆستەڭ باش زاكۇ**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**چىرا ـ كىرىيە تاشيولى**

چىرا بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 0.7 كىلو-مېتىر. بۇ تاشيول شىنجاڭ قەشقەردىن چىڭخەي ماڭياغا تۇتۇشۇدىغان ئارلىقتىكى چىرىدىن كىرىيەگە بارىدىغان قىسمى بولغاچقا، چىرا ـ كىرىيە تاشيولى دەپ ئاتالغان. 1941 ـ يىلى ياسالغان.

ئازاتلىقتىن كىيىن كېڭەيتىلدى. قاراماي ياتقۇزۇلغان يول بولۇپ، چىرا ناھىيىدىن باشلىنىپ، گۇلاخما، دامكو ئارقىلىق كىرىيە ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 82 كىلومېتىر. كەڭلىكى 12 مېتىر.

**چىرا ـ چاقا تاشيولى**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. چىرا ناھىيە بازىرىدىن باشلىنىپ چاقا يېزىسىغا تۇتاشقاچقا، چىرا ـ چاقا تاشيولى دەپ ئاتالغان. 1950 ـ يىلى ياسالغان ئاددىي تاشيول. ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. چىرا تاشيول ئاسراش دۆيىنىڭ قارمىقىدا. ئاۋاپ، چاقلىغاي، چوروشنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاپتوموبىللار سائەتتە 30 كىلومېتىرىيول يۈرەلەيدۇ.

**چىرا ـ نۇرى تاشيولى**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاشيول چىرا ناھىيە بازىرىدىن باشلىنىپ، نۇرى يېزىسىغا تۇتاشقاچقا، چىرا ـ نۇرى تاشيولى دەپ ئاتالغان. 1958 ـ يىلى ياسالغان ئاددىي تاشيول. ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر. كەڭلىكى 8 مېتىر. ئاپتوموبىللار سائەتتە 30 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ.

**چىرا ـ بوستان تاشيولى**

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. چىرا ناھىيە بازىرىدىن باشلىنىپ، بوستان يېزىسىغا توتاشقاچقا، چىرا ـ بوستان تاشيولى دەپ ئاتالغان. 1977 ـ يىلى ياسالغان ئاددىي تاشيول. ئۇزۇنلۇقى 99 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر. ئاپتوموبىللار سائەتتە 25 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدۇ.

**قاخشاللىق قۇدۇق**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈزلەڭلىكتە ئارلىقى 6.7 كىلومېتىر. 100 يىلدىن ئىلگىرى قاخشاللىق كىشىلەر كولىغان قۇدۇق بولغانلىقتىن، قاخشاللىق قۇدۇق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. سۈيى تاتلىق بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچىدۇ.

**تەتۈر كۆل قۇدۇق**

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ قۇدۇقنىڭ ئورنى تەتۈر كۆل دىگەن جايدا بولغاچقا تەتۈر كۆل قۇدۇق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. قۇدۇق 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، سۈيى تاتلىق، چوڭقۇرلىقى 1 مېتىر، سۈيىنى ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچىدۇ.

**تاموق قۇدۇق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلەڭلىكتە ئارلىقى 29.7 كىلومېتىر. بۇ قۇدۇقنىڭ ئورنى چوڭقۇر جايدا بولغاچقا، تاموق قۇدۇق دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە "چوڭقۇر جاي" دىگەن مەنىدە. 1963 ـ يىلى كولانغان. سۈيى تاتلىق. ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچىدۇ.

**چاكاندىلىق قۇدۇق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 40.6 كىلومېتىر. قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا چاكاندا (بىرخىل ئوت) كۆپ بولغانلىقتىن، چاكاندىلىق قۇدۇق دەپ ئاتالغان. 1963 ـ يىلى كولانغان. سۈيى تاتلىق. ئادەم ۋە هايۋانلار ئىچىدۇ.

**قىشلاق قۇدۇق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 37.1 كىلومېتىر. بۇ قۇدۇق چارۋىلارنى قىشتىن ئوتكۇزۇشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇدۇق بولغانلىقتىن، قىشلاق قۇدۇق دەپ ئاتالغان. تەخمىنەن 100 يىللىق تارىخقا ئىگە. سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە هايۋانلار سۇ ئىچىدۇ.

# تەبىئى جۇغراپىيەلىك جىسىملار نامى

# چىرا دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

چىرا دەرياسى (ھاشى دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناھىيىمىزدىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، ناھىيىمىزنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6638 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇزلۇق تاغ چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ 94 كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن خوتەن - نىيا تاشيولى ئەتراپىغا كەلگەندە ئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. يەنە شىمالغا قاراپ 10 كىلومېتىر ئېقىپ چىرا بازىرىدىن ئۆتىدۇ. دەريانىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىن 7.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا چاقا دەرياسى بار. غەربى قىرغىقىدا ئېگىز ۋە خەتەرلىك تىكلىك تىغى بار. مۇشۇ تاغنىڭ ئېگىزلىشىنىڭ تەسىرىدە ئۆچۈرىغانلىقى تۈپەيلىدىن چىرا دەرياسى قانىلىنىڭ ئاستى تەرىپى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئېگىز پەس يەرلەر يېتىلگەن. ئۇقۇدىن باشلاپ دەريا قىرغىقى تەدرىجى ئېگىزلەپ، ھاشى، كەڭتۇقاي ئەتراپلىرىغا كەلگەندە 100 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلەيدۇ. تۆۋەنكى ئېقىمى يەنە تەدرىجى پەسلەيدۇ. تاشيول ئەتراپلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر قالىدۇ. دەريا بويلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا 3 — 4 قەۋەت يەرلەر بار. دەريانىڭ كەڭلىكى 200 — 500 مېتىرغا قەدەر كېلىدۇ.

چىرا دەرياسىنىڭ سۇ يىغىلىدىغان كۆلىمى 2032 كۋادرات كىلومېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىم مىقدارى 121 مىليون 400 مىڭ كوپمېتىر.

ئايلىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىم مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئايدىكى 0.34 (سكۇنت/كۇپمېتىر)

2 ـ ئايدىكى 0.63

3 ـ ئايدىكى 0.63

4 ـ ئايدىكى 1.08

5 ـ ئايدىكى 3.71

6 ـ ئايدىكى 9.00

7 ـ ئايدىكى 13.7

8 ـ ئايدىكى 11.6

9 ـ ئايدىكى 3.44

10 ـ ئايدىكى 0.98

11 ـ ئايدىكى 0.75

12 ـ ئايدىكى 0.62

كەلكۈن مەزگىلى بىلەن سۇ ئازايغان مەزگىلدىكى ئېقىم مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق چوڭ، تاشقىن مەزگىلىدىكى 6 — 7 — 8 - ئايدىكى 3 ئايلىق كەلكۈن سۈيى مىقدارى يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارىنىڭ %73 دىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە نۇرغۇنلىغان لاتقا ۋە تاشلارنى ئېقىتىپ كېلىدۇ. دەريانىڭ بەزى جايلىرىدىكى سۈيۈزىنىڭ كەڭلىگى 100 مېتىردىن ئاشىدۇ. سۇ ئازايغان پەسىللەردىكى سۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز. سۇنىڭ چوڭقۇرلىغى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىغا قىلىپ ئادەم ۋە هايۋانلار سۇكېچىپ ئۆتەلەيدۇ. ئايرىم يىللارنىڭ 4 - ئايلىرىدا تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى سۇغۇرۇش رايونلىرىدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ۋە هەر يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى يىلى 2 - ئاي ئاخىرىغىچە دەريا سۈيى مۇزلايدۇ.

چىرا دەرياسىنىڭ قارا تاشتىن كەڭتۇقايغىچە بولغان ئارلىغى دەريانىڭ تىگى تەكشى بولۇپ، ئوكلونى %1 چامىسىغا يېتىدۇ. كەلكۈن سۈيى ئاققاندىن سىرىت يەنە بىرقانچە يەردە بولاق بولۇپ، سۇ مىقدارى جەمى بىر كوپمېتىرغا يېتىدۇ. دەريا بويىغا چاقا يېزىسى 4 - 5 - باشقۇرۇش رايونىدىكى 8 كەنتنىڭ 11 مىڭ مودىن ئارتۇن تېرىلغۇ يېرى تارقاق جايلاشقان. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تۇپا قاتلىمىنىڭ قېلىنلىغى 10 سانتىمېتىردىن 1 — 2 مېتىرغا قەدەر كېلىدۇ. ئاساسلىغى بۇغداي، قوناق، ئارپا، پۇرچاق خىلىدىكى زىرائەتلەر ۋە مايلىقدان زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ. كەڭتۇقاينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەريا قاناللىرى تار بولۇپ، بولاق سۇلىرى يوقاپ كېتىدۇ. تاشيولغا كەلگەنگە قەدەر تېرىلغۇيەر يوق. تاشيولنىڭ 6 كىلومېتىر تۆۋەن تەرىپىگە چىرا يېزىسىنىڭ 80 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى جايلاشقان بولۇپ، چىرا دەرياسىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسىم سۈيى مۇشۇ يەرلەرنى سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى سۇغۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ چاقا دەرياسىنىڭ سۈيىنى چىرا دەرياسىغا باشلاش قۇرۇلۇشى - توتماق ئۆستىڭىنى قېزىشقا تۇتۇش قىلىنىپ، چاقا دەرياسىنىڭ سۈيى چوكا دەرياسى بىلەن چىرا دەرياسىنىڭ قوشۇلۇدىغان قىرغىغىدىن چىرا دەر ياسىغا قويۇلدى. هەر يىلى چاقا دەرياسىنىڭ 2000 كوپمېتىردىن 3000 كوپمېتىرغا قەدەر بولغان سۈيى قويىلىدۇ. 1959 - يىلىدىن باشلاپ چىرا دەرياسىنىڭ ئىچگە 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىرا ئوق ئۆستىڭى ياسالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق رولى سۇ ئازايغان مەزگىللەردىكى ئاز سۇنى ئۆستەڭ ئارقىلىق تۆۋەنكى ئېقىمغا يەتكۈزۈپ، سۇنىڭ يېلىپ سىڭىپ كېتىشنى ئازايتىشتىن ئىبارەت. ئاۋاپ لەنگىرىدە دۆلەتنىڭ گىدرومېترىيە پونكىتى بولۇپ، 24 يىلدىن بۇيان گىدرومېترىيە ماتىريالىلىرىنى ئۆلچەپ كەلمەكتە. 1982 - يىلى 8 - ئايدا چاغلىقاي سۇ ئېلىكتىر ئىستانسى قۇرۇلدى. سۇنىڭ سەكرەش پەرقى 50 مېتىر. توك چىقىرىشقا كېتىدىغان ئېقىم مىقتارى 2 كوپمېتىر/سكونت، ماشىنىنىڭ سىغىمچانلىغى 2×230 كىلوۋات. تاشيولنىڭ دەريادىن ئۆتۈدىغان يېرىگە 1977 - يىلى قاتناش نازارىتىنىڭ "308" كۆۋرۈك سىلىش ئەتىرىدى بىر دانە سىمونت كۆۋرۈك سالدى. مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ 100 مېتىر ئاياغ تەرىپىگە 1964 - يىلى سىمونتتىن ياسالغان بىر دانە باش زاكو (چىرا يېزا ئوق ئۆستەڭ باش زاكوسى) سېلىنغان. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چىرا دەرياسىنىڭ مۇشۇ جايدىن 4 كىلومېتىر تۆۋەنكى جايلىرى بىرقانچە تارماقىقا بولۇنۇپ ئاققان بولۇپ، هازىر بۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىلانلىق

هالدا ئۆستەڭلەر ئىلىندى. كونا دەريانىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى كۆرگىلى بولغانىنىڭ سىرتىدا، چىرا دەرياسى — چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى ئىلىنىشتىن ئىلگىرى جەنۇپتىن تۈۋەنگە قاراپ ئېقىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربى تەرىپى ئارقىلىق توپا كەنتىگە قۇيۇلۇلاتتى.

# نۇرى دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

نۇرى دەرياسى ناھىيىمىزدىكى سۇ مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان دەريا بولۇپ، ناھىيىمىزنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى كوئىنلۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۇ دەريا ئىقىمىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 400 مېتىردىن يۇقىرى بولغان تاغلىق قىسمى تار ۋە چوڭقۇر. دەريانىڭ كەڭلىگى 200 ــ 300 مېتىردىن 1 كىلومېتىرغا قەدەر كېلىدۇ. دەريا قانىلىنىڭ چوڭقۇرلىغى 40 ــ 50 مېتىردىن 100 مېتىرغا قەدەر كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىچىدە قورام تاشلار كۆپ، يانتۇلىغى چوڭ، جىددى ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. بۇ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلىغى 37 كىلومېتىر كېلىدۇ.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2400 مېتىر كېلىدىغان دەريا ئىقىمى يەنە تاغ ئېغىزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ شەكلى تامامەن بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. دەريا قانىلى بىراقىلا كېڭىيىدۇ. دەريانىڭ چوڭقۇرلىغى 3 ــ 5 مېتىرغا قەدەر پەسلەيدۇ. بەزى جايلاردا دەريا قانىلىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. كەلكۈن سۈيى تاشلىقتا يېيىلىپ ئېقىپ، تېزلىكتە سىڭىپ كېتىدۇ. جەڭگىۋار ئۆستەڭنىڭ 8 ـ زاكۇسى نۇرى دەرياسىنىڭ تۆگەش قىسمى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق 58 كىلومېتىر (بۇ يەرنىڭ ئورنىنى جەڭگىۋار ئۆستەڭ ئالغان) كېلىدۇ. نۇرى دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىدە سايباغ دەرياسى، غەربى تەرىپىدە ئۇلۇغساي دەرياسى بار.

نۇرى دەرياسىنىڭ سۈيىغىلىدىغان كۆلىمى 20 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. لېكىن يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 172 مىليون 300 مىڭ كۇپمېتىرغا يېتىدۇ. نۇرى سۇ ئۆلچەش پونكىتىنىڭ 21 يىللىق ئەمىلى ئۆلچىگەن ماتىرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى مۇنداق:

| | |
|---|---|
| 1 ـ ئايدىكى | 0.62 (سىكۇنت كۇپمېتىر) |
| 2 ـ ئايدىكى | 0.75 |
| 3 ـ ئايدىكى | 0.25 |
| 4 ـ ئايدىكى | 1.54 |
| 5 ـ ئايدىكى | 3.91 |
| 6 ـ ئايدىكى | 11.5 |
| 7 ـ ئايدىكى | 19.3 |
| 8 ـ ئايدىكى | 18.6 |
| 9 ـ ئايدىكى | 4.10 |
| 10 ـ ئايدىكى | 1.13 |
| 11 ـ ئايدىكى | 0.83 |

12 ـ ئايدىكى 0.86

كەلكۈن مەزگىلى بىلەن سۇ ئازايغان مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق ئىنتايىن چوڭ، 6 — 7 — 8 ـ ئايدىكى 3 ئايلىق كەلكۈن سۈيى مىقدارى پۈتۈن يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارىنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ.

بۇ دەريانىڭ مۇز تۇتۇش مەزگىلى چىرا دەرياسى بىلەن ئوخشايدۇ. يەنە ھەر يىلى 11 ـ ئاي ئاخىرىسىدىن ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مۇز تۇتىدۇ.

نۇرى دەرياسىنىڭ سۈيىنى يۇقىرى ئېقىمدا دومسۇن كەنتىسىنىڭ 1000 مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغۇرۇشقا ئىشلەتكەنلىكى سىرتىدا، باشقا سۇغۇرۇدىغان يەر يوق. دەريا تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن نۇرى يېزىسىنىڭ بىر باشقۇرۇش رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇننىڭ 25 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى مۇشۇ دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. يەنە يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىدىن پايدىلىنىلىدۇ. ئىلگىرى نۇرى دەرياسىنىڭ كۆپ قىسىم سۈيى چۆلدە سىڭىپ تۈگەيتتى. ھەر يىلى پەقەت بىرقانچە قېتىملا چوڭ كەلكۈن كىلەتتى. ئومۇمى مىقدارى 2 مىليون كۇبمېتىردىن ئاشسا ئاندىن دامكۇ، گۇلاخما سۇغۇرۇش رايونلىرىغا يېتىپ كىلەتتى. جەڭگىۋار ئۆستەڭنىڭ تەدرىجى ئۇزۇرۇشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ 1977 ـ يىلى ئۆستەڭ 8 ـ زاكوۇغا قەدەر تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن دامكۇ، گۇلاخما سۇغۇرۇش رايونىغا يېتىپ كىلىدىغان سۇ مىقدارى 30 مىليون كۇبمېتىرغا يېقىنلاشتى.

# تەبئى جۇغراپىيەلىك جىسىملارنىڭ ئۆلچەملىك نامى

**ئۇقۇلۇق دۆڭ تاغ**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ سىرتىقى كۆرۈنۈشى ئۇقۇ (ئۇلاق)قا ئوخشىغانلىقىدىن، ئۇيغۇرچە ئۇقۇلۇق دۆڭ تاغ دەپ ئاتالغان. مەنىسى "ئۇقۇ" دېگەن بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىغى 12 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىغى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 3546 مېتىر، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 2000 تۇياق. تاغدا بىر چىغىر يول بولۇپ ئاقچىغ ۋە يۇلۇڭ كەنتىگە بارغىلى بولىدۇ.

**يۇغان دۆڭ تاغ**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ گەۋدىسى چوڭ ۋە ئېگىز بولغانلىقتىن، يۇغان دۆڭ تاغ دەپ ئاتالغان. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىغى 20 كىلومېتىر، كەڭلىگى 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 3242 مېتىر، تاغ باغرى يايلاق بولۇپ، چارۋا سىغىمچانلىغى 400 تۇياق. تاغدا بىر چىغىر يول بولۇپ، نۇرى يېزىسى ۋە كېرىيە ناھىيە يولى كەنتىگە ئۆتكىلى بولىدۇ. داۋغان، ئۇلا، تولكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**قاۋان تۇمشۇق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تاغنىڭ سىرتىقى كۆرۈنۈشى قاۋاننىڭ تۇمشۇغىغا ئوخشىغانلىقتىن، قاۋان تۇمشۇق دەپ ئاتالغان. قاۋان (ياۋايى ئەكەك چوشقا)، ئۇزۇنلىغى 3 كىلومېتىر. كەڭلىگى 100 مېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 3582 مېتىر. يايلاق چارۋا سىغىمچانلىغى 600 تۇياق. جەگرەن، تولكە، ئۇلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بىر چىغىر يول بولۇپ، بادىغان، ئاقچىغ كەنتىگە ئۆتكىلى بولىدۇ. بۇ تاغدا ئالتۇن كان بار.

**ئۇلاچى تىغى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇ تاغدا ھەمىشە ئۇلا ئاتىدىغان ئوۋچىلار بولغانلىقىدىن ئۇلاچى تاغ دەپ ئاتالغان. غەربى ئاقساي دەرياسى، شەرقى خوراز پىچقان دەرياسى، جەنۇبى كوئىنلۇن تىغى بىلەن تۇتۇشىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان، ئۇزۇنلىغى 10 كىلومېتىر، كەڭلىگى 7 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 4800 مېتىر، تاغ باغرى يايلاق بولۇپ، چارۋا سىغىمچانلىغى 600 تۇياق. تاغدا ئاز مىقداردا ئالتۇن بار.

**قايىنانىڭ قىڭى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان، توز لىنىيە ئارلىغى 58.7 كىلو

مېتىر. بۇ تاغنىڭ ئورنى قايىنانىڭ قىڭىدىكى جىلغىسىنىڭ يېنىدا بولغانلىقتىن، قايىنانىڭ قېڭى دەپ ئاتالغان. مۇز تاغ بولۇپ، ئۇزۇنلىغى 4 كىلومېتىر، كەڭلىگى 1.5 كىلومېتىر كىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 5152 مېتىر، بۆرە، تۈلكە، قاتارلىق ياۋايى ھايۋاتلار، سىرىغ، چىغ قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بار.

## مۇز تاغ

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 6638 مېتىر. بۇ تاغنى يىل بويى مۇز بارخانلىرى قاپلاپ تۇرغاچقا، مۇز تاغ دەپ ئاتالغان.

## تىكىلىك تىغى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشغان. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 4203 مېتىر. بۇ تاغدا ياۋايى جەگرەن كۆپ بولغانلىقتىن، تىكىلىك تاغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ تاغدا خوتەنگە ئۆتىدىغان بىر چىغىر يول بار.

## يامۇن تىغى

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن بىرقانچە 100 يىل ئىلگىرى مۇڭغۇللار بىلەن يەرلىك خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرگە ئالغان ئادەملەرنى مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈرگە سولاپتۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ تاغنىڭ نامى يامۇن تاغ دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. جەنۇبى كوئېنلۇن تېغى بىلەن، غەربى قىزىلسۇ دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا يۆلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇنلىغى 8 كىلومېتىر، كەڭلىگى 3 كىلومېتىر، كىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 3676 مېتىر، چىغ قاتارلىق ھەر خىل-ئوت چۆپلەر ئۆسىدۇ. داۋغان، تۈلكە، جەگرەن، ئۆلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ تاغدا مىس ۋە تۆمۈر رودا زاپىسى بولۇپ، تۆمۈر روداسى 1958-يىلىدىن باشلاپ ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا. (يامۇن كانىنىڭ ئەھۋالى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن)

## پاكار تاغ

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ غەربى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولغانلىقتىن، پاكار تاغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىغى 2 كىلومېتىر، كەڭلىگى 1.5 كىلومېتىر كىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 3240 كىلومېتىر، چىغ ۋە باشقا ئوت-چۆپلەر ئۆسىدۇ. قىشلىق يايلاق بولۇپ، چارۋا سىغىمچانلىغى 250 تۇياق، جەگرەن، ئۆلا، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

## ياقاباغ تىغى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغ كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ياقىسىدىكى تاغ بولغانلىقتىن، ياقا باغ تاغ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇزۇنلىغى 7 كىلومېتىر، كەڭلىگى 4 كىلومېتىر. دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 5004 مېتىر، تاغنىڭ ئۈستى تاشلىق.

## بۇلاق تىكە كۆل تىغى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغدا تىكە ۋە بۇلاق سۈيى بولغانلىقتىن، بۇلاق تىكە كۆلى دەپ ئاتالغان. تۆت تەرىپى 36 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4881 مېتىر.

**جەنداۋپىلىڭ چوققىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. خەرىتىگە ئاساسلانغاندا بۇ تاغ چوققىسى پىچاقنىڭ بىسىغا ئوخشىغانلىقتىن، جەنداۋپىلىڭ چوققىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5728.4 مېتىر، خەنزۇچە سۆز بولۇپ "پىچاقنىڭ بىسى" دىگەن مەنىدە.

**تاشچۇشكەك چوققا**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغ چوققىسىدىن دائىم تاش سىرىلىپ چۈشۈپ تۇرغاچقا، تاش چۈشكەك دەپ ئاتالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4714 مېتىر. تاشلىق تاغ.

**قوچقار بويناق داۋان**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ ئېغىزى قوچقارنىڭ بوينىغا ئوخشىغانلىقتىن، قوچقار بويناق داۋان دەپ ئاتالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3123 مېتىر. مۇشۇ تاغنىڭ ئېغىزىدىن بۇ يانپىشىگىچە تۇتۇشۇدىغان بىر تاغ يولى بولۇپ، ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ.

**ئېگەن بويناق داۋان**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئورنى چىرا بىلەن خوتەننىڭ چېگرىسىدا. رىۋايەت قىلىنىشچە: ئىلگىرىكى زاماندا ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا كەلگەن ئابدۇللا خانلىق دىگەن كىشى مۇشۇ جايدا ئېگىنىنى يەڭگۈشلەپتۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ جاينىڭ نامى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېگىن بويناق داۋان دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3890 مېتىر، تاغ ئۈستى قىشلىق يايلاق.

**شۇۋاڭيالىڭ داۋان**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5004 مېتىر، بۇ تاغ ئېغىزىدىن كېرىيە ناھىيىسىگە ئۆتۈدىغان بىر يول بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋانلا ماڭالايدۇ. بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**قاراقۇم داۋان**

بوستا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ تاغنىڭ ئېغىزىدىكى تۇپىنىڭ رەڭگى قارا بولغاچقا، قارا قۇم داۋان دەپ ئاتىلىپ قالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5099 مېتىر. 2 دانە چىغىر يول بولۇپ كېرىيە ناھىيىسى زەيلىك دەرياسىدىكى ئالتۇن كانىغا بارغىلى بولىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلار ئۆتەلەيدۇ.

**چۆرۈل ئۆڭكۈر**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا، يۇلۇڭ كەنتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ جاي

قاتتىق سوغاق بولۇپ، چارۋىچىلار قويلارنى ئۆڭكۈرگە سولاپ سوغاقتىن ساقلايدۇ، ھەمدە چارۋىچىلار پۇتىغا چورۇق كىيىدۇ. شۇڭغا ئاساسەن بۇ جاي چۆرۈل ئۆڭكۈر دەپ ئاتالغان. تاغنىڭ باغرىدا قاتار كەتكەن 4 دانە ئۆڭكۈر بار. چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 25 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆڭكۈرگە 1000 تۇياقتىن ئارتۇق قوي سىغىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا بىر دانە چىغىر يول بولۇپ ئادەم ۋە ھايۋانلار ماڭالايدۇ.

**ئىلەك بويى**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ جىلغا ساي ئېرىق جىلغىنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىغا جايلاشقان. ھەمدە سۇ ياپچىپ بىر جىلغا ھاسىل بولغان، شۇڭغا ئاساسەن ئىلەك بويى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 30 ـ 50 مېتىر كېلىدۇ.

**گۈلاخمايا**

گۈلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يا گۈلاخما يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىقتىن، گۈلاخمايا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر. كەڭلىكى 60 مېتىر، يانىڭ ئىچىدە 100 دىن ئارتۇق كىچىك بۇلاقلار بار. يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2000 تۇياق، قومۇش ئۆسىدۇ. يىللىق سۇ ئېقىم مىقدارى 24 مىڭ 400 كوپمېتىر، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 2000 مو.

**قارا سۇ ئېقىن**

گۈلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان جىلغا (ئېقىن) بولغانلىقتىن، قارا سۇ ئېقىن دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرچە "بۇلاق سۈيى دېگەن مەنىدە. ئۇزۇنلۇقى 10.9 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر. سۇ ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر/سېكۇنت جىلغىنىڭ بويلىرىدا قومۇش، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. ئېقىننىڭ ئىچىدە يېكەن، چىم ئۆسىدۇ. ئاز مىقداردا بېلىق بار.

**سىزما ئېقىن**

گۈلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان جىلغا (ئېقىن) بولغانلىقتىن، سىزما ئېقىن دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە "يەر ئاستىدىن سىزىپ چىققان سۇ" دېگەن مەنىدە. ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر. كەڭلىكى 45 مېتىر، ئېقىن بويىدا بۇلاق بىرقەدەر كۆپ. سۇ مىقدارى 1 كوپمېتىر/سېكۇنت، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 1000 مو، قومۇش، يۇلغۇن ئۆسىدۇ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**دامكۇيا**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. دامكۇ يېزىسى تەۋەلىكىدىكى بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان جىلغا بولغانلىقتىن، دامكۇيا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، كەڭلىكى 150 مېتىر. 20 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بۇلاق بار. سۇ مىقدارى 0.25 كوپمېتىر/سېكۇنت. يانىڭ ئىچىدە چىگىلدىك يا سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 1500 مو، توغراق، يۇلغۇن، قومۇش، يېكەن، قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ياۋا ئۆدەك ۋە ئاز ساندا

بىلىق بار.

**پۇناق يا**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ يانىڭ سۈيىدىن پۇناق كەنتىسى مەنپەتلەنگەچكە، پۇناق يا دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە "چۇناق" دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئۇزۇنلىغى 23 كىلومېتىر. كەڭلىگى 150 مېتىر. سۇ ئېقىم مىقدارى 0.75 كوپمېتىر/سېكونت. يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليون 600 مىڭ كوپمېتىر. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 25 مىڭ مو. يۇلغۇن. يېكەن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋا ئۆدەك، ئاز ساندا بېلىق بار. يانىڭ ئاياغ ئېقىمىدا سۇ ئامبىرى بار.

**دامكۇ ئېقىن**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ، ئېقىن دامكۇ يېزىسىنىڭ تەۋەلىگىدە بولغانلىقتىن، دامكۇ ئېقىن دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، ئۇزۇنلىغى 23 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 150 مېتىر. بۇلاق سۈيى جىلغىسى بولۇپ، 40 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بۇلاق بار. سۇ ئېقىم مىقدارى 0.775 كوپمېتىر. يىللىق ئېقىم مىقدارى 430 مىڭ كوپمېتىر، سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 50 مىڭ مو، يۇلغۇن، قومۇش، چىم، توغىراق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

**يىلۋە ئېقىن**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ كىچىك تار جىلغا بولغانلىقتىن، يىلۋە ئېقىن دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە سۆز، ئۇزۇنلىغى 17 كىلومېتىر، كەڭلىگى 50 مېتىر. پەسىل خاراكتېرلىك كەلكۈن جىلغىسى. ياز پەسلىدىكى سۇ مىقدارى 37 كوپمېتىر/سېكونتقا قايتىدۇ.

**تۇز ئېقىن**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ ئېقىن تۇز (رۇس) بولغانلىقتىن تۇز ئېقىن دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 17 كىلومېتىر، كەڭلىگى 2.5 مېتىر. پەسىل خاراكتېرلىك كەلكۈن جىلغىسى.

**ئاناسباي جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇرۇنقى زاماندا ئاناسباي ئىسىملىك بىر كىشى مۇشۇ جايدا مال باققانلىقتىن، ئاناسباي جىلغىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان. سىرىغ ياپچان، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ئۇزۇنلىغى 26 كىلومېتىر.

**قوۋان جىلغا**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، رىۋايەت قىلىنىشچە، قوۋان ئىسىملىك بىر كىشى تۇنجى قېتىم بۇ جىلغىغا كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى قوۋان جىلغىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇزۇنلىغى 6 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 20 مېتىر كېلىدۇ. جىلغىنىڭ ئىچىدە يانتاق، چىغان ۋە باشقا ئوت چۆپلەر ئۆسىدۇ.

**ساسكام ئېغىزى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىنىڭ ئورنى ساسكامدا بولغانلىقتىن، ساسكام ئېغىزى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىقى 12 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 1 مېتىر، سىرىغ، ياپچان، قاتارلىق ئۇسۇملۇكلەر ئۇسىدۇ. چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**مونجاقلىق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3388 مېتىر. ئۇزۇنلىقى 6 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2 مېتىر، يايلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 1000 تۇياق. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**بۇقا جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىدا ئەزەلدىن بۇقا بېقىلىپ كەلگەچكە، بۇقا جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىقى 6 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2 مېتىر بولۇپ چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**ئۇزۇن قوزا جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغا بىرقەدەر ئۇزۇن ھەم تەسكەي جايلىرى بولغانلىقتىن، ئۇزۇن قوزا جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىقى 6 كىلومېتىر. چىغ، ياپچان، قاتارلىق ئۇسۇملۇكلەر بار بولۇپ چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**چىمەن قول جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىنىڭ تۈزلۈكى قولغا ئوخشاش بولۇپ، بۆك-باراقسان ئوت چۆپلەر ئۆسكەچكە، چىمەن قول جىلغىسى دەپ ئاتالغان، ئۇزۇنلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3638 مېتىر. چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**چومچۇق ئاغىزى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىدا چومچۇق (تاغ قاغىسى) كۆپ بولغانلىقتىن، چومچۇق ئاغىزى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىقى 4 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3638 مېتىر، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**كىگەز جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن بۇ جىلغىنىڭ ئوت چۆپلىرى ياخشى بولمىغاچقا، چارۋىچىلار يايلاقنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا كىگەش قىپتۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جايىنىڭ نامى كېگەش جىلغا دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ، كېيىن كىگەزگە ئۆزگەرگەن ئىكەن. ئۇزۇنلىقى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇيى يوق، چىغ-كومۇش يۇپۇرماقلىق ئۇسۇملۇكلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**توختى چوق جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن توختى چوق دىگەن بىر كىشى مال باققانلىقتىن، توختى چوق جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىقى 3 كىلومېتىر. چىغ، سىرىق قاتارلىق ئۇسۇملۇكلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**سالمان جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىدا سالما كۆپ بولغاندىلىقتىن سالمان جىلغىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئۇزۇنلىغى 5 كىلومېتىر. چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**بار ئېغىلنىڭ ئىلەك**

يېزا تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىدا ئېغىل بولغانلىقتىن، بار ئېغىلنىڭ ئىلەك دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 6 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 3.5 مېتىر. پەسىل خارەكتېرلىك كەلكۈن جىلغىسى، ئېقىم مىقدارى 0.25 كوپمېتىر/سىكۇنت.

**قاينانىڭ تۆرى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ گەنجىساي دەرياسىنىڭ باشلىنىدىغان يېرى، مۇز تاغنىڭ تۆرى بولغانلىقتىن، قاينانىڭ تۆرى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 5 كىلومىتىر. كەڭلىگى 0.4 كىلومېتىر. جەگرەن، تۈلكە، داۋغان، قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. سېرىغ چىغ، قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**ئاچچىق سۇ جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىنىڭ سۈيى ئاچچىق بولغانلىقتىن ئاچچىق سۇ جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 3 كىلومېتىر. كەڭلىگى 2 مېتىر. سۈيى يوق. سېرىغ،چىغ كۆمۈش باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**سەل جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. يامغۇر ياققاندا جىلغىغا سۇكەلگەچكە سەل جىلغىسى دەپ ئاتالغان.ئۇيغۇرچە "يامغۇر سۈيى" دىگەن مەنىدە. ئۇزۇنلىغى 2 كىلومېتىر، كەڭلىگى 6 مېتىر. يامغۇر ياققاندا سۇ كىلىدۇ، جىلغىنىڭ ئىچىدىن ئاپتوموبىل ماڭالايدۇ.

**ئاقيەر جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. جىلغىنىڭ ئىچى بىر تۈز ئاق يەر بولغاچقا، ئاقيەر جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 5 كىلومېتىر، كەڭلىگى 20 مېتىر. يامغۇر ياققاندا سۇ كىلىدۇ. چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**كۆكيوت جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. جىلغىنىڭ ئوت-چۆپلىرى يېشىل باراقسان ئۆسكەچكە، كۆكيوت جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 3 كىلومېتىر كىلىدۇ. چىغ، سىرىق قاتارلىق ئوت چۆپلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

**قۇدۇق تۈز**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىدا بىر دانە قۇدۇق بولغاچقا، قۇدۇق تۈز دەپ ئاتالغان. لوپ ناھىيىسىگە تەۋە قىشلىق يايلاق. ئۇزۇنلىغى كىلومېتىر. كەڭلىگى مېتىر. چارۋا سىغىمچانلىغى 1200 تۇياق.

**تۈگە تاش جىلغىسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىدا بىر يوغان تاش بولۇپ، شەكلى تۆگىگە ئوخشىغانلىقتىن، تۆگە تاش جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر. سىرىق چىغ، قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

## كۆكيوت جىلغىسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغىدىكى ئوت چۆپلەر يېشىل، باراقسان ئۆسكەنلىكتىن، كۆكيوت جىلغىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر، چىغ، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ.

## قۇرۇق جىلغا

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ، سۈيى يوق جىلغا بولغانلىقتىن، قۇرۇق جىلغا دەپ ئاتالغان. لوپ ناھىيىسىگە تەۋە. يازلىق يايلاق، چارۋا سىغىمچانلىقى 1350 تۇياق.

## رىنزىنگۇ جىلغىسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. جىلغىنىڭ تۇزۇلۇشى ئادەمگە ئوخشىغانلىقتىن، رىنزىنگو جىلغىسى دەپ ئاتالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىر.

## قاچقۇنچى ساي

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 2 نەپەر ئەسكەر باشلىقى ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، مۇشۇ جىلغا بىلەن شىزاڭغا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايىنىڭ نامى قاچقۇنچى ساي دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر، تېرىلغۇ يەر كولىمى 30 مو، ئارپا تېرىلىدۇ.

## ئۇزۇن قول

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جىلغا ئۇزۇنچاق بولغاچقا، ئۇزۇن قول جىلغىسى دەپ ئاتالغان.

## چىرا دەرياسى

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

## ئۇلۇغساي دەرياسى

ئۇلۇغساي يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. كەلكۈن مەزگىلىدە سۈيى كۆپ بولۇپ، بىر چوڭ سايىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، ئۇلۇغساي دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 76 كىلومېتىر. كەڭلىكى 400 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ مىقدارى 50 كوپمېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. ئاقچىغ، بادىغان، كۆكقىر كەنتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دامكو يېزىسىغا قۇيۇلىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 7000 مودىن ئارتۇق.

## چاقا دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. بۇ دەريا چاقا يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا، چاقا دەرياسى دەپ ئاتالغان. دائىمى يىللىق دەريا بولۇپ، كۇئېنلۇن

تىغىدىكى قار مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن. ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 67 كىلومېتىر. كەڭلىگى 300 ــ 1500 مېتىرگە قەدەر كېلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ مىقدارى 50 كوپمېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. گەنجىساي، ئامبار، ئەندىر، تەتۇر، چاقا، لەڭگۇي، چۆرۈش قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 20 مىڭ مو، ئاخىرى يېڭى يازاكۇ ئارقىلىق كۆلاخماغا قۇيىلىدۇ.

## ئۇتتۇرا قىر دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا ئىككى تاغ (قىر)نىڭ ئارلىغىغا جايلاشقانلىقتىن، ئوتتۇرا قىر دەرياسى دەپ ئاتالغان. تىكىلىك تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 17.5 كىلومېتىر. كەڭلىگى 10 مېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇ مىقدارى 0.8 كوپمېتىر/سېكۇنتقايېتىدۇ. لوپنىڭ باش ئوتتۇرا قىردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، چىرا يېزىسىنىڭ شىمالدىكى قۇملۇققا قۇيىلىدۇ.

## يۇلۇڭ دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىل خارەكتىرلىك دەريا. بۇ، دەريا يۇلۇڭ كەنتىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، يۇلۇڭ دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 36 كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە كەڭلىگى 10 مېتىر كېلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.75 كوپمېتىر/سېكۇنت، يۇلۇڭ، كۆكقىر ئارقىلىق ئۇلۇغساي دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 1266 مو.

## ئۇتانلىق دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ دەريا ئۇتانلىق كەنتىسىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، ئۇتانلىق دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 31 كىلومېتىر. كەڭلىگى 30 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلدىكى ئېقىم مىقدارى 0.76 كوپ-مېتىر/سېكۇنت، يۇرۇڭقىر، ئۇتانلىق، كۆكقىر قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 500 مو، يۇلچۇن دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

## يۇرۇڭقىر دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ دەريا يۇرۇڭقىر كەنتىسىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، يۇرۇڭقىر دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 35 كىلومېتىر. كەڭلىگى 50 مېتىر. پەسىل خارەكتىرلىك دەريا، كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 2.5 كوپمېتىر/سېكۇنت، يۇرۇڭقىر، كۆكقىر قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغساي دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 1700 مو.

## ياغ بەردى دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ دەريا ياغ بەردى يايلىغىدىن باشلانغاچقا، ياغ بەردى دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 18.5 كىلومېتىر. كەڭلىگى 5 مېتىر. يامغۇر سۈيى كېلىدۇ. چىرا دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

## ھالپىلۇڭ دەرياسى

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تىكلىك تىغىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلىغى 13 كىلومېتىر. كەڭلىگى 4 مېتىر. ئىنىلىك كەنتىسى ئارقىلىق چىرا دەرياسىغا قۇيىلىدۇ، يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**ئوتتۇرا قىر دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا. بۇ دەريا ئىككى تاغ (قىر) نىڭ ئارلىغىغا جايلاشقانلىقتىن، ئوتتۇرا قىر دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئېنلۇن تىغىنىڭ شىمالىدىكى تۇغ تاشتى كۆلدىن باشلىنىپ، سىرىق بۇلۇڭ دەرياسىغا قۇيىلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 26 كىلومېتىر. كەڭلىگى 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 2.2 كوپمېتىر/سىكۇنت، سۇ ئاز مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.5 كوپمېتىر/سىكۇنت.

**لاۋاس دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر قېتىم كەلكۈن بالاسى يۈز بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئېغىل - قوتان، ئۆي ۋارانلىرى مال مۈلۈكلىرىنى كەلكۈن سۇيى ئېقىتىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەريانىڭ نامى لاي باستى دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، كېيىن لاۋاس دەپ ئۆزگەرگەن ئىكەن. ئۇزۇنلىغى 28 كىلومېتىر، كەڭلىگى 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 12 كوپمېتىر/سىكۇنت، تىكلىك تىغىدىن باشلىنىدۇ. ئىنىلىك ئارقىلىق چىرا دەرياسىغا قۇيۇلۇدۇ.

**گەنجساي دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا گەنجساي كەنتىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، گەنجساي دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئېنلۇن تىغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 33 كىلومېتىر، كەڭلىگى 800 مېتىر كېلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 50 كوپمېتىر/سىكۇنت، گەنجساي، ئامبار، ئەندىر قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۇدۇ. سۇغۇرۇلۇدىغان كۆلەم 19100 مو، سەكرەپ ئېلگىرلەش سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلۇدۇ.

**چۆرە دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاينىڭ ئوت — سۇيى ياخشى بولغانلىقتىن، مەخسۇس ئاجىز ئۇرۇق چارۋىلار بېقىلغان ئىكەن. چۆرە ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ شۇنىڭغا ئاسان چۆرە دەرياسى دەپ ئاتىلىپ قالغان، بۇ دەريا كوئېنلۇن تىغىدىكى مۇزلۇقتىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 25.5 كىلومېتىر، كەڭلىگى 16 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 8 كوپمېتىر/سىكۇنت. ئاخىرى قارا تاش دەرياسىغا قۇيۇلۇدۇ.

**چوكا دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ دەريا چوكا كەنتىسىنى كېسىپ ئۆتكەچكە چوكا دەرياسى دەپ ئاتالغان. تىكلىك تىغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، چىرا دەرياسىغا قۇيۇلۇدۇ. دائىمى يىللىق دەريا. ئۇزۇنلىغى 25.5 كىلومېتىر، كەڭلىگى 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگە-

لىدىكى ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر/سىكۇنت.

**سىرىق بۇلۇڭ دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا تاغ ئېغىزىدىكى سىرىق تاغ جىنسلىرى بار جىلغىدىن باشلانغانلىقتىن، سىرىق بۇلۇڭ دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 17 كىلومېتىر، كەڭلىگى 20 مېتىر. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. باش ئازگال، چۈشقىلىق، لايقا، ئۇقۇ قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلىغى 17 كىلومېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 12 كوپمېتىر/سىكۇنتقا يېتىدۇ. ئاخىرى ئۇقۇدا توختايدۇ.

**قارا تاش دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا. بۇ دەريا قارا تاش كەنتىسىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، قارا تاش دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 17 كىلومېتىر. كەڭلىگى 25 مېتىر كىلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 37.5 كوپمېتىر/سىكۇنت، ئۇقۇ ئارقىلىق سىرىق بۇلۇڭ دەرياسىغا قۇيىلىدۇ.

**قارا قۇزا دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا، بۇ دەريا قارا قۇزىنىڭ ئەتراپىدا بولغاچقا، قارا قۇزا دەرياسى دەپ ئاتالغان. تىكلىك تىغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 10 كىلومېتىر. كەڭلىگى 13 مېتىر كىلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 12 كوپمېتىر/سىكۇنت. چۆل ئارقىلىق چىرا دەرياسىغا قۇيىلىدۇ.

**ئاقسۇ دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريادا كەلكۈن كەلگەندە سۇ ئاققاچقا، ئاقسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. ئاقسۇ ئۇيغۇرچە "كەلكۈن سۇيى" دىگەن مەنىدە. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 18.5 كىلومېتىر. كەڭلىگى 8 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 3.7 كوپمېتىر/سىكۇنت. ئۇلۇق ئاچچىق دەرياسى ۋە چۆرە دەرياسىغا قۇيىلىدۇ.

**ئاچچىق سۇ دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا، بۇ دەريانىڭ سۇيى ئاچچىق بولغانلىقتىن ئاچچىق سۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. تىكلىك تىغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، لاۋاس دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 6.5 كىلومېتىر.

**ئۇلۇغ ئاچچىق دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا كىچىك، سۇيى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن، ئۇلۇغ ئاچچىق دەرياسى دەپ ئاتالغان، قۇرۇق ساي ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 7 كىلومېتىر، كەڭلىگى 2 مېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.75

كوپمېتىر/سىكۇنت. قارا تاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**كىچىك ئاچچىق دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا، دەريا كىچىك، سۈيى ئاچچىق بولغانلىقتىن، كىچىك ئاچچىق دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، قارا تاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 6 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر/سىكۇنت. سۈيى ئاچچىق.

**چىچەكلىك دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. دەريانىڭ بويلىرىدا ھەر خىل ياۋايى ئوت-چۆپلەر بولۇپ، ھەر خىل رەڭدە چىچەكلىگەچكە، چىچەكلىك دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر/سىكۇنت. باش ئازگالدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، سىرىق بولۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**تامچى دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. تاغنىڭ ئۈستىدىن دەرياغا سۇ تامچىلاپ چۈشۈپ تۇرغاچقا، تامچى دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2 مېتىر. باش ئازگالدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، سىرىق بولۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 1 كوپمېتىر/سىكۇنت.

**ئېيغىلىق دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئىلگىرى بۇ دەريانىڭ ئەتراپلىرىدا ئېيىق ئۇچۇرتۇلغاچقا، ئېيغىلىق دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 2 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.75 كوپمېتىر/سىكۇنت سىرىق بولۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئاچچىق بۇلاق دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. دائىمىي يىللىق دەريا. بۇ دەريانىڭ سۈيى بۇلاقتىن چىققان ئاچچىق سۇ بولغاچقا، ئاچچىق بۇلاق دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۇئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىپ، قارا تاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر. ئېقىم مىقدارى 0.12 كوپمېتىر/سىكۇنت.

**لالۇڭ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. كۇئېنلۇن تېغىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ، نۇرى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر. كەڭلىكى 5.2 مېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 2.5 كوپمېتىر/سىكۇنت. سۇ ئاز مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.25 كوپمېتىر/سىكۇنت. تىل ئايرىمىسى كىلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق

ئەمەس.

**بۇزاڭ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا بۇزاڭ كەنتىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، بۇزاڭ دەرىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى 52.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 8 ـ 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 5 كۇپمېتىر/سېكۇنت. سۇ ئاز مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.25 كۇپمېتىر/سېكۇنت. چۆل ئارقىلىق دامكۇ يېزىسىغا قۇيۇلىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 800 مو.

**نۇرى دەرياسى**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قاراڭ.

**سايباغ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ دەريا سايباغ كەنتىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، سايباغ دەرياسى دەپ ئاتالغان. يامۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى 22 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 50 كۇپمېتىر/سېكۇنت، سۇ ئازايغان مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.25 كۇپمېتىر/سېكۇنت. چاتاش، رىزەك، سايباغ بېشى، چۆگكۆل بېشى، ياچى، قاشيەر، سۈيلى لەڭگەر قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 15785 مو، بۇزاڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**خانيۇت دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا خانيۇت يايلىقىنى كېسىپ ئۆتكەچكە، خانيۇت دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى 21 كىلومېتىر. كەڭلىكى 50 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 25 كۇپمېتىر/سېكۇنت. دالۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئۇشكۇلۇڭ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى 19 كىلومېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.125 كۇپمېتىر/سېكۇنت. يازلىق ئېغىل ئارقىلىق نۇرى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. تىل ئايرىمىسى، كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**قىزىلسۇ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريانىڭ سۈيىنىڭ رەڭگى قىزىل بولغاچقا، قىزىلسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئېنلۇن تېغىدىكى مۇز چوققىلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىقى 14 كىلومېتىر، كەڭلىكى 13 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 25 كۇپمېتىر/سېكۇنت، سۇ ئازايغان مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 1.5 كۇپمېتىر/سېكۇنت. دالۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**دالۇڭ دەرياسى**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا، كوئىنلۇن تىغىدىكى مۇز چۇققىلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 11.3 كىلومېتىر. كەڭلىگى 15 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 100 كۇپمېتىر/سىكۇنت. نۇرى دەرياسىغا قويۇلىدۇ. تىل ئايرىمىسى، كىلىش تارىخى ئېنىق ئەمەس.

**كۇتەل دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن باشلانغانلىقتىن، كۇتەل دەرياسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 11 كىلومېتىر. كەڭلىگى 15 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 2.15 كۇپمېتىر/سىكۇنت. ياچى، چاتاش، سۇيلى لەڭگەر قاتارلىق جايلار ئارقىلىق سايباغ دەرياسىغا قويۇلىدۇ.

**سېرىقسۇ دەرياسى**

نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا، ياچى كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا، بۇ دەريانىڭ سۈيى سېرىق رەڭدە بولغاچقا، سېرىقسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 16 كىلومېتىر، كەڭلىگى 15 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 5 كۇپمېتىر/سىكۇنت. چاتاش، سايباغ بېشى، قاتارلىق جايلار ئارقىلىق سايباغ دەرياسىغا قويۇلىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 10 مىڭ مودىن ئارتۇق.

**كۇراپ دەرياسى**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا. كوئىنلۇن تىغىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 35 كىلومېتىر، كەڭلىگى 40 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 25 كۇپمېتىر/سىكۇنت، سۇ ئازايغان مەزگىلدىكى ئېقىم مىقدارى 12 كۇپمېتىر/سىكۇنت تۇمۇر كۆل، قازان كۆلدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. تىل ئايرىمىسى، كىلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس، كېرىيە دەرياسىغا قويۇلىدۇ. دەريادا ئالتۇن كان بار.

**قارا سۇ دەرياسى**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا، بۇ دەريانىڭ سۈيى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك بولغاچقا، قارا سۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىكى ئازغان كۆلدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 54 كىلومېتىر، كەڭلىگى 5 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 8 كۇپمېتىر/سىكۇنت. سۇ ئازايغان مەزگىلدىكى ئېقىم مىقدارى 0.25 كۇپمېتىر/سىكۇنت، باش قارا سۇ، ئاراساي، سايباغ يولى قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 1600 مو، دامكۇ بۇلاق بېشىغا بارىدۇ.

**ئاقساي دەرياسى**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ دەريانىڭ سۈيى چۆلگە سىڭىپ، ئاق توپىسى كۆرۈنۈپ قالغاچقا، ئاقساي دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىپ، 3 دانە نامسىز دەريانىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇزۇنلىغى 40

كىلومىتىر، كەڭلىگى 100 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 150 كۇپمېتىر/سېكۇنت، سۇ ئازايغان مەزگىلدىكى ئېقىم مىقدارى 0.25 كۇپمېتىر/سېكۇنت. ئاقتۇز، ئاچما، بەيرۇۋىن قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بۇزاڭ دەرياسىغا قۇيىلىدۇ.

## قاچقۇنچى دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا قاچقۇنچى جىلغىسىنىڭ ئەتراپىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، قاچقۇنچى دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۈئىنلۈن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 27 كىلومېتىر. كەڭلىگى 7 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 1.25 كۇپمېتىر/سېكۇنت. مو، قارا سۇ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.

## چوڭساي دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا. بۇ دەريا چوڭ بىر ساينى كېسىپ ئۆتكەچكە، چوڭساي دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۈئىنلۈن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 11.5 كىلومېتىر، كەڭلىگى 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 100 كۇپمېتىر/سېكۇنت. سۇ ئازايغان مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 0.75 كۇپمېتىر/سېكۇنت. كونا ئېغىل ئارقىلىق ئاقساي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

## ئارا ماڭلاي دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريا ئىككى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، ئاراماڭلاي دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۈئىنلۈن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 4.5 كىلومېتىر، كەڭلىگى 4 مېتىر. يامغۇر ياققاندا سۇ مىقدارى 0.3 كۇپمېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. قاچقۇنچى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

## گۈللۈك دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا باشلىنىدىغان بەردە گۈلى خىلمۇ خىل ئېچىلىدىغان ئوت چۆپلەر بولغاچقا، گۈللۈك دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۈئىنلۈن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 7.3 كىلومېتىر، كەڭلىگى 10 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 5 كۇپمېتىر/سېكۇنت، سۇ ئازايغان مەزگىلىدىكى ئېقىم مىقدارى 2 كۇپمېتىر/سېكۇنت، ئارالىقتىن ئېقىپ ئۆتۈپ، كوراپ دەرياسىغا قۇيىلىدۇ، سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 2000 مو.

## ئاتتۆكە دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. بۇ دەريانىڭ بويلىرىدىكى يايلاقلارنىڭ ئوت-چۆپلىرى ياخشى بولۇپ، ئاتلار ئوتلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئاتتۆگە دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۈئىنلۈن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىپ ئاتتۆكە يايلىغى ئارقىلىق قاچقۇنچى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلىغى 3.5 كىلومېتىر. كەڭلىگى 4 مېتىر. سۇ مىقدارى 1 كۇپمېتىر/سېكۇنت.

## ئارلىق ساي دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. پەسىللىك دەريا. كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالىدىكى مۇز بارخانلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 21 كىلومېتىر. كەڭلىگى 8 مېتىر. يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيىلىدۇ.

## قىزىل ساي دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، دائىمى يىللىق دەريا، بۇ دەريا قىزىل تۇپلۇق ساينى كېسىپ ئۆتكەچكە، قىزىل ساي دەرياسى دەپ ئاتالغان، كوئىنلۇن تىغىنىڭ شىمالى ئېتىگىدىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 27 كىلومېتىر، كەڭلىگى 4 مېتىر. يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

## زەيلىك دەرياسى

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. دائىمى يىللىق دەريا. بۇ دەريانىڭ سۈيى تۇزلۇق بولغاچقا، زەيلىك دەرياسى دەپ ئاتالغان. كوئىنلۇن تىغىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىدۇ. ئۇزۇنلىغى 29 كىلومېتىر، كەڭلىگى 6 مېتىر. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 25 كوپمېتىر/سىكونت. دەريانىڭ ئىككى بويىدا كان بار. يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

## چوڭ كۆل

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا، چوڭ كۆل دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 50 مو، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلىغى 100 مېتىر كېلىدۇ. قار سۈيى يىغىلىدۇ. سۈيى تاتلىق، تورنا، غاز، ئۆدەك قاتارلىق ياۋايى قۇشلار بار. سۇ يۈزى ئېگىزلىگى 3720 مېتىر.

## كىچىك كۆل

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. چوڭ كۆلگە قارىغاندا كىچىك بولغاچقا، شۇنىڭغا ئاساسەن كىچىك كۆل دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 15 مو، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلىغى 20 مېتىر، سۇ يۈزىنىڭ ئېگىزلىگى 3732 مېتىر كېلىدۇ. قار سۈيى چۈشۈدىغان تاتلىق كۆل. تورنا، غاز، ئۆدەك قاتارلىق ياۋايى قۇشلار بار.

## توغ تاشتى كۆل

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. ياز پەسلىدە قاتتىق يامغۇر ياققاندا سۇ كۆلدىن تېشىپ كۆلنىڭ ئەتراپىنى چىقىپ كەتكەچكە، توغ تاشتى كۆل دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 20 مو، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلىغى 50 مېتىر كېلىدۇ. قار، يامغۇر سۈيىدىن شەكىللەنگەن تاتلىق كۆل بولۇپ، ئېقىپ چىققان سۈيى ئوتتۇرا قىر دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئېقىم مىقدارى 0.12 كۇپمېتىر/سىكونت، سۇ يۈزى ئېگىزلىگى 4238 مېتىر.

## موزلۇق كۆل

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. يىل بويى مۇز ئېرىمەيدىغان كۆل بولغانلىقتىن، مۇزلۇق كۆل دەپ ئاتالغان. ئورنى كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى مۇزلۇقتا. كۆلىمى

450 مو، سۇ يۈزى ئېگىزلىگى 5580 مېتىر كېلىدۇ. قار مۇز سۇلىرى چۈشىدۇ. ئېقىپ چىققان سۈيى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**لەيلى كۆلى**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. كۆلدىكى مۇزلارنىڭ سۇنىڭ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەنلىگىگە قاراپ، لەيلى كۆلى دەپ ئاتىغان. كۆلىمى 700 مو، سۇ يۈزى ئېگىزلىگى 4980 مېتىر، سۇ چىقىدىغان ئېغىزى يوق.

**بارى ئېغىل بۇلاق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ بۇلاق بارى ئېغىل جىلغىسىدىن باشلانغاچقا، بارى ئېغىل بۇلاق دەپ ئاتالغان. سۇ مىقدارى 0.125 كۇپمېتىر/سېكۇنت. سۈيى تاتلىق، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئىچىدۇ. سىرىق بۇلۇڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئاچچىقسۇ بۇلاق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇلاقنىڭ سۈيى ئاچچىق بولغاچقا، ئاچچىقسۇ بۇلاق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئىقتىسادى ئەھمىيىتى يوق.

**قاينا بۇلاق**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ، بۇلاقنىڭ ئورنى قاينانىڭ تۆرى دىگەن جىلغىدا بولغاچقا، قاينا بۇلاق دەپ ئاتالغان. سۈيى تاتلىق، ئارشاڭ بۇلاق. گەنجساي دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**جەگە دۆڭ بۇلاق**

ئۇلۇغساي يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ بۇلاقنىڭ ئورنى دەريا بۈيىدىكى جەگىدە بولغاچقا، جەگە دۆڭ بۇلاق دەپ ئاتالغان. سۇ مىقدارى 0.125 كۇپمېتىر سېكۇنت/سۈيى تاتلىق، سۇغارغىلى بولىدىغان كۆلەم 1700 مو.

**قۇملۇق**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاي بىپايان قۇملۇق بولغاچقا، قۇملۇق دەپ ئاتالغان. كۆلىمى تەخمىنەن 300 مو كېلىدۇ. كىلىماتى قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ.

**ئارا قۇم**

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ قۇملۇقنىڭ ئورنى مازاكۆل سۇ ئامبىرى بىلەن يېڭى ئېرىق سۇ ئامبىرىنىڭ ئارلىغىدا بولغاچقا، ئارا قۇم دەپ ئاتالغان. كۆلەم 40 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. بىپايان دۆڭلۈكتىن ئىبارەت.

**قالماق دۆڭ**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇرۇنقى زاماندا بۇ جايدا مۇڭغۇللار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن قالماق دۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان. كۆلىمى تەخمىنەن 300 مو كېلىدۇ. ھاۋاسى قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ. قۇمۇش ئۆسىدۇ. بىر كىچىك يول بولۇپ چارۋا ماللار ئۆتەلەيدۇ.

**ئۇزۇن يانتاق جاڭگال**

گۈلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاڭگالدا يانتاق كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇزۇن يانتاق جاڭگال دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ مو كېلىدۇ. يانتاق، قومۇش، چاتقال ئۆسىدۇ. چارۋا باققىلى بولىدۇ. هاۋاسى قورغاق.

**تۇزلۇق ساي**

گۈلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ سايىنىڭ ئاستىدا ناهايىتى كۆپ تاش تۇز بولغاچقا، تۇزلۇق ساي دەپ ئاتالغان. بۇ جايدا ناهايىتى كۆپ تۇز بايلىقى بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ جايىنىڭ هاۋاسى قورغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ. چىرا ـ نۇرى تاشيۇلى مۇشۇ سايىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

**قۇم سېرىلغان**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاڭگال قۇملۇق، بوران چىققاندا قۇم سىرىلىپ چۆشكەچكە، قۇم سېرىلغان دەپ ئاتىلىپ قالغان. كۆلىمى 15 مو كېلىدىغان قۇملۇقتىن ئىبارەت.

**تىكە ساقاللىق**

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاڭگالدا بىر خىل ئوت بولۇپ، تىكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشىغانلىقتىن، تىكە ساقاللىق دەپ ئالغان. ئۇزۇنلىغى 20 كىلومېتىر، كەڭلىگى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. يۇلغۇن قاتارلىق چاتقاللار ئۆسىدۇ.

**داماقىر**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ جاڭگالنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغانلىقتىن داماقىر دەپ ئاتالغان. كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭ قۇرۇغلۇق خارەكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇر پەرقى چوڭ، يازدا يامغۇر، قىشتا قار كۆپ ياغىدۇ. يانتاق ئۆسىدۇ. چاقا يېزىسىغا بارىدىغان بىر يول بار.

**ئامبال چىققان دۆڭ**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئىلگىرىكى زاماندا بۇ دۆڭگە ناهىيىنىڭ ئامباللىرى چىققان، شۇنىڭغا ئاساسەن ئامبال چىققان دۆڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2810 مېتىر، كۆلىمى 20 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يانتاق قاتارلىق ئوتلار ۋە جەگرەن، ياۋا توشقان، داۋغان قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار بار.

**بۇلاق بېشى**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايىنىڭ ئورنى بىر دانە بۇلاقنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولغاچقا، بۇلاق بېشى دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 16 كۇۋادىرات كىلومېتىر. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 5027 مېتىر.

**كور كۆلمان**

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ مۇزلۇقنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق بولغاچقا، كور كولمان دەپ ئاتالغان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 5800 مېتىر، يىل بويى مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ.

**توغرايول**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. بۇ جايدا بىرقانچە كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ گۇلاخما يېزىسىغا بارىدىغان بىر يول بولغاچقا، توغرا يول دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلىغى 7 كىلومېتىر. كەڭلىگى 3 ـ 7 مېتىر كېلىدۇ.

**جايماخمال**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 20 كىلومېتىر. بۇ، جاي كەنتتىن ماخمال كەنتىگە ئۆتىدىغان جاڭگال بولغانلىقتىن، جايماخمال دەپ ئاتالغان، بۇ جايدا بىر دانە قۇدۇق بار. چارۋا باقىلى بولىدۇ.

**تۇخۇلۇق ئۆۋلىدى**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. بۇ جايدا بۇرۇن ياۋا تۇخۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئۆۋا ياساپ قويغاچقا، تۇخۇلۇق ئۆۋلىدى دەپ ئاتالغان. ياۋا كەندىر ياۋا تۇخۇ ۋە بىر دانە قۇدۇق بار.

**قاپاق تېرەك**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، بۇ جايدا ئىلگىرى قاپاق تېرەك ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، قاپاق تېرەك دەپ ئاتالغان. يانتاق، قومۇش قاتارلىقلار بولۇپ، چارۋا باقىلى بولىدۇ.

**خۇمدان بېشى**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. بۇ جايدا خۇمدان بولغاچقا، خۇمدان بېشى دەپ ئاتالغان. 1967 ـ يىلىدىن باشلاپ خۇمدان سېلىنغان. 1968 ـ يىلى بۇ جاي شورلاپ كېتىپ خۇمدانلار يىقىۋېتىلگەن.

**توققۇز خامان**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. راۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى زاماندا مۇڭغۇللار مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ۋاقىتتا، بۇ يەرگە 9 دانە بۇغداي خامىنى ئەتكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن توققۇز خامان دەپ ئاتىلىپ قالغان. بۇ جايدا يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق، قاتارلىقلار بولۇپ، چارۋا باقىلى بولىدۇ.

**ساتما لەڭگەر**

چىرا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا، چىرا دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ جاي چىرىدىن چاقاغا ئۆتۈشتە ئادەم ۋە ئۇلاغلار قونۇپ دەم ئالىدىغان جاي بولۇپ، بىرقانچە ئېغىز ئاددى ئۆي بولغاچقا، ساتما لەڭگەر دەپ ئاتالغان. بۇ جايدا بىر ئائىلە، 3 نوپۇس ئولتۇرۇشلۇق 3 ئېغىز ئاددى ئۆي بار.

### قۇمچاقتى مازار

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايدا بىر مازار بولۇپ، جىلغىنىڭ باغرىغا جايلاشقانلىقتىن، ھەمىشە جىلغىنىڭ سۈيى قۇملارنى ئېقىتىپ كەتكەچكە، قۇمچاقتى مازار دەپ ئاتالغان. مازارنىڭ ئەتراپىدا توغراق بار.

### قۇدۇشقان مازار

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن قونۇشقان مازار دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇدۇشقان مازارغا ئۆزگەرگەن.

### چوڭكۆل بېشى

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئىلگىرى بۇ جايىنىڭ ئەتراپىدا بىر دانە چوڭ كۆل بولغانلىقتىن، چوڭكۆل بېشى دەپ ئاتالغان. بۇ جايىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 30 مو كېلىدۇ. بۇ جايدا ئىلگىرى كۆلىمى 4 مو، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ كۆل بولۇپ، تەخمىنەن 100 يىلدىن بۇرۇن تۇندۇرۇۋېتىلگەن.

### سۇپا لەڭگەر

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. سۇپا دېگەن ئادەم ئىسمى بولۇپ، سۇپاخۇن دېگەن كىشى تۇنجى قېتىم مۇشۇ جايغا لەڭگەر سېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەمدە يولۇچىلار مۇشۇ يەردە دەم ئالغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئاساسەن سۇپا لەڭگەر دەپ ئاتالغان. ئىلگىرى بۇ جايدا 8 ئائىلە ئولتۇراقلاشقان، 15 ئېغىز ئۆي بولۇپ، ھازىر يوق.

### تۇلۇق

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاي ئەسلىدە توغراقلىق بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن توغراقلىق دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇلۇققا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

### چېكەتكىلىك ئالدى

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايدا چېكەتكىلىك دېگەن بىر خىل ئوت كۆپ بولغاچقا، چېكەتكىلىك ئالدى دەپ ئاتالغان. بۇ جاي چۆل جەزىرىدىن ئىبارەت.

### ئارا

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جاي ئىككى جىلغىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، ئارا دەپ ئاتالغان. بۇ تۈز لەڭلىك بولۇپ، شەرقىي دامكۇ ئېقىن غەربىي تۈز ئېقىن بىلەن تۇتۇشىدۇ. يۇلغۇن، قۇمۇش قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

### قالتىش مازار

دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ مازار سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆڭدە بولۇپ، توغراق، يۇلغۇنلار ناھايىتى كۆپ، كىشىلەر قالتىس ئىكەن دەپ قالتىش

مازار دەپ ئاتىلىپ قالغان. كۆلىمى 50 مو كېلىدۇ. توغراق، يۇلغۇنلار بار.

### يەتتە قەلەندەر

چاقا يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. غەربى چىرا دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنى ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە سە ئۇدى ئەربىستاندىن كەلگەن 7 ئەۋلىيا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېرىپ ــ ئېچىپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپتۇ، ئۇلار دەريادىكى سۇنى كۆرۈپ تەلمۈرۈپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى سۇ ئەپچىقىشقا ئۇنىماپتۇ، ئاخىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جاينىڭ نامى يەتتە قەلەندەر دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ، ھازىر بۇ جايدا يىقىلغان ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرى بار.

### ئىنجىكە ئارپا

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايدا ئېلگىرى سۇ قىس، قورغاق بولغاچقا، تېرىغان ئارپىلار ئۇرۇق كىچىك ئۆسكەچكە ئىنجىكە ئارپا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. غەربى سىرىق بۇلۇڭ دەرياسى بىلەن، جەنۇبى تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ.

### بىرۋۇون

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ جايدا بۇرۇن بۇرە كۆپ بولغانلىقتىن، بۇرىلىك دەپ ئاتالغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرۋۇون دەپ ئۆزگەرگەن. بۇ جايدا ئىلگىرى 30 مو تېرىلغۇ يەر، بىر دانە ئېغىل، بىرقانچە توپ تېرەك بولۇپ، كېيىن كەلكۈن بالاسىدا لاي بېسىپ كەتكەن.

### ئۆتە يول

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. بۇ جاي قارا سۇدىن كىرىيەگە ئۆتىدىغان بىردىن بىر يول بولغانلىقتىن، ئۆتە يول دەپ ئاتالغان. بۇ، قۇملۇق يول بولۇپ، ئۇزۇنلىغى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاپتۇمۇبىل تىراكتۇرلار قاتنىيالايدۇ. ئاياغ قارا سۇ كەنتىدىن باشلىنىپ كىرىيە 1 ـ زاكۇ بىلەن تۇتىشىدۇ.

# ئاساره ـ ئەتتقلەر نامى

# ھاسادىكى چوقتۇرۇش قورغانىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

ھاسادىكى چوقتۇرۇش-نوقتۇرۇش قورغىنى چاقا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى 11 كىلومېتىر كېلىدىغان ھاسا كەنتىدىكى بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. چىرا دەرياسىنىڭ قىرغىغىغا تۇتتۇشۇدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ، قورغان 900 يىل ئىلگىرى ياسالغان. ئۇزۇنلىغى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر. كەڭلىگى 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. قورغان كۆلىمىنىڭ ئۇزۇنلىغى تەخمىنەن 1500 مېتىر، تىگىنىڭ كەڭلىگى 15 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىگى 1 مېتىر، ئىگىزلىگى 12 مېتىر بولۇپ، سېپىل تىمى شەكىللەنگەن. بۇقورغان تاش ۋە توپىدىن ياسالغان. قورغانىنىڭ ئىككى كىلومېتىر يېرىدە بىردانە كۆزۈتۇش سۇپىسى بار. بىر قانچە 100 يىلدىن بۇيان بوران ۋە يامغۇردا يالانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خارابە يەنىلا بىر قەدەر ياخشى تۇرغان.

"خوتەن گېزىتى"نىڭ 1981-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى خەۋىرىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نوقتىلىق قوغدۇلىدىغان مەدەنى يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ھازىر مەخسۇس ئادەم قارايدۇ.

ھاسا-يەر نامى، چوقتۇرۇش دىگەن قەدىمقى خوتەندىكى ئەسكەر باشلىغىنىڭ ئىسمى. قورغان سېپىل دىگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەرنىڭ نامى تۇرۇشلۇق يەرنىڭ نامى ۋە ئادەم ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىلىپ كەلگەن.

كىشىلەر ئىغىزىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىسلام دىنى تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىنىڭ 1010-يىلى، ھىجىرىيەنىڭ 404-يىلى يەنە بۇنىڭدىن 900 يىل ئىلگىرى قاراخانىلار خانى سۇتۇق بوغرا خان ئۇزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىر قاراخانىنى يەكەن، خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئىبەرتىدۇ. خوتەننى قۇرال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۇرۇشى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 24 يىلغا سوزۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خوتەن خانى لوخالى بويسۇندۇرۇلىدۇ. تەسلىم بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 2 نەپەر ئەسكەر باشلىغى چوقتۇرۇش-نوقتۇرۇش ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئىسلام دىنىغا كىرگىلى ئۇنىماي، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، قول ئاستىدىكى بىرقانچە ئادىمىنى باشلاپ بىر تەرەپتىن ئىتتىشىپ بىر تەرەپتىن چاقا يېزىسىدىكى تاغلىق رايون تەرەپكە چېكىنىپ، چىرا دەرياسىنى بويلاپ ھاساۋە ھاشىدىكى ئىككى تاغنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى تىك، خەتەرلىك بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى دانە مۇداپىيە سېپىلى سوقىدۇ. ھاساغا سېلىنغىنى ھاسا چوقتۇرۇش قورغان، ھاشىغا سېلىنغىنى ھاشى چوقتۇرۇش قورغان دەپ ئاتىلىدۇ. سېپىل سوقۇپ، ئاكوپ كولاپ سېپىلنىڭ

ئىچىگە مىس تۇرۇبا ئارقىلىق سۇ باشلاپ كىرىپ ئىچىپ، مۇداپىيەنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي سىپىلىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرگەن مىس تۇرۇبىنى ئىسلام مۇسۇلمانلىرى سىزىپ قىلىپ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈۋەتتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ، جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا چارىسىز قېلىپ، چىرا دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ كۇئېنلۇن تېغىدىن ئېشىپ چېكىنىپ، شىزاڭ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە بۇددا دىنىغا ئىشىنىش تارىخى ئاخىرلىشىپ، خوتەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈلۈدۇ.

# ئىمامى جەپپىر تىھراننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

ئىمامى جەپپىر تىھران ناھىيىمىزنىڭ چىرا يېزىسى مازار كۆل كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تۈز لىنىيە ئارلىغى 4 يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن مۇشۇ جايغا تۇتۇشۇدىغان ئاددى تاشيول بۇلۇپ، ماشىنا قاتنىيالايدۇ. مازارنىڭ ئەتراپىنى دىخانچىلىق ئېتىزلىرى ئۇراپ تۇرۇدۇ. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 379.5 مو بولۇپ، ئۇزۇنلىغى 550 مېتىر، كەڭلىگى 460 مېتىر كېلىدۇ. بۇ، تارىخى ئۇزۇن، كۇرۇنۇشى ھەيۋەتلىك، ساقلىنىشى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قەدىمى ئاسارە ئەتىقە بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدۇلۇدىغان مەدىنى يادىكارلىقتىن ئىبارەت.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمامى جەپپىر تىھران ئىسلام دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى تۇققان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 8-يىلى شامىدىكى (ھازىرقى سۇرىيە) غا زاتتا شېھىت بولغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شېھىت بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىدى ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە چۈشكەنمىش. ئۇنىڭ جەسىدىنى كورمىگەن، ئەمما ئۇنىڭ قەۋرىسى بار. شۇڭا بۇ يەرنىڭ نامى ئىمامى جەپپىرتىھران مازار دەپ ئاتالغان. بۇ 1397 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندۈلۈك ناماز ئۇقۇيدىغان تۈپلۈشۈپ جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزىنى ئۇقۇيدىغان مۇقەددەس جايى. ھەررۇزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت بايرىمىدا ئۆز ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يېزىلاردىن كەلگەن ئىتىقاتچىلاردىن سىرت يەنە سىرتقى ناھىيەلەردىنمۇ كوپلىگەن كىشىلەر كېلىپ ھېيت نامىزى ئۇقۇشقا قاتنىشىدۇ. كەلگەن ئادەم ئەڭ كۆپ بولغان ۋاقىتلاردا 10 مىڭغا يېتىدۇ، ھەر يىلى كۈز پەسلىدە سانسىزلىغان ئىتىقاتچىلار ئاپتوموبىل، تىراكتور، ئىشەك ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى پىيادە مېڭىپ كېلىپ بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇدۇ. بۇ يەردە بىر كىچىك بازار شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەر جۈمە كۈنى دۆلەت ئىگىلىگى، كوللېكتىپ ۋە يەككە سودىگەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ سانائەت ماللىرى، يېمەكلىكلەر، دىخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، سوغاق يېمەكلىكلەر، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان دىخانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ ساتىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە، كاۋاپ، گوشگىردە، لەڭمەن قاتارلىقلار بار. چىرا يېزىلىق تەمىنات-سودا كوپىراتىۋى بۇ يەردە يەنە تەخمىنەن 100 كىۋادىرات مېتىر كېلىدىغان بىر دانە ئۇنىۋىرسال ماگىزىن ئاچتى.

مىچىتنىڭ ئىمامى ئاخۇنۇمى مەزۇن قارىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە مازارنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بولغان، قىشتىن ياسالغان 3 چوڭ تاقا بۇلۇپ، ئىگىزلىگى تەخمىنەن 25 مېتىر كېلىدىكەن، تاقىنىڭ ئۇستىگە ھەر خىل قول ھونەر نەقىشلىرى ئويۇلغان. مۇشۇ 3 چوڭ تاقىدىن ئوت-

كەندە ئاندىن مازارنىڭ مەركىزىدىكى يولغا كەلگىلى بولىدىكەن. بۇ 3 چوڭ تاقا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا چىقۋېتىلگەن. مەركىزى يولنىڭ شىمالى يان بۇيىدا ياغاچتىن ياسالغان بىر دانە ئەزانخانىسى بولۇپ، 1952 ـ يىلى ياسالغان، ئېگىزلىگى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدىكەن، بۇ 1968 ـ يىلى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئۆرۈۋېتىلگەن. مەركىزى يولنىڭ شىمالى تەرىپىدە بىر دانە مەدرىس بولۇپ، تەخمىنەن 250 نەپەر تالىپ مەدرىستە قونۇپ ئوقۇيدىكەن، مەركىزى يولنىڭ شىمالى تەرىپىدىمۇ بىر دانە دىنىي مەكتەپ بولۇپ، تەخمىنەن 200 گە يېقىن تالىپ ئوقۇيدىكەن. بۇ ئىككى مەدرىس 1952 ـ يىلى توختىتىلغان.

بۇ يەردە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق 3 چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ تۇۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

**1 ـ هېيتكا مچىت;** بۇ مچىتتە مۇسۇلمانلار مەخسۇس روزى هېيت نامىزى ۋە قۇربان هېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ كولىمى 1850 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇزۇنلىغى 50 مېتىر، كەڭلىگى 37 مېتىر كېلىدۇ. هېيتكا مچىت ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ، ئالدىدا هويلىسى بار. 4000 دىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مچىت 300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. قۇرۇلمىسى سىغىزدىن قوپۇرۇلغان بىنا بولۇپ، 1963 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشىگى ئېتىلىپ، دىنىي پائالىيەت توختىتىلۇپ، تۆۋەن جاي دادۇي (15 ـ دادۇي)نىڭ ئاشلىق ئامبىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. 1979 ـ يىل پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 ـ ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسەتلىرى ئەمەللەشىپ، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يېڭىۋاشتىن ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. هېيتكا مچىتنىڭ ئالدىدا بىر دانە چوڭ كۆل بولۇپ، تەخمىنەن 8 مو كېلىدۇ. تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدۇ. ئەتراپىتىكى ئامما مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ. هېيتكا مچىت كونىراپ كەتكەچكە هازىر رېمونت قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

**2 ـ جۈمە مچىت؛** 1947 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە ئامما ئىئانە توپلاپ سېلىپ پۈتكۈزگەن. مىنگو دەۋرىدىكى چىرا ناھىيىسىنىڭ هاكىمى چوڭ ئاخۇن (يەنە بىر ئىسمى چۇنجاۋلىن) ئۇيغۇر، قەشقەرلىك بولۇپ، 1949 ـ يىلى هەقىقەتكە قايتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىگىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغان، هازىر ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مچىت شۇ كىشىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە بىۋاستە تەشكىللىشى ئارقىسىدا سېلىنغان.

جۈمە مچىتنىڭ ئومۇمى كولىمى 3000 كىۋادىرات مېتىر، ئۇزۇنلىغى 40 مېتىر، كەڭلىگى 75 مېتىر، ئىچكەركى مچىتنىڭ ئۈستى يېپىلغان، تاشقا قىسمىنىڭ يېرىمىدا پەش بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 3500 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. مچىتنىڭ ئىچىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوتۇشى ئۈچۈن بورا هەر خىل جىينىماز ۋە دەنزىلەر سېلىنغان.

بۇ، مچىتنىڭ دەرۋازىسى چوڭ، هەيۋەتلىك، كۆركەم، قىش تىن قوپۇرۇلغان. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭ، سول، ئوتتۇرا، ئۈچ ئىشىگى بار. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە قىش بىلەن ياسالغان ئىچىدىن پەلەمپەي ئارقىلىق ئايلىنىپ چىققىلى بولىدىغان 25 مېتىر ئېگىزلىكتە ئەزانخانىسى

بار. تاقىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى ياندا 2 دانە مۇنار بار. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا ئەرەپچە خەتلەر ئويۇلغان. بۇ قۇرۇلۇش ھازىر بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي بىناكارلىق قۇرۇلۇش ھۈنەر سەنئىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ھۈنەر سەنئىتى جەھەتتىكى ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان. 1982-يىلى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، ئاقارتىلدى ۋە ئەينەك سېلىندى.

**3-سىمە؛** (قەۋرە)، جۈمە مەسچىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 50 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 1360 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 60 مېتىر كېلىدۇ. جۈمە مەسچىتىنىڭ شىمالىي ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن كىرگەندە، كەڭ كەتكەن بىر ھويلىغا كىرگىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھەممىسى گۆرۈستانلىق بولۇپ، بۆك قومۇش ۋە ئېگىز پەس خادىلار بىلەن تولغان. بۇ، سىمەنىڭ دەۋاخانىسى، بۇنىڭ شەرق ۋە غەرىپ تەرىپى تام بىلەن توسۇلغان. جەنۇبى جۈمە مەسچىتىنىڭ تېمىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى سىمەنىڭ تېمى بىلەن تۇتىشىدۇ. سىمەنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىن ئەتكاپخانىغا كىرگىلى بولىدۇ. ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى ئېگىز دۇۋا خانا بار. كارىدور ئارقىلىق ئۈستى ئوچۇق بىر ئېگىز ئۆيگە كىرىپ شىمالغا مېڭىپ 2 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق سىمەگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى 375 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قىشتىن ياسالغان قەۋرە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.5 مېتىر كېلىدۇ. قەۋرىنىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل رەڭلىك بايراقلار ۋە خادىلار قويۇلغان. قەۋرىنىڭ ئۈستىگە 15 قەۋەت ئەرەپچە خەت كەشتىلەنگەن، ھەر خىل تاۋار يوپۇق يېپىلغان. بۇ، ئىمامى جەپپىر تېھرانىنىڭ قەۋرىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ قەۋرە ئىمامى جەپپىر تېھرانىنىڭ جەسىدى ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە چۈشكەن يىلى قاتۇرۇلغان. ئەمما بۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما ماتېرىيال بولمىغاچقا، بۇنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. سىمەنىڭ ياغاچلىرى ھازىرغىچە، ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنمىغاچقا، تاملىرى كونىراپ كەتكەن.

بۇ مازار مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىنتايىن مۇقەددەس جاي ھېساپلىنىپ، ئىككىنچى مەككە دەپ ھېساپلايدۇ. ياشانغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

# كونادا مىكۇ خارابىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

كونادا مىكۇخارابىسى هازىرقى دامكۇ يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالى قىسمىدىكى 19 كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇغىغا جايلاشقان. 4 تەرىپىنى تۇراقلىق ۋە يېرىم تۇراقلىق قۇم دۆۋىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يۇتكۇلۇشچانلىغى بىر قەدەر كىچىك، خارابە ئۇزۇنلىغى 3 ـ 4 كىلومېتىر، كەڭلىگى 30 ـ 40 مېتىرغىچە كېلىدىغان قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارلىغىغا جايلاشقان. كونادا مىكۇنىڭ ئەڭ شىمالى چېتىدە، 16 ـ 17 ئېغىز ئۆينىڭ خارابىسى بولۇپ، 25 ـ 40 مېتىرغا قەدەر بولغان سەل ئېگىزرەك تۈزلەڭ جايغا جايلاشقان. قالدۇق تامنىڭ ئاستى تەرىپىدە يۇلغۇن ۋە قومۇش چىتلار بار. جەنۇپقا قاراپ ماڭغانسىرى كونا دەريانىڭ بەلگۈلىرىنى تەدرىجى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭلەردە يولغۇنلار قويۇق ئۆسكەن، ئاستى تەرىپى تۈز يولغا ئوخشايدۇ. ئىككى تەرىپىدە توپ ـ توپ ئۆي خارابىلىرى ۋە قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى بار. ھەممە سىغىزلارنى ئۈچىراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ يەر ئەسلىدە بىر بازار ئىكەنلىگى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردىكى قالدۇق چىتلار يەر ئۈستىگە تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر چىقىپ قالغان. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنى قۇم كۆمۈۋەتكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 150 يىل بۇرۇن هازىرقى دامكۇلۇقلار مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ھەممە دېخان ـــ چارۋىچىلىق بىر قەدەر تەرەققى تاپقان. تەبىئى ئاپەت بولۇپ 40 كېچە كۈندۈز قۇم يېغىپ، دېخانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە ئۆي ۋارانلارنىڭ ھەممىسىنى قۇم كۆمۈۋەتكەن. پەقەت چۇقاباش جەمەتىدىكىلەر قۇم ـ بۇران بىلەن ئېلىشىپ، بىردانە مۇمۇنىنى تىكلەپ توختىماي ئايلانغان. مۇمۇنىنىڭ بىرنى قۇم كۆمۈۋەتسە يەنە بىرنى ئۇلاپ، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىپ، هاياتىنى ساقلاپ قالغان. باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇراندا تارقىلىپ كەتكەن، بەزىلىرى ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، قۇم كۆمۈۋەتكەن. دېخانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ھەممىسى قۇم دۆڭلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. (سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان). قېپقالغان چۇقاباش جەمەتىدىكىلەر هايات كۆچۈرەلمەي دامكۇيانى بويلاپ مېڭىپ، هازىرقى دامكۇغا كۆچۈپ چىقىپ، بىنام ئېچىپ، يەر ياساپ، يېڭى هايات يولىنى ئاچقان. يەنە بىر رىۋايەتتە. هازىرقى دامكۇ ئەسلىدە توغراقلىق بولۇپ، ئۇسۇملۇكلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسۈدىكەن، ياۋايى هايۋانلار تەرەپ ـ تەرەپتە هولاپ يۈرۈدىكەن. 120 ياشقا كىرگەن بەختايلىكا مىنىڭ باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ 5 ـ 6 ياشلارغا كىرگەندە ئۇنى دادىسى كونا دامكۇدىن يۆدۈپ ئاچىققان، بوز يەر ئاچقاندا ياۋايى هايۋانلارنىڭ ئۇنى يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى خورجۇنغا سولاپ توغراقنىڭ

ئاچىمىقىغا ئېلىپ قويغان. يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، دامىكۇ قۇم-بوران ئاپىتى ۋە سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى تۈپەيلىدىن 3 قېتىم كوچكەن، كونا دامىكۇ 2-قېتىم كۆچۈپ كەلگەن ئورنى. ھازىرقى دامىكۇ 3-قېتىملىق كۆچۈپ كەلگەن ئورنى ئىكەن. لېكىن بۇنىڭغا ھېچقانداق تارىخى ماتېرىيال يوق. بۇنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ خارابىنى كوپ قېتىم تەكشۈردى. نەق مەيداندىن تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان ساپال، كۇزا، پۇچقى قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىۋالدى. بۇنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ يەرنى قۇم دۆۋىلىرى ئوراپ تۇرغانلىقتىن، يازلىق ھاۋاسى بەكمۇ ئىسسىق، شەرت-شارائىتى ئوسال، سۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز، پەقەت يۇلغۇن، توغراق، يانتاق قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى بىلۈپ تۈگەبىقىشقا بىرلۇدۇ.

كونا دامىكۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە تىتىگىرام، قالماق سوقاشقان. غاز يادى، سۇپۇچى مازار، چولپان ئاتام مازار، دەندەن ئۇلاق، لىچىن ئاتام مازار قاتارلىق خارابىلار بار. قولىمىزدا ماتېرىيال ۋە تارىخى خاتىرىلەر بولمىغاچقا بۇنى تەپسىلى بايان قىلالمىدۇق.

## ئاسارە-ئەتىقىلەرنىڭ ئۆلچەملىك نامى

**هاسا چوقتۇرۇش قورغان**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**هاشى چوقتۇرۇش قورغان**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 12.7 كىلومېتىر. ئۇرنى هاشى كەنتىسى تەۋەلىگىدە. راۋايەت قىلىنىشىچە-1001-يىلى سېلىنغان. ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدۇ. تاشتىن ياسالغان بولۇپ، هازىر ئۇنىڭ خارابىسى ساقلانماقتا. 1982-يىلى خوتەن مەمۇرى مەھكىمە بۇ قورغاننى ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلغان. چوقتۇرۇش ئادەم ئىسمى، قورغان سېپىل دىگەن سۆز، بۇنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى هاسا چوقتۇرۇش قورغىنى بىلەن ئوخشايدۇ.

**دۇماھى جەپپىردھىران**

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**توغراق مازار**

گۇلاخما يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 1.4 كىلومېتىر. بۇ مازاردا بۇرۇن توغراق كۆپ بولغانلىقتىن توغراق مازار دەپ ئاتالغان. (ئۇيغۇرچە سۆز) ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. مازاردا بىر دانە دىنىنى مەچىت بولۇپ 100 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

**يۇلچۇن مازار**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 19.7 كىلومېتىر. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مەشقاۋۇل ئاۋا مۇسلۇم دىگەن كىشى مۇئمىنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ يەردىكى چوڭ يولنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى يۇلچۇن مازار دەپ ئاتىلىپ قالغان. بۇ جاي تەخمىنەن 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. دائىم سىرىتلاردىن ئادەم كېلىپ بۇ جايغا تاۋاپ قىلىدۇ. ئۆيلەر مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا چېقىۋېتىلگەن. هازىر بۇ جايغا قارايدىغان 1 ئادەم بار.

**ئىمام مەھدى ئاخىر زامان**

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىقى 19.8 كىلومېتىر، ئۇرنى قىزىل يول كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىدا. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 40 مو كېلىدۇ. قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنغان يىلى ئېنىق ئەمەس، بۇ يەردە 2 ئېغىز مەچىت بولۇپ، 8-7 يۈز ئادەم

ناماز ئۇقۇيالايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت ئورنى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مىچىتلەر مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا چىقىۋىتىلگەن. بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

### تۆت ئىمام مازار

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. تۆزلىنىيە ئارلىغى 1.8 كىلو- مېتىر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى سەئۇدى ئەربىستاندىن كەلگەن تۆت نەپەر ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭغا ئاساسەن تۆت ئىمام مازىرى دەپ نام بېرىلگەن. بۇ مازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 200 مو كېلىدۇ. مازاردا بىر دانە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مىچىت بار.

# ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يەرنامى

# خوتەن ـ دىخانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

## 1 ـ چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

1 ـ چارۋىچىلىق فىرمىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى 84 كىلومېتىر يىراقلىقتا، نۇرى دەرياسىنىڭ شەرقى جەنۇبى قىرغىقىغا جايلاشقان. تېرتورىيەسى شىمالى پاراللىل 36°15، شەرقى مېردىئان 81°02. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 2410 مېتىر، جەنۇبى كونئىنلۇن تېغى بىلەن تۇتۇشۇدۇ، يەرشەكلى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، شەرقىتىن غەرپكە ئۇزۇنلىغى تەخمىنەن 140 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا كەڭلىگى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. يايلاق كۆلىمى 380 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6032 مو، تەۋەلىگىدە 8 لىيەندۈي، سودا سانائەت شىركىتى، ئاشلىق پونكىتى، شىپا خانا، 8 يىللىق تولۇقسىز بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئاھالىسى 2638 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1626 نەپەر، خەنزۇ 970 نەپەر، خۇيزۇ 42 نەپەر. مەيدانىنىڭ 3 تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرۇدۇ. تاغ ئۈستى ۋە تاغ ئاستىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ئىككى تەبىئى رايۇنغا بۆلۈنىدۇ. تاغ ئۈستىدە 4 چارۋىچىلىق لىيەندۈيى بولۇپ، يۇقىرىسى قارلىق تاققا قەدەر، تۆۋىنى چۆل ياقىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ، شەرقى تەرىپى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ پۇلۇدىن باشلىنىپ، غەربى چىرا ناھىيىسىنىڭ قارا تاشقا قەدەر سوزۇلىدۇ. يەرشەكلى ئېگىزپەس، دەريا بويلىرىدىكى يالاڭغان جىلغىلارنىڭ ھالدا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. قىشلىق يايلاقلاردىكى جىلغىلارنىڭ چوڭقۇرلىغى 70 ـ 80 مېتىرغا قەدەر بولۇپ، يانتۇلىغى 70 گرادۇس تىن ئاشىدۇ، شۇڭلاشقا پەسىلدە چارۋىلارنى سۇغۇرۇش قىيىن، يازلىق يايلاقلاردىكى يۈزىدىن 1400 مېتىردىن 3600 مېتىرغا قەدەر بولغان جايلارغا جايلاشقان. ئەڭ ئېگىز بولغانلىرى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. يايلاقلاردا پاسار، قىلىقان قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. ئوتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىگى 10 ـ 15 سانتىمېتىرغا قەدەر كېلىدۇ. 3000 مېتىردىن تۆۋەن بولغان ئەتيازلىق ۋە كۈزەك يايلاقلاردىكى يېپىنچائۆسۈمىلۈكلەر مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى ۋە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئوت نىڭ ئېگىزلىگى 30 ـ 40 سانتىمېتىرغا قەدەر كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئازساندا چىغ ۋە قوي ياۋىسىمۇ تېپىلىدۇ. قىشلىق ئوتلاقلاردا ئاساسلىغى ياپچان ئۆسىدۇ. لېكىن قۇيۇقلۇق دەرىجىسى ناھايىتى ئاز، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قوي سىغىمچانلىغى 40 مىڭ تۇياق قايەتكەن.

تاغ ئاستىدا 3 دىخانچىلىق لىيەندۈيى، پىششىقلاش ئەترىدى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىدى بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4500 مو، ئاھالىسى 2053 نەپەر. 3 تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، ئېدىرلىق بەلۋاققا كىرىدۇ. قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، بىدە، كۆكتات ۋە مېۋە قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. پىششىقلاش ئەترىدى ئاشلىق، ئاچچىقسۇ، جوۋا، ھاراق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى پىششىق-

لاپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. فىرما تەشكىلىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى باش تۇغ بازىرىدا بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقتىن، خوتەن دىخان چىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1-چارۋىچىلىق فىرمىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

چارۋىچىلىق فىرما 1951-يىلى قۇرۇلغان. ئەسلىدە ئازاتلىق ئارمىيە 2-جۈن ئارقاسەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا قارايتتى، 1955-يىللارنى قىسىم تەرتىپكە سالغاندا ئىشلەپچىقىرىش بىگىتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە سىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ (75) 11-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ بەلگۈلىمىسىگە ئاساسەن، 1975-يىلى رەسمى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1982-يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە يەنە خوتەن دىخانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. فىرما قۇرۇلغاندىن بۇيان، فىرما پارتكومى پارتىيىنىڭ جاسارەت بىلەن كۆچۈنۈپ ئىشلەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، ئۆزكۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ۋە تەننى تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچانلىق بىلەن گۈللەندۈرۈش «ۋە بوزيەر ئېچىپ، چېگرىنى قوغداش» تىن ئىبارەت پاڭجىننى قەتئىي ئىز چىل ئىجرا قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، بارلىق ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق بىلەن مېھنەت سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، 1-چارۋىچىلىق فىرمىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى. كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر 35 مىڭ 4 تۇياق ھەرخىل چارۋىسى بار، بۇنىڭدىن قوي 33 مىڭ 553 تۇياق، ئۆچكە 520 تۇياق، تۆگە 314 تۇياق، كالا 211 تۇياق، ئات 270 تۇياق. 5 دانە يۈك ئاپتوموبىلى، 5 دانە تىراكتور، 50 كىلوۋاتلىق بىر دانە توك تارقىتىش ماشىنا گۇرۇپپىسى بار. ياسالغان تاشيول 7.1 كىلومېتىر، تاش تىزىلغان ئۆستەڭ 9-7 كىلومېتىر.

چارۋىچىلىق فىرمىنىڭ ھاۋاكىلىماتىنىڭ ئۆزگۈرۈشى نورمال ئەمەس، تېمپېرا تۇرىسى پەرقلىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېرا تۇرىسى 24C°-28C° قايتىدۇ، ئادەتتە 20C° ئەتراپىدا بولۇدۇ. 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 0دىن تۆۋەن، 25 گىرادۇسقا چۈشۇدۇ. 7-ئايدىكى، ئەڭ يۇقىرى تېمپېر 1 تۇرىسى 30C° قايتىدۇ. 3-5-ئايغىچە شەرقى شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئەڭ زورشامال كۈچى 5-6 بالغايتىدۇ. يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 200 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ھەممىسى 7-9-ئايغا قەدەر ياغىدۇ. دېڭىزيۈزىدىن 3200 مېتىردىن يۇقىرى بولغان جايلىرىدا، ھول يېغىن مىقدارى 300 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. بالدۇرقىرو 10-ئاينىڭ باشلىرىدا چۈشۇدۇ. قىروسىز مەزگىلى 180 كۈن.

مەدەنى مائارىپ-سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە پۈتۈن فىرما بويىچە 8 يىللىق تولۇقسىزلىكى 1 ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئولتۇراقلىشىش رايونلىرىغا ئاساسەن قۇرۇلغان 5 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 274 نەپەر، شىپاخانىدا 22 نەپەر تىببى خادىمى، 27 دانە كېسەل كارۋىتى بار. ئۇنىڭ قارمىقىدا 8 ئورۇندا داۋالاش ئورنى بولۇپ، 8 نەپەر تىببى خادىمى بار. قاتناش تىرانسپورت ئىشلىرى بىر قەدەر قولايلىق، ھەر 2 كۈندە بىر قېتىم خوتەندىن 1-چارۋىچىلىق فىرمىسغا قاتنايدىغان ئاپتوۋۇز بار.

# 1 ـ چارۋىچىلىق فىرما ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئوتتۇرا مەكتەپ فىرما تەشكىلىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان، سىنىپ، ياتاقلىرى ياغاچ ۋە سىغىزدىن ياسالغان. گىمناستىكا مەيدانىنىڭ كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىر، مەكتەپنىڭ كۆلىمى 25 مو.

مەكتەپتە ھازىر 39 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى، خىزمەتچى بار. بۇنىڭدىن خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچى 30 نەپەر، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچى 3 نەپەر.

ھازىر مەكتەپتە 274 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇنىڭدىن خەنزۇ ئوقۇغۇچى 188 نەپەر، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 79 نەپەر، خۇيزۇ ئوقۇغۇچى 5 نەپەر، موڭغۇل ئوقۇغۇچى 2 نەپەر.

مەكتەپتە 1 دانە قىرا ئەتخانا بولۇپ 2500 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاپلار قويۇلغان. 1 دانە خىمىيە، فىزىكا تەجرىبىخانىسى بولۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىدىكى تەجرىبە سايمانلىرى ئاساسەن تولۇق، مەكتەپتە يەنە 1 دانە كىنو ئاپاراتى ۋە بىر دانە ئۈن ئالغۇ بولۇپ، 8 يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ. تۇرۇشلۇق ئورنى باش تۈغ بازىرىدا.

# 1 ـ چارۋىچىلىق فىرما شىپاخانىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

1 ـ چارۋىچىلىق فىرما شىپاخانىسى مەيدان تەشكىلىنىڭ شىمالى تەرپىگە جايلاشقان. تۇزلىنىيە ئارلىغى 2 كىلومېتىر. شەرقى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەتىرىدى بىلەن، غەربى نۇرى يېزا چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن، شىمالى چارۋىچىلىق فىرما دېخانچىلىق ئەتىرىدى بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى 150 كۋادىرات مېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (سەي يېرى) 30 مو، 1 ـ چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ كەسپى ئورنى بولۇپ، ئوز فىرمىسىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ. ھەمدە يېقىن خوشنا بولغان نۇرى يېزىسىنىڭ كېسەللىلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ. ھازىر 23 نەپەر تېببى خادىمى، 5 ئېغىز كېسەلخانىسى، 27 دانە كېسەل كارۋىتى بار. ئۇنىڭ قارمىغىدا 8 دانە تېببى داۋالاش ئورنىدا، 8 نەپەر تېببى خادىمى بار. بۇ، شىپاخانا نارىنىتىگىن، ئېلىكتىرون كاردىئوگرافى تەكشۈرۈش، دائىم لىق قان تېپلىرىنى لابىرا تورىقلىش قاتارلىقلارنى ئىشلىيەلەيدۇ. قوساقنى يېرىپ بوۋاقنى ئېلىش، سۇنغان ئۇسۇلدا بالىنى ئېلىۋېتىش، توغماسلىق ئاپىراتسىيەسى ۋە ئادەتتىكى تاشقى كېسەل بولۇم ئاپىراتسىيەلىرىنى ئىشلىيەلەيدۇ.

فىرما قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىپاخانا مەيدان تەشكىلى باش تۈغ بازىرىدا ئىدى. 1971 ـ يىلى ھازىرقى ئورنى ئارا قۇم كەنتىگە يوتكەپ كېلىنگەن.

# ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئۆلچەملىك يەرناملىرى

## خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1-چارۋىچىلىق فىرمىسى

تەپسىلاتى ئومۇمى بايانغا قارالسۇن.

**باش توغ** تەبىئى بازار

ناھىيە بازىرى نىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 84.1 كىلومېتىر. ئورنى سايباغ دەرياسى بىلەن نۇرى دەر ياسىنىڭ ئارلىقىدىكى تۆپىلىكتە. ئۇيغۇرچە سۆز، كىشىلەر دەسلەپتە بوز يەر ئاچقاندا بۇ يەر گەبىر چوڭ توغ سالغانلىقتىن، باش توغ دەپ ئاتالغان. بۇ جاي چارۋىچىلىق فىرمىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مەركىزى. بازار ئىچىدە، رادىئو ئۆزىلى، كىنوخانا، سودا دۇكانلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىدارە جەمىيەتلەر بار. نوپۇسى 288 نەپەر، بۇنىڭدىن خەنزۇ 174 نەپەر، ئۇيغۇر 144 نەپەر، خۇيزۇ 10 نەپەر.

**پىچان بېشى** چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 12.2 كىلومېتىر. شەرقى سارلۇك دەر ياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. بۇ جايىنىڭ ئورنى قۇرۇق ئوتلاقنىڭ باش تەرپىدە بولغانلىقتىن، پىچان بېشى دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە 50 ئادەم چارۋا باقىدۇ، كۆلىمى 5 كۋادرات مېتىر. تۆل ئالىدىغان ئوتلاق. چارۋا سىغىمچانلىقى 3500 تۇياق. ياپچان، چىغ، يەر باغرى قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ. داۋغان، تۈلكە، ئۆلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**ئاقيا** چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 17.1 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، يايلاغنىڭ ئەتراپىدىكى بىر تاغ قاپتىلىدا ئوت ئۈنمەيدىغان بىر يار بولغانلىقتىن ئاقيا دەپ ئاتالغان. كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 3500 تۇياق. جەگرەن، تۈلكە، داۋغان، كەكلىك، ئۆلا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، يەرباغرى، چىم، چىغ قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ.

**ئۆڭكۈر قىر** چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 17.4 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز. يايلاغ دا بىر تاغ ئۆڭكۈرى بولغانلىقتىن، ئۆڭكۈرقىر دەپ ئاتالغان. چارۋا باقىدىغان 20 ئادەم بار. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى 2500 تۇياق. ئۇزۇنلىقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاغ، يەر باغرى، چىغ، ياپچان قاتارلىق ئوتلار ئۆسىدۇ.

تۈلكە، داۋغان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

**جىملاس**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تۈزلىنىيە ئارلىغى 22.6 كىلومېتىر. شىمالى لالۇڭ دەر ياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلىغى 1كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. قىشلىق يايلاغ. 4 ئادەم چارۋا باقىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىغى 400 تۇياق. پۇرچاق، بىنەپشە، چىغ قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، جەگرەن، تۈلكە، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ نامنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

دېھقانچىلىق نوقتىسى

**چۇنۇق**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈزلىنىيە ئارلىغى 2.4 كىلومېتىر. ئورنى لالۇڭ دەر ياسى جىلغىسىدا. 25 ئادەم بار. تېرىلغۇيېرى 300 مو. پۇرچاق، ئارپا، بۇغداي تېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە دەرەخنىڭ شىخى دېگەن مەنىدە. كېلىش تارىخى ئېنىق ئەمەس.

**بىلەنگە**

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 20.3 كىلومېتىر. ئوتلاقنىڭ ئۇزۇنلىغى 10 كىلومېتىر.

كەڭلىگى 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىغى 3500 تۇياق. 13 ئادەم چارۋا باقىدۇ. يەرباغىرى، ياپ چان، چىغ قاتارلىق ياۋايى ئوتلار. داۋغان، تۈلكە، توشقان، قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بىلەنگەدىگەن بۇ نامنىڭ كېلىش تارىخى ئېنىق ئەمەس.

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**يېڭى ئېغىل**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 28.2 كىلومېتىر. ئۇيغۇرچە سۆز، ئىلگىرى ئۆتكەن كىشلەر بۇ يەر گەيىگەندىن ئېغىل ياسىغانلىغى ئۈچۈن، بۇ جاينىڭ نامىنى يېڭى ئېغىل دەپ ئاتىغان. 4 ئادەم چارۋا باقىدۇ. ئۇزۇنلىغى 4 كىلومېتىر، كەڭلىگى 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈل ئىلىنىدىغان يايلاغ، ئوتلاق چارۋاسىغىمچانلىغى 4500 تۇياق. ياپچان، چىغ، يەر باغرى قاتارلىق ياۋايى ئوتلار بار، داۋغان، تۈلكە، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار،

چارۋىچىلىق نوقتىسى

**يېشى مەھەلىي**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 28.7 كىلومېتىر. غەربى ئوتانلىق دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلىغى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. كەڭلىگى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. يازلىق يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىغى 1200 تۇياق. 12 ئادەم چارۋا باقىدۇ. ياپچان، چىغ، قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، داۋغان، توشقان، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. بۇ نامنىڭ كېلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

تەبىئى كەنتە

**ھاڭغى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىغى 55.3 كىلومېتىر.

ئورنى تاغ جىلغىسىدا. ھازىرقى ئۇيغۇرچە شامال ئېغىزى دىگەن مەنىدە. بۇ كەنتتە ئىككى تاغنىڭ ئارلىقىدىكى شامال ئېغىزىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، ھازىرقى دەپ ئاتالغان. 18 ئادەم بار. تېرىلغۇيېرى 35 مو، بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق چىقىدۇ.

## تۇز ئېغىل

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 34.6 كىلومېتىر. شەرقىي ۋە غەربى گەنجىساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشۇدۇ. تۇز ئېغىل، ئۇيغۇرچە سۆز، ئېغىل تۇز يەرگە ياسالغانلىقتىن، تۇز ئېغىل دەپ نام بېرىلگەن. 10 ئادەم چارۋا باقىدۇ. يايلاغىنىڭ ئۇزۇنلىقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 كىلومېتىر كىلىدۇ. تۆل ئېلىنىدىغان يايلاغ، چارۋا سىغىمچانلىقى 2300 تۇياق. چىغ، ياپچان، يەر باغرى قاتارلىق ياۋايى ئوتلار، داۋغان، تۈلكە، توشقان، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

## قىزىل يول

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 43.3 كىلومېتىر، جەنۇبى كوئېنلۇن تىغىغا تۇتۇشىدۇ. قىزىل يول-ئۇيغۇرچە سۆز. يايلاغدىن تاققا چىقىدىغان بىر يول بولۇپ، تۇپىسى قىزىل بولغاچقا، قىزىل يول دەپ ئاتالغان. 16 ئادەم چارۋا باقىدۇ. يازلىق يايلاغ. ئۇزۇنلىقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 25 كىلومېتىر كىلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 3000 تۇياق. يەر باغرى، ياپچان، چىغ قاتارلىق ياۋايى ئوتلار، جەگرەن، تۈلكە، داۋغان ئۆلا، كەكلىك قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

## بۇگۇ

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 37.7 كىلومېتىر، شەرقى گەنجساي دەرياسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. قىشلىق يايلاغ، ئۇزۇنلىقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر كىلىدۇ. چارۋا سىغىمچانلىقى 2800 تۇياق. 14 ئادەم چارۋا باقىدۇ. يەر باغرى، چىغ، ياپچان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، جەگرەن، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. يەر نامىنىڭ تىل ئايرىمىسى، كىلىش تارىخى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

## سىرىقچان

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 16.6 كىلومېتىر. ئورنى نۇرى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا. بۇ يايلاغىنىڭ ئۈستىدىكى ئوتلار سىرىقچان كۆرۈنگەچكە، سىرىقچان دەپ ئاتالغان. سىرىقچان ئۇيغۇرچە سۆز، 14 ئادەم چارۋا باقىدۇ. ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى تۇياق. داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

## شىرقىر

چارۋىچىلىق نوقتىسى

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. تۇز لىنىيە ئارلىقى 22 كىلومېتىر. ئورنى دالۇڭ دەرياسى بىلەن لالۇڭ دەرياسىنىڭ ئارلىقىدىكى ئېگىز تاغدا، پەسىللىك يايلاغ، ئوتلاق چارۋا سىغىمچانلىقى تۇياق. داۋغان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۇيغۇرچە "بوي تاسما" دىگەن مەنىدە. بۇيايلاغ تار، ئۇزۇنچاق بولۇپ بوي تاسمىغا

ئوخشىغانلىقتىن، شىرقىر دەپ ئاتالغان.

**1 ـ چارۋىچىلىق فىرما دېخانچىلىق ئەترىتى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 3.4 كىلومېتىر. 1951 ـ يىلى فىرما قۇرۇلغان ۋاقىتتا دېخانچىلىق 2 ـ لىيەنى دەپ نام بېرىلگەن. 1964 ـ يىلى دېخانچىلىق ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. 261 ئادەمى بار. بۇنىڭ دىن ئۇيغۇرلار150 نەپەر، خەنزۇلار 111 نەپەر، خۇيزۇلار 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1700 مو، بۇغداي، قوناق، بېدە تېرىدۇ.

**1 ـ چارۋىچىلىق فىرما بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2 كىلومېتىر. شەرقى سايباغ دەرياسىغا يېقىن. 1951 ـ يىلى فىرما قۇرۇلغاندا، بىنا كارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ نام بېرىلگەن. 161 نەپەر ئادەمى بار. بۇنىڭدىن خەنزۇلار 101 نەپەر، ئۇيغۇرلار 56 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر.

**1 ـ چارۋىچىلىق فىرما نەسىللىك چارۋا پونكىتى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 7.2 كىلومېتىر. شەرقى سارلۇق دەرسىغا يېقىن، ئەسلىدە نەسىللىك قوي فىرمىسى بولۇپ، 1980 يىلى نەسىللىك چارۋا پونكىتى دەپ نام بېرىلگەن. 101 نەپەر ئادەمى بار. بۇنىڭدىن خەنزۇلار 66 نەپەر، ئۇيغۇرلار 35 نەپەر، تېرىلغۇيېرى 1800 مو، چوڭ ـ كىچىك چارۋىسى 355 تۇياق. يوڭ، بېدە، بۇغداي چىقىدۇ.

**1 ـ چارۋىچىلىق فىرما شىپاخانىسى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۈز لىنىيە ئارلىقى 2 كىلومېتىر. ئەسلى نامى شىپاخانا بولۇپ 1971 ـ يىلى ساقلىقنى ساقلاش ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1594 كوۋادىرات مېتىر، ئىشچى، خىزمەتچىسى 31 نەپەر، بۇنىڭدىن دوختۇر، سېستىرالار 13 نەپەر. كېسەل كارۋىتى 27 دانە، رېنتگېن ئاپپاراتى، شىنديەنتۇ بولۇپ، ئادەتتىكى كىچىك ئاپراتسىيەلەرنى قىلىدۇ.

**1 ـ چارۋىچىلىق فىرما ئوتتۇرا مەكتىپى**

فىرما تەشكىلى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1951 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان، 1975 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان. قارمىقىدا باشلانغۇچ سىنىپ بار. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 2 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3040 كوۋادىرات مېتىر. خەنزۇ مەكتەپ. 31 نەپەر خىزمەتچى، 274 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. قارمىقىدا قىرائەتخانا، تەجرىبىخانا بار.

**سارلۇك ئوق ئۆستەڭ**

فىرما تەشكىلىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئورنى سارلۇقتا بولغاچقا، سارلۇق ئوق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. 1980 ـ يىلى ياسالغان. رېزەكتىن باشلىنىپ، ئارا قومدا توختايدۇ. ئۇزۇنلىقى 3.5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 1.5 مېتىر، تاش تىزىلغان ئۆستەڭ. ئېقىم مىقدارى 0.5 كوپمېتىر/سېكۇنت. سۇغۇرۇلىدىغان كۆلەم 500 مو.

### 1 ـ چارۋىچىلىق فىرما تاشيولى

فىرما تەشكىللىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، باش توغ بازىرىدىن باشلىنىپ، يالغوز باغقا بارىدو توپا يول. ئوزۇنلىغى 6200 مېتىر، كەڭلىگى 6 ـ 7 مېتىر، ئاپتو موبىل سائىتىگە 20 ـ 30 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن يورەلەيدو.

# سۆرەتلەر



ناھىيەبازىرىدىكى كوچامەنزىرىسى



چۆكۆندى تۆزلەڭلىكتىكى ئېتىزلار (گۇلاخما ئاقئېلەك 1 ـ مەھەللە گۇرۇپپىسىنىڭ مول ھوسۇل ئېتىزى)



كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدىكى كەنتەمەنزىرىسى



ئارا ئىگىز تاغلىقتىكى قىشلىق ۋە ئەتىيازلىق يايلاق (يامۇن)



كوئىنلۇن تاغلىق رايۇندىكى تەبىئى يايلاق مەنزىرىسى (يامۇن)



جەڭگۋار ئۆستەڭ باش ئارىشى (بۇرانتاي)



كەلكۈن سۇيى جەڭگۋار ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغۇرۇش
رايونلىرىغا باشلاپ كىلىندى



بۆك باراقسانلىق ئۆستەڭ (دامكۇ ئۇق ئۆستەڭ)



بۇراننىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ،
قۇملۇقنى ئۆزگەرتىش



دەريا ئېقىنى ئۆزگەرتىلىپ، چاقا دەرياسىنىڭ سۈيى چىرا
دەرياسىغا باشلاندى (توتماق)



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى
ئورگىنىدىن بىركۆرۈنۈش



چەرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىن بىركۆرۈنۈش



چاغىلىقاي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى



ئىمامى جەپپىرتىھران مەسچىتى



ماخمال كوچىسدىن بىر كۆرۈنۈش



كوچىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى



دولقۇنلىنـۋاتقان بۇغـدايلار



جىلغىدىكى يايـلاق



چۆلنىڭ تەبئى قياپتى



كوئېنلون تاغلىق رايوننىڭ مەنزىرىسى



يامۇن تۇمۇر روداكمىنىڭ رودىلىرى سىرتقا تۇشۇلماقتا



كوئنلون تىغىنىڭ ئەجايىپ مەنزىرىسى



سۇ ئامبىرىدىن بىركـۆرۈنۈش



يىزىلاردىكى ئورمان بەلـۋىغى



چىرا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ



ناھىيىلىك كىنوخانا



تەنتەربىيە مەيدانى



كوئىنلون سودا سارىيى



يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى



ھاسا چوقتۇرۇش قورغان ‹قەدىمى قەلئە›

# يەرناملىرى توغـرىسىدىـكى خاتىرىلەر

# چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

چ خ (1985) 11 ـ نومۇرلۇق

# يەر نامىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىشلىتىش، يەرلەرگە نام بېرىش ۋە يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ھەرقايسى يېزا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا:

يەر نامىلىرى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، جەلقئارا مۇناسىۋەت، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دۆلەت مۇداپىيە قۇرۇلۇشى ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، سىياسەتچانلىقى، سىياسەتچانلىقى، ئىلمىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان خىزمەت. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭغا جىددى ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك. يەرنامىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىشلىتىش، يەرلەرگە نام بېرىش ۋە يەرنامىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1 ـ ھاكىمىيەت بىلەن كوپىراتىپنى ئايرىپ، يېزىلىق، بازارلىق ھاكىمىيەت قۇرۇش داۋامىدا ھەرقايسى يېزا، بازارلار مەلۇم قىلغان كەنت كومىتېتلىرىنىڭ مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكومىتى (1984) 51 ـ نومۇرلۇق "چىرا ناھىيىسىدىكى بىر بازار، 7 يېزىدا ۋاقتىنچە 120 كەنت كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش"نى ھەر قايسى يېزا، بازار ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا تارقاتقان. شۇڭا ھەرقايسى يېزا، بازارلار ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ شۇ بويىچە تەشۋىق قىلىشنى ۋە ئىشلىتىشنى سورايمىز.

2 ـ ھەرقايسى يېزا، بازارلار ئەگەر ئەمەلى ئەھۋالغا ئاساسەن، كەنت كومىتېتنى كۆپەيتىشكە ياكى يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك. ئۆزى خالىغانچە كۆپەيتىشكە، نام بېرىشكە ۋە نامىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

3 ـ يەر نامىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر نامىلىرىنىڭ قالايمىقان بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گوۋيۈەن نىڭ يەرلەرگە نام بېرىش، يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ "گوۋيۈەننىڭ يەرلەرگە نام بېرىش، يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى" ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش كېرەك.

1 ـ تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولغان يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك:

1) دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتلىرىمىزنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان.

2) مىللىي كەمسىتىش خارەكتېرىنى ئالغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان.

3) ئەمگەكچى خەلقنى ھاقارەتلەش ياكى ئىنتايىن چاكىنا خارەكتېرىنى ئالغان.

4) دۆلەتنىڭ پاكىجىن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولغان باشقا يەر نامىلىرى.

2 ـ يەرلەرگە نام بېرىش، يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىشتە، گوۋيۈەننىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىرتەرەپ قىلىش كېرەك ھەمدە بەلگىلىمىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىۋى بويىچە دەرىجىمۇ ـ دەرىجە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىش كېرەك.

3 ـ يېزا (يېزىغا تەڭ دەرىجىلىك) ئورۇنلارغا نام بېرىش، نامىنى ئۆزگەرتىشنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كونكرېتنى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم ئوبلاست (شەھەر)لىك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (ئاپتونوم رايونلۇق يەرنامىلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى گەكۈچۈر مىسى مەلۇم قىلىنىدۇ)گە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ.

4 ـ كەنت كومىتېتى (مۇشۇنىڭغا تەڭ دەرىجىلىك شەھەردىكى كوچا) لىرىگە نام بېرىش ۋە نامىنى ئۆزگەرتىشنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى كونكرېتنى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم ئوبلاست (شەھەر)لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ.

5 ـ مەھەللە گۇرۇپپىلىرىگە نام بېرىش ۋە نامىنى ئۆزگەرتىشنى، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى كونكرېتنى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ.

6 ـ ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۇقارقى يەرنامىلىرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندا، نام بېرىش، نامىنى ئۆزگەرتىشتىكى سەۋەپلەر، جۇملىدىن كېرەكسىز قىلىنىدىغان كونا نامى ۋە يېڭىدىن قوللىنىدىغان نامنىڭ مەنىسى، كېلىش مەنبەسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى جەدۋەلنى 3 نۇسقا توشقۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يەرنامىلىرى كومىتېتى ئىشخانىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. يەر نامىلىرى كومىتېتى يەر نامىنىڭ خەتلىرىنى بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن تەستىق جاۋاپ چۈشۈرىدۇ.

يۇقارقى ئوقتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

## چىرا ناھىيلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1985 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

كۆچۈرمىسى بىرىلدى: ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە.

ناھىيىلىك پارتىكومغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىغا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە، ھەرقايسى تارماقلارغا، يەر ناملىرى ئىشخانىسىغا، ئارخىپقا.

# چىرا ناھىيە يەرناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت خۇلاسىسى

چىرا ناھىيىسىنىڭ يەرناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك يەرناملىرى ئىشخانىسىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە گۇڭشىلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئاستىدا، يەرناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈشى ئارقىسىدا، يەرناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى مەيدانغا كەلدى.

پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى يەرناملىرى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 709 يەرنامى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كافىيەن توشقۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە نامى، 1، بازار 1، ئاھالىلار كومىتېتى 3، كوچا 10، گۇڭشى 6، دادۈي 93، گۇڭشى باشقۇرغان مەيدانلار 10، ناھىيە باشقۇرغان مەيدان (فىرما) 1، بىڭتۇەن مەيدان تەشكىلى 1، بىڭتۇەننىڭ لىيەندۈيلىرى 7، كەسپىي تارماقلار ناملىرى 39، تەبىئىي بازار، كەنتە، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق نوقتىلىرى، بۇزۇلغان كەنتلەر 350، ئاسارە-ئەتىقە 7، سۈنئىي قۇرۇلۇشلار 43، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك جىسىملار 137. 709 يەرنامى ئىچىدە ئەسلىدە خەرىتىگە ئېلىنغىنى 323، تەكشۈرۈپ ئۇدۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق نامى يوقالغىنى 9، ئاھاڭى ۋە خېتى خاتا بولغىنى 251، يېڭىدىن نام بېرىلگىنى 10، نامى ئۆزگەرتىلگىنى 2. پىلانلانغان ئومۇمىي ئەھۋالى ماتېرىيالى، مەمۇرىي رايونلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ماتېرىيالى 33 نۇسخا، ئەمەلىي يېزىلغىنى 30 نۇسخا، يەرناملىرى بەلگۈسى قويۇلغان ماسشتابى 1:100،000 يەر شەكلى خەرىتىسى 32 پارچە، سىزىلغان چىرا بازىرىنىڭ 1:5000 خەرىتىسى 1 پارچە، 6 گۇڭشىنىڭ خەرىتىسى 6 پارچە. "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەرناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش (تولۇقلاپ تەكشۈرۈش) تەپسىلىي قائىدىسى" (تۆۋەندە قىسقارتىپ تەپسىلىي قائىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ) دىكى بەلگۈلىمىلەرگە ئاساسەن، يەر ناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، يەرناملىرىنىڭ ئاھاڭى ۋە خېتىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش، توغرىلاش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى توغرا بولماسلىق، ئىشلەتكەن خېتى مۇۋاپىق بولماسلىق، بىر يەرنىڭ كۆپ خىل نامى بولۇش، بىرخىل يەرنامىنى كۆپ خىل يېزىشتەك قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى.

ناھىيىمىزنىڭ يەر ناملىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 1983-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 1984-يىلى 7-ئايدا ئاساسەن ئاياغلاشتى، خىلمۇ-خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،

بۇ خىزمەت ئارلىقتا 4 ئاي توختاپ قالغانلىقتىن، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقتىمىز 11 ئاي بولدى.

يەرنامىلىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 4 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچ تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ 6 كۈن ۋاقىت سەرىپ قىلىندى. ئىككىنچى باسقۇچتا، يەرنامىلىرى ئىشخانىسىنى قۇرۇش، خادىملارنى ئاجرىتىش، كادىرلارنى تەربىيەلەش، نوقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى باشلاشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە 13 كۈن سەرىپ قىلىندى. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئىككى يېرىم ئاي ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، سىرىتتا ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ماتېرىياللار توپلاندى. 4-باسقۇچتا، ماتېرىياللارنى دەللەش، رەتلەش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا 8 ئاي ۋاقىت سەرىپ قىلىندى. قىسقىغىنە 11 ئاي ۋاقىت ئىچىدە يەرنامىلىرىنى ئۇمۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق.

## 1-تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ياخشى ئىشلەش-يەر نامىلىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى

يەر نامىلىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بىر تۈرلۈك تېخنىكىۋىلىقى ۋە سىياسەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك خىزمەت. شۇڭا بىز يەر نامىلىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. بىرىنچىدىن، ئاپپارات تەسىس قىلىپ، يەرنامىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم ئىشخانا مۇدىرلىقىنى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە كەمبىخىل دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ 1 نەپەر جۇشسى ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مودىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەتلەردىن 13 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، سىرىتتا تەكشۈرۈش قوشۇنى تەشكىل قىلىندى. ئىچكى قىسىمدا ماتېرىيال رەتلەش خىزمىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، 6 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ ئىچكى قىسىمدا ماتېرىيال رەتلەش خىزمەت بەنزىسى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدىن كافىيەن، يېزىق ماتېرىيال-لىرىنى رەتلەشكە 2 كىشى، خەرىتە سىزىشقا 2 كىشى، تەرجىمە ئىشلىرىغا 2 كىشى ئاجىرىتىلدى، بۇ 6 كىشى تەخمىنەن ئىش تەقسىم قىلىشىۋالدى. ھەم ئىش تەقسىم قىلىشىۋالدى، ھەم ھەمكار-لىششىنى يولغا قويدى. ئىككىنچىدىن، يەرنامىلىرىنى ئۇمۇمىيۈلۈك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خادىملار تەپسىلىي قائىدە، ھوججەت، بەلگۈلىمىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دائىرىسى، ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان تەلەپ، دەسلەپكى كافىيەننى تولدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. تونۇش ئۆستۈرۈلدى. يۈزلۈتسىيە توغرىلاندى. تەپسىلىي قائىدىدىكى تەلەپلەر ئىگەللەپ ئېلىندى. ئۈچىنچىدىن، نوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى تۇتۇلدى. بىز ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگۈچى خادىملارنى چىرا گوڭشى 1-2-3-4-5-دادۈيگە يىغىپ نوقتىدا سىناق قىلدۇق. پىشقەدەم كادىرلار پىشقەدەم دېخانلار، پىشقەدەم

زىيالىلاردىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىركىشى تەپسىلى قائىدىدىكى تەلەپ-لەر بويىچە كافىيەن توشقۇزۇش، خەرىتە تۈنۈش، بايان ماتېرىياللىرىنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى. نەتىجە سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپلەرنى ئىگىللىۋالدى. توتىنچىدىن، باشقا تەييارلىق خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى. راسخوت، ئىشخانا ئەمەللەشتۈرۈلدى. ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار ۋە خەرىتە سىزىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇراللار ستىۋىلىندى. تەكشۈرۈش تەپسىلى قائىدىسى ۋە يەر نامىلىرى كافىيەنى، جەدىۋەل باستۇرۇلدى. خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن يەر نامىلىرى كۆچۈرۈلدى.

## 2-جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى جارى قىلىندۇرۇلۇپ، سىرتقى تەكشۈرۈش ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى

سىرتقى تەكشۈرۈش خادىملىرى ئاز، ۋەزىپە ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەمەلى ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، يۇقۇتۇش جەڭگى قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. كۆچىنى مەركەزلەش-تۈرۈپ بىر گۇرۇپپىنى تەكشۈرۈپ تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر گۇرۇپپىنى تەكشۈرۈشنى ئېلىپ باردۇق. ناھىيە بازىرىنى تەكشۈرۈشنى ئەڭ ئاخىرىسىدا ئىشلىدۇق. 13 نەپەر تەكشۈرگۈچى خادىم بىرگۇرۇپپىغا بارغاندا ئالدى بىلەن گۇرۇپپا رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكى-رىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلى قائىدىنى ئۆگىنىپ، ئالدىنقى گۇرۇپپىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدىكى تەجرىبە ساۋاق-لارنى قىسقىچە يەكۈنلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. سىرتقى تەكشۈرۈش داۋامىدا، ۋەزىپىنى، خادىمنى، ۋاقىتنى بېكىتىش، نەتىجە سۈپىتىنى ھوددىگە بېرىشتىن ئىبارەت "3 نى بېكىتىش 1 نى ھوددىگە بېرىش" مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەممە سىرتقى تەكشۈرۈشكە چىققان كاماندىرۇپكا راسخودىمۇ ئادەمگە قەدەر ھوددىگە بېرىلدى. مۇددەتتىن بۇرۇن تۈگەتسە تۇتۇپ قېلىنمىدى، ۋاقىتنى ئاشۇرۇۋەتسە تولۇقلاپ بېرىلمىدى. شۇ ئارقىلىق سىرتقى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىر قەدەر جاپالىق بولۇپ، قاتناش قۇراللىرى كەمچىل بولغان-لىقتىن، سىرتقى تەكشۈرگۈچى خادىملار كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا ئېشەككە مىنىپ ۋە پىيادە يۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كەچتە يەنە ماتېرىيال رەتلەش، كافىيەن توشقۇزۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. سىرتقى تەكشۈرۈش داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىنى ئىشقا ئاشۇردۇق:

1-خەرىتىگە ئېلىنغان يەر نامىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرنامىلىرى توپلىمىدىكى يەر نامىلىرى-نىڭ بىرسىمۇ كام قالمىدى. بىرسىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇلمىدى. مۇھىم بولمىغانلىرىمۇ تەكشۈرۈلدى. چۈنكى يەر نامىلىرى كىشى بىشىغا ئەمىلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، يەر نامىلىرى توپلىمىدا بولمى-سىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغاچقا، يەنىلا ئەستايىدىل تەكشۈرۈلدى. ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ، كافىيەن توشقۇزغاندا، بىر-بىرلەپ ئەمەللەشتۈرۈلۈپ، ئۇدۇللاشتۇرۇلدى. چۈشۈپ قالغانلىرى بولسا، يەنە قايتا بېرىپ تەكشۈرۈپ تولۇقلاندى.

2 ـ سىرتتقى تەكشۈرۈش داۋامىدا ھەر بىر يەرنىڭ نامىنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى، پەيدا بولۇش تارىخى، مەنىسى، ۋە ئۆزگۈرۈشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر چۆكۈپ، نەخ مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ئائىلىسىگە بېرىپ زىيارەت قىلىش، سوھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللۇنۇلدى. ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ گۇمانلىق جايلىرى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ دەلىللەندى.

3 ـ تەپسىلى قائىدىدە قانداق بەلگىلەنگەن بولسا، نېمە تەلەپ قىلىنغان بولسا شۇ بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، تەپسىلى قائىدىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

4 ـ سىرتتقى تەكشۈرگۈچى خادىملارغا نىسبەتەن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تۈزۈمى بېكىتىلىپ، ئۇمۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈدىغان يەر ناملىرىدىن چۈشۈپ قالغىنىنىڭ بار يوقلىغى، كافىيەندىكى گىراپىكلارنىڭ توغرا توشقۇزۇلغان ـ توشقۇزۇلمىغانلىغى تەكشۈرۈلۈپ، تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلىرى قايتىدىن تولۇقلاپ تەكشۈرۈلۈپ، كافىيەن توشقۇزۇلدى.

## 3 ـ سۈپەت بىرىنچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا ماتېرىيال رەتلەش ياخشى ئىشلەندى

يەر ناملىرى ماتېرىياللىرىنى رەتلەش بىر تۈرلۈك جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت بولۇپ، يەرناملىرى نەتىجىسىنىڭ مۇھىم باسقۇچى. بىز پارتىيىگە، خەلققە، تارىخقا، جۇغراپىيىگە مەسئۇل بولۇش روھىمىز بىلەن، سۈپەت بىرىنچى بولۇشتا چىڭ تۇردۇق. ماتېرىياللارنىڭ تەكشۈرۈشنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆ تەلەيدىغان بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيە بىلەن ئىچكى قىسىمدا ماتېرىيال رەتلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. يەرناملىرى كافىيەنى پۈتكۈل يەر ناملىرى ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسى، يەر ناملىرى ماتېرىياللىرىدىكى مەركىزى خىزمەت بولۇپ، ــ سىرتتقى تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ كۆپ قىسمى مىللى يولداشلار، ھەممە كافىيەنىنىڭ 70% دىن كۆپرەكى ئۇيغۇرچە بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئاندىن كېيىن يەر ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىۋى بويىچە بىر ــ بىرلەپ ئاھاڭى ۋە خېتىنى توغرىلاپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق. كافىيەنىنىڭ ھەربىر گىراپىسىنى تەپسىلى قائىدىنىڭ تەلىۋى بويىچە تۈزۈتۈپ، يېزىق جەھەتتىن رەتلىدۇق. گىراپىدىكى تولۇق بولمىغان ۋە گۇمانلىق بولغان مەسىللەرنى، ناھىيىدە ئېچىلغان ھەرخىل يىغىن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، قايتا ـ قايتا، كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەزمۇنىنى تولۇقلىدۇق. پۈتۈن يەر ناملىرى كافىيەنىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سۈپىتىنى ئۇستۇرۇشكە تىرىشتۇق. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 20 نەچچە قېتىم ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ھەربىر يەرنامىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، كۆلىمى، ناھىيە بىلەن بولغان تۈزلىنىيە ئارلىقىنى ئىنچىكە ئۆلچەپ بېكىتتۇق. ھەربىر سانىنى قايتا قايتا، ئۇدۇللاشتۇرۇپ. يېزىقچە بايانلارنى كۆپ قېتىم تۈزەتتۇق. خەرىتە، كافىيەن، جەدۋەل، يېزىق ماتېرىيال مەزمۇنلىرىنىڭ بىردەك

بۇلۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردۇق.

كونكرېتنى خىزمەت ئەھۋالىمىز مۇنداق:

(1) يەر نامىلىرى كافىيەنى، بۇنىڭ ئاساسلىق 7 مەزمۇنى بۇلۇپ، رەت نومېرى، كافىيەن تۇشقۇزغۇچى، تەكشۈرگۈچى دىگەن گىراپىلارنى قوشقاندا 11 گەيىتىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى قائىدىنىڭ تەلىۋى بۇيىچە دەسلەپقى قەدەمدە تۇرگە ئايرىپ، نۇمۇر سىلىپ، خەرىتە سىزغۇچى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، جۇغراپىيەلىك ئورنىنى بىكىتتۇق. بىرەر يەر نامىدائۆز گۇرۇش بولسا دەرھال خەرىتە سىزغۇچى يولداشلارغا ئۇقتۇرۇپ، خەرىتە بىلەن كاۋفىيەنىنىڭ بىردەك بۇلۇشقا ھەقىقى تۇردە كاپالەتلىك قىلدۇق. يەر نامىلىرىنى ئۆلچەملەشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدۇق. ئاھاڭى ۋە خېتىنى توغرىلاش، ئۇيغۇرچە كونا-يېڭى يېزىغى، خەنزۇچە فىنيىن ھەرپىلىرىنىڭ توغرا بولغان بولمىغانلىغىنى تەكشۇرۇپ بىكىتتۇق.

خەرىتىدىكى يەرنامىلىرى ئورنى، تۇزلىنىيە ئارلىغىنى كۆپ قىتىم ئۇدۇللاشتۇرۇپ، خەرىتە بىلەن كافىيەنىنىڭ بىردەك بۇلۇشىنى ساقلاپ قالدۇق. كافىيەنگە توشقۇزۇلغان ئومۇمى ئەھۋال توغرىسىدىكى مەزمۇنى بىلەن، خەرىتىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىگىزلىك سىزىغى، دەريانىڭ ئۇزۇنلىغى، جىلغىنىڭ ئۇزۇنلىغى،باشلىنىشى ۋە ئاياغلىشىش نوقتىسى، كۆلنىڭ كۆلىمى، كەنت لەرنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ خەرىتىدە كورسۇتۇلگىنى بىلەن بىردەك بولغان بولمىغانلىغىنى، خەرىتىدىن ئۆلچىدۇق. ھەممىدە كافىيەنىگە تۇزۇتۇش كىرگۇزدۇق. شۇ ئارقىلىق خەرىتە بىلەن كافىيەنى بىرلىككە كەلتۇردۇق. تەكشۇرۇپ كەلگەن سان سىپىرلار ۋە يەرشەكلى توغرىسىدىكى بايانلار ئىغىز-ئارقىلىق تەمىنلىگەن ماتىرىياللار بولغانلىقتىن، خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ھەتتا ئەكسىچە بۇلۇپ قالاتتى. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى خەرىتىدىن ئۇدۇللاش ئارقىلىق ھەل قىلدۇق. سۇپىتىمۇ بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولدى. لىكىن ۋاقىت ۋە كۈچنى كۆپرەك تەلەپ قىلدى. بىز ھەر بىر ۋاراق كافىيەنىنى مۇشۇ ئۇسۇل بۇيىچە ئىشلەپ، يەر شەكلى ۋە سان سىپىرلار جەھەتتىكى خاتالىقلاردىن ئاساسەن ساقلاندۇق. دەريا، جىلغىلارنىڭ ئۇزۇنلىغى، كۆلىمى، باشلىنىدىغان جايى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدە ئورنى خەرىتە بىلەن بىردەك بولدى.

يەر نامىلىرى كافىيەنى، يېزىقچە ماتىرىياللاردا ئىشلىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى پىلان كومىتېتى، سودا ئىدارىسى، نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۇرۇش، مەدىنى-مائارىپ، سانائەت قاتناش، يېزا ئىگىلىگىنى رايونلارغا ئايرىش تارماقلىرى تەمىنلەپ بەردى.

يېزىقچە ئومۇمى ئەھۋالى ماتىرىياللىرى (1) تەپسىلى قائىدىدىكى ئومۇمى ئەھۋال ماتىرىياللارنى يېزىش تىزىسىدىكى تەلەپ بۇيىچە ماتىرىياللار توپلاندى. (2) يېزىقچە ئومۇمى ئەھۋال ماتىرىيالى بىلەن كافىيەنگە توشقۇزۇلغان ئومۇمى ئەھۋالى بىردەك بولىدى. ئەگەردە ئىككىسى بىردەك بولمىغاندا، ئۇنى ئەستايىدىل تۇزەتتۇق. بىرەرسان-بىرەر ئەھۋالنى نۇرغۇن تارماقلار ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇدۇللاشتۇرۇردۇق. (3) يەرنامىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، مەناسى ۋە ئۆزگۇرۇشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارچە ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆر سۇتۇپ

قىدىمقى كىتاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى دىن ئىزدەپ تاپتۇق. ئەگەردە يەنە گۇمانلىق جايلىرى بولسا يەنە ئاما ئارىسىغا بىرىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، راستىنى ساقلاپ قالدۇق.

4) كۆپ خىل مەنا بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن يەر ناملىرىدىن توغرا ئاساسى بولمىغانلىرىنى، ئومۇمى بايان ماتېرىيالدا، كۆپ خىل مەناھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قالدۇق. بۇنى بۇنىڭدىن كىيىن ئىشەنچىلىك ئاساس تېپىلغاندا ئاندىن مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى. (5) تارىخى ئاساسنى تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىزاھات گىراپىسىغا، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى 2 دىن ئارتۇق كىشىنى، ۋە ئۇنىڭ يىشى، سالاھىيتى، ئادرىسىنى ئەسكەرتتۇق.

3 ـ خەرىتىلەرنى سىزىش

1) كافىيەنگە ئاساسەن، يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، قىلىپلاشتۇرۇپ، تەپسىلى قائىدىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، جۇغراپىيەلىك ئورنىنى مۇقىمداپ، يەرناملىرى خەرىتىسىگە ئالدۇق.

2) ئايرىم ساندىكى جۇغراپىيەلىك ئورنىنى مۇقىمدىيالمىغان يەرناملىرىنى، تەكلىپ قىلىپ ئەك-لىش، ئادەم ئىبەرتىش چارىسىنى قوللاندۇق. ياكى نەخ مەيدانىغا بىرىپ ئۆلچەپ بىكىتتۇق. تاشيول ئوق ئۆستەڭلەرنى كىلومېتىر ئاپىر بىكىتىلگەن ئاپتوموبىل ئارقىلىق تاشيول، ئۆستەڭلەرنى بويلاپ يۈرۈپ، جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ۋە ئۇزۇنلىقىنى ئۆلچەپ، خەرىتىگە ئالدۇق. ناھىيە بازىرىنىڭ يەرناملىرى خەرىتىسى ئەملى ئۆلچەپ سىزىلدى.

3) خەرىتىگە ئىلىش ۋە خەرىتە سىزىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى. يۇقىرىغا يوللاش بەلگۈلەنگەن خەرىتىلەر ۋە يەر ناملىرى تەزكىرىسى تۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان خەرىتىلەرنى سىزىش ۋە خەرى-تىگە ئىلىش ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ ئىلىپ بىرىلىپ، خىزمەتلەرنىڭ دەسلەۋدە بوش، ئاخىرىسىدا جىددىلىشىپ قىلىشتىن ساقلىنىپ، بىرنى دەپ بىرسى تاشلاپ قويۇلمىدى. شۇئارقىلىق يەرناملىرى تەزكىرىسىنى تۈزەش خىزمىتى ئۈچۈن ئاساس سىلىندى.

4) بىز ئادەم تەكلىپ قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ جۇغراپىيە، تارىخ ئىقتىسادى قۇرۇلۇشى، مەدە-نىيەت، سانائەت، قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىگى ۋە مەنزىرىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر قىسىم سۈرەتلەرنى تارتتۇق. بىزنىڭ پىلانىمىزچە ئەڭ ئاز دىگەندە 50 پارچە رەڭلىك سۈرەت تارتماقچى.

## 4 ـ بىرنەچچە تۈرلۈك تەسىراتىمىز ۋە بۇندىن كىيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى پىكرىمىز.

1 ـ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، يەر ناملىرى ئىشخانىسىدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، دائىم سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشى، دوكلات ئاڭلىشى، خىزمەت لەرگە يىتەكچىلىك

